1990:2

# BULAK

# بۇلاق





# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

پەسىللىك ژۇرنىلى

## 11-يىل نەشرى

## ئومۇمىي 31-سان

1990

باش مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، يالقۇن ئىسمائىل

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرىشىت ئىسلام، ئابدۇسالام ئاببا، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، تېيىپجان ئېلىيوپ، رەھمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان باراتى، مەتتىمىن يۈسۈپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇلاق

## 1990 - يىل 2 - سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«قىسسە سۇل - غەرايىب» تىن ........مۇھەممەتنىياز بىننى ئابدۇغۇپۇر (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرىدە ئىمىن

خۇبرۇكىن (مۇخەممەس) ........................ غەيرەتى (32)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا

لۇتفى غەزەللىرىدىن........................ (36)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى شېئىرىي ئەسەر — «ئامىتايۇر دىيانا سۇترا» ...(62)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسراپىل يۈسۈپ

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

نەسىمىي غەزەللىرىدىن........................(89)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى «بايات» دېگەن نام ھەققىدە مۇلاھىزە........(105)
........................قۇربان ۋەلى كرورانى

## مەشھۇر كلاسسىكلار


شائىر غەيرەتى ............................................ (110)


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


دىلئارام - ھەمراجان (داستان)........................................ (112)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەمتىلى سايىت

ئىككى خوجازادە (چۆچەك)............................................ (134)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ياسىن زىلال

رىۋايەتلەر ........................................................ (143)

پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ھېبىبۇللا ئېلى

مۇھەببەت قوشاقلىرى.................................................. (146)


*                    *


چاغاتايچە لۇغەت «خ»................................................ (152)

تۈزگۈچىلەر: غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىرى

بىبلىئوگرافىيە .................................................... (187)

تۈزگۈچى: رازىيە ئىمىن



رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ

خەتتات: نىيازكېرىم شەرقى

ئىچكى ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: لىۋ پېيچىڭ.


مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: ئۆمەر ھەييامنىڭ 1976 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «رۇبائىيلار» ناملىق كىتابچىسىغا ئىشلەنگەن قىستۇرما سۈرەت.

2 - بېتىدە: شائىر نىزامىي. «نىزامى شېئىرىيىتىدىن» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى.

3 - بېتىدە: «باياز» ناملىق قول يازمىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەتلەر.

4 - بېتىدە: ئەلىشىر نەۋائى. «ھەيرەتۇل - ئەبراردىن» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى.

# «قىسسەسۇل غەرايىب»دىن

مۇھەممەت نىياز بىننى ئابدۇغوپۇر

نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرىدە ئىمىن

## يار جامالى

بىر كۈنى مەجنۇن تولۇپ تاشقان ئاشىقلىق سەۋدايىلىقى بىلەن لەيلىنىڭ كوچىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ، قەلبىدە ئىشق ئوتى يالقۇنلىغان مەستانە ھالەتتە بولۇپ، ئۇچرىغانلىكى تام - توسۇققا سۆيۈپ، كۆزلىرىدىن قانلىق ياشلارنى تۆكەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن:

— ئەي مەجنۇن، تام - توسۇققا سۆيگەن بىلەن ھېچ ئىش ھاسىل بولمايدۇ. تاش تاملاردا مەشۇقۇڭ جامالىنىڭ ئەكسى كۆرۈنمەيدىغان تۇرسا، ئۇنى سۆيۈشۈڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراشتى.

مەجنۇن قەسەمياد قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن سەممىمي نىيەت بىلەن لەيلىنىڭ كوچىسىغا قەدەم قويىدۇم. شۇڭا لەيلىنىڭ جامالىدىن باشقا نەرسە كۆز ئالدىمغا كەلمەيدۇ. نەزمە:

كويىدا گەركۆرمىسەممۇ ئۇنى مەن،
يار يۈزى دەپ تامنى كۆزگە سۈرىمەن.
بولمىسا گەر لەيلىنى سۆيمەك نېسىپ،
تۇپرىقىنى سۆيىمەن لەيلى بىلىپ.
لەيلىدۇر لەيلى كويىدا ھەممىسى،
ئاندا چۈشمەس كۆزگە ئۇندىن ئۆزگىسى.
بولسىمۇ يۈزلەرچە كۆز مەندە ئەگەر،
ھەر كۆزۈم يولىدا يۈزلەپ تەلمۈرەر.
ھەر قاچان باقسا ماڭا ئۇ بىر قىيا،
پادىشاھ بولغانغا تەڭدۇرمەن گادا.

## مۇھەببەت دېگەن...

شەيخ مەنسۇر ھەللاجىنىڭ زىندانىدا مەھبۇس چاغلىرى ئىدى. شەيخ شىبلى شەيخ مەنسۇردىن سورىدى:

— مۇھەببەت دېگەن زادى قانداق نەرسە؟

— بۇ سوئالنى ھازىر سورىما، — دېدى شەيخ مەنسۇر ھەللاجى، — ۋاقتى كەلگەندە مېنى دارغا ئاسىدۇ، شۇ چاغدا بۇ سوئالىڭغا جاۋاب بېرىمەن.

شەيخ مەنسۇرنى دارغا ئاسقان ۋاقىتتا شەيخ شىبلى ئۆتكەنكى سوئالىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. شەيخ مەنسۇر ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— ئەي شىبلى، مۇھەببەتنىڭ ئەۋۋىلى كۆيمەك، ئاخىرى ئۆلمەكتۇر. رۇبائىي:

ئاشىقلاردا بولمىغاي ھېچ ئەغيارددىن ئەندىشە،
دائىم بولغاي دىلىدا بىر دىلداردىن ئەندىشە.
دەرددىن جىسمى قۇرۇق چۆپ، ئۇندا كۆيەر
ئىشق ئوتى،
لېكىن قىلماس ئۆرتەنمەك بىلەن داردىن
ئەندىشە.

## كۇندەشلەرنىڭ ھىيلىسى

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر ئادەمنىڭ
ئىككى خوتۇنى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر-
سى قېرى، بىرسى ياش ئىكەن. ئۇ ئادەم-
نىڭ بولسا ساقىلى ماش گۈرۈچ يەنى،
ئاق قارا ساقال ئىكەن، كۈنلەردىن بىر كۈنى
ئۇ چوڭ خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرىپ بىر ئاز
ئولتۇرغاندىن كېيىن كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.
بۇ چاغدا خوتۇنى ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ
يۈز ۋە ساقاللىرىغا نەزەر سايتۇ. ئاندىن
ئۆز كۆڭلىدە: «بۇنىڭ قارا ساقاللىرىنى
تاللاپ يۇلۇۋەتسەم، پۈتۈنلەي ئاق ساقال-
لىرى قالسا، ياش خوتۇنىنىڭ بۇنىڭدىن
كۆڭلى سوۋۇيدۇ. ئېرىم ئۇنىڭ مۇئامىلىسى-
گە قاراپ ئېيىقىپ ياش خوتۇنغا بولغان
مۇھەببىتى سۇسلىشىدۇ-دە، پۈتۈنلەي
مەن بىلەن بىرگە بولىدۇ» دېگەن خىيال-
لارنى قىپتۇ. ئۇ ئېرىنىڭ قارا ساقاللىرى-
نى بىرىنمۇ قالدۇرماي يۇلۇپ تاشلاپتۇ.
يەنە بىر كۈنى بۇ ئادەم ياش
خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرىپ قونۇپتۇ. بۇ
خوتۇنمۇ كۆڭلىدە «بۇنىڭ ئاق ساقاللىرىنى
يۇلۇۋەتەي. ئۇ چاغدا بۇ قارا ساقاللىرى بىلەن
قېرى خوتۇنىنى خوتۇن قىلىشتىن نەپرەتلى-
نىدۇ-دە، ماڭا ئامراق بولىدۇ» دەپ ئويلاپ،
ئېرىنىڭ ئاق ساقاللىرىنى پاك-پاكىز يۇلۇ-
ۋېتىپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ كى-
شى ساقىلىنى سىلىغان ئىكەن، قولىغا
ھېچنەرسە ئۇرۇنماپتۇ. بىرتالمۇ ساقىلى
قالماپتۇ. ئۇ خېلى پەرياد قىلغان بولسى-
مۇ ھېچ پايدىسى بولماپتۇ. نەزمە:

قىسما-قىسما ئۆتكۈسىدۇر كۈنىمىز،
باقمىغاي ھېچ بىرسىگە بۇ ئۆمرىمىز.

## پاراسەتلىك يىگىت

شەيخ ئەبۇ ئەلى سىنا ئىسپاھان
شەھرىدە تۇرۇۋاتقان چاغلار ئىدى. ئىس-
پاھاننىڭ ھاكىمى ئەلائۇددەۋلە ئەبۇ جەئفەر
كاكودىلمى شەيخ ئىبنى سىناغا ئىززەت-
ئىكراملار بىلەن يېقىنچىلىق قىلاتتى.
بىر كۈنى ھاكىم شەيخقە بىر دانە
ئالتۇن كەمەرنى پىچاق، غىلاپ قاتارلىق
بارلىق ئەسۋابلىرى بىلەن قوشۇپ ئىنئام
قىلدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئەلا
ئۇددەۋلە ھېلىقى كەمەرنى ئۆزىنىڭ قارا-
ۋۇللىرىدىن بىرىنىڭ بېلىدە كۆرۈپ قالدى
ۋە بۇ كەمەرنى قەيەردىن ئالغانلىقىنى
سورىدى. قاراۋۇل:
شەيخ ئەبۇ ئەلى بەردى، — دەپ
جاۋاب بەردى.
شەيخنىڭ بۇ قىلغان ئىشى ئەلائۇد-
دەۋلەگە تولىمۇ ئېغىر كەلدى. شۇڭا
قاراۋۇلنىڭ قاتتىق ئەدىبىنى بەردى.
شەيخنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ئەلائۇد-
دەۋلەنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى شەيخنى
بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويدى.
شەيخ دەرھال سوپى سىياقىدا
كىيىنىپ، رەي تەرەپكە قاراپ يولغا چىق-
تى. ئۇ رەي مەملىكىتىگە يېتىپ بارغاندىن
كېيىن، ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى
سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا چىقتى. ئۇ

بازاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ، چىرايلىق بىر ياش يىگىتنىڭ ئەتراپىغا ئورغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ يىغىلىشىۋالغانلىقىنى كۆردى. شەيخمۇ دەرھال ئۇ يەرگە يېقىن باردى. ھېلىقى يىگىت توپلانغان كىشىلەرنىڭ كىيىملىرىگە دورا بۈيرۈۋاتاتتى.

شۇ ئارىدا قولىدا ئەينەك قاچا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايال كېلىپ قاچىنى يىگىتنىڭ ئالدىدا قويدى. يىگىت ئۇنىڭدىن:

بۇ قاچا جوھۇتنىڭكىدەك قىلىدۇ، — دېدى. ئايال:

— ھەئە شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى. يىگىت يەنە:

— بۇ قاچىنىڭ ئىگىسى بۈگۈن قېتىق ئىچىپتۇ، — دېدى. ئايال:

— راست، — دېدى.

— سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار شەھەرنىڭ ئىچىدىكى بىر ئويمانراق يەردە ئوخشايدۇ، — دېدى يىگىت. ئايال:

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى.

شەيخ بۇ ئىشلارغا ھەيران بولۇپ تۇراتتى. يىگىتنىڭ نەزەرى شەيخقە چۈشتى ۋە:

— سىز شەيخ ئەبۇ ئەلى — دېدى ئۇ، — ئەلا ئۇددەۋلەدىن قېچىپ كەلدىڭىزغۇ دەيمەن؟

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شەيخ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.

يىگىت ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن شەيخنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى ۋە شەيخنى ئۆيىگە ئاپىرىپ مېھمان قىلىپ ئىززەتلىدى. سۆزلىشىپ ئولتۇرغاچ شەيخ يىگىتتىن سورىدى:

— ھېلىقى ئايال ئەينەك قاچا كۆتۈرۈپ ئالدىڭىزغا كەلگەندە ئۇ قاچىنىڭ جوھۇتنىڭ قاچىسى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭىز؟ جوھۇتنىڭ قېتىق ئىچكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ شەھەرنىڭ ئىچىدىكى پەس جايغا جايلاشقانلىقىنى قانداق بىلىۋالدىڭىز؟

— ئۇ ئايالنىڭ قولىدا بىر كۆڭلەك تۇراتتى. قارىسام ئۇ كۆينەك جوھۇتنىڭ كۆينىكى ئىكەن. شۇنىڭدىن كۆينەكنىڭ ئىگىسى جوھۇت ئىكەنلىكىنى ھەم ئۇنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى پەملىدىم. كۆينىكىنىڭ بىرقانچە يېرىگە قېتىق يۇقۇپ قالغانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى. بۇنىڭدىن جوھۇتنىڭ قېتىق ئىچكەنلىكىنى بىلدىم، بۇ شەھەردە جوھۇتلارنىڭ مەھەللىسى تۆۋەن جايغا جايلاشقان. شۇڭا «سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار پەس جايدا ئىكەن» دېدىم دەپ جاۋاب بەردى يىگىت.

شەيخ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە سورىدى:

— مېنى سىز ئۆمرىڭىزدە كۆرمىگەن ئىدىڭىز، ئەلائۇددەۋلەدىن قېچىپ كەلگىنىمنىمۇ ھېچ ئىنسان بىلمەيتتى. مېنىڭ شەيخ ئىكەنلىكىمنى ۋە ئەلائۇددەۋلەدىن قېچىپ كەلگەنلىكىمنى نەدىن بىلىۋالدىڭىز؟

ھەقىقەتەن مەن سىزنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. ئەمما سىزنىڭ داڭقىڭىزنى، يەنى كامالەتكە يەتكەن بىلىملىك ۋە پاراسەتلىك كىشى ئىكەنلىكىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم، — دېدى يىگىت، — قارىسام بۇ سۈپەتلەر سىزنىڭ چېھرىڭىزدە ئاشكارا بولۇپ تۇرۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن «بۇ ئادەم چوقۇم شەيخ ئىبنى سىنادىن باشقا ئادەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئويلىدىم. يەنە ئەلائۇددەۋلەنىڭ سىزگە

ناھايىتى ئامراق ئىكەنلىكىنىمۇ ئاڭلىغانىدىم. ئەلائۇددەۋلەنىڭ ھەرگىزمۇ ئۆز رازىلىقى بىلەن سىزدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا سىزنى «ئەلائۇددەلەۋنىڭ قېشىدىن قېچىپ كەپسىز» دېدىم.

شەيخ يىگىتكە:

— ھەرقانداق ھاجىتىڭىز بولسا دەڭ، مەن ھاجىتىڭىزدىن چىقاي، — دېدى. يىگىت:

— ئەلائۇددەۋلە سىزنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ كەتمىگىچە كۆڭلى تىنمايدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭ قېشىغا كېتىپ قالسىڭىز، مېنىڭ ئەھۋالىم ھەققىدە ئۇنىڭغا سۆزلەپ قويۇڭ. مەن بۇ ئارقىلىق ئەلائۇددەۋلەنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭ يېقىنى بولۇش مەرتىۋىسىگە يېتەۋالاي، — دېدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئەلائۇددەۋلە ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ شەيخكە ئۆزرە ئېيتىپ كىشى ئەۋەتتى ۋە شەيخنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلدى. شەيخ ھېلىقى يىگىتنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ باردى. ئۇلار ئەلائۇددەۋلە بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن شەيخ يىگىتنى ماختاپ، كۆپ تەرىپلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلائۇددەۋلە يىگىتنى ئۆز يېقىنلىرى قاتارىغا قوشۇۋالدى.

## ئەقىللىق بالا

سۇلتان مەھمۇدنىڭ گۆدەكلىك چاغلىرى ئىدى. ئۇ غەزنەيىن باغلىرىنى سەيلە تاماشا قىلىپ يۈرۈپ، بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ ئولتۇردى.

خوجە ئەھمەد ھەسەن مەيمەند سۇلتان مەھمۇد بىلەن تەڭتۇش بولۇپ، ئۇنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. ئۇلار ئىككىسى بۇ يەرگە بىللە كەلگەنىدى.

سۇلتان مەھمۇد بۇ يەردە ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ يۈرگەنلىكىنى كۆردى ۋە خوجە ئەھمەدنى چاقىرىپ:

— ئاۋۇ يۈرگەن كىم؟ — دەپ سورىدى.

— خوجەئەھمەد دەرھاللا:

— ئۇ ئادەم ياغاچچى ئىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۇنىڭ ئېتى نېمە؟ — دەپ سورىدى سۇلتان مەھمۇد.

— ئۇنىڭ ئېتى ئەھمەد، — دېدى خوجە ئەھمەد.

سۇلتان:

سەن ئۇنى تونۇمسەن؟ — دېۋىدى، ئەھمەد:

— تونۇمايمەن. چۈنكى ئۇ ئادەمنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغانمەن، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ ئېتى ئەھمەد ۋە كەسپى ياغاچچى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسەن؟ — دەپ سورىدى سۇلتان مەھمۇد.

خوجە ئەھمەد:

— سىز مېنىڭ ئېتىمنى ئاتاپ چاقىرىۋىدىڭىز بۇ ئادەم جاۋاب بېرىشكە تەمشەلدى. ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئەھمەد ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىم. ئۇ ئادەمگە دىققەت قىلسام، قۇرۇپ قالغان دەرەخلەرگە قاراپ خىيال سۈرۈپ، ئويلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇ ئادەمنى ياغاچچىمىكىن دەپ گۇمان قىلدىم. شۇنداقلا قۇرۇق ياغاچلاردا بىرەر نەرسە ياساشنى پىلانلاۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئۇ ئادەمنى چوقۇم ياغاچچى دەپ ھۆكۈم قىلدىم، — دەپ

جاۋاب بەردى.

سۇلتان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئۇ ئادەم بۈگۈن نېمە يەپتۇ؟ مۇشۇنى تاپالىساڭ سېنىڭ ئەقىل-پاراسىتىڭنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، — دېدى. خوجە ئەھمەد:

— ئۇ ئادەم بۈگۈن يا ھەسەل، ياكى بولمىسا شىرنە يەپتۇ، — دېدى.

سۇلتان مەھمۇد ھېلىقى ئادەمنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا خوجە ئەھمەدنى كۆرسىتىپ:

— بۇ بالىنى تونۇمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بۇ بالىنى تونۇمايمەن، ھازىر ئۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئادەم.

سۇلتان يەنە:

— ئېتىڭىز نېمە؟ نېمە ھۈنىرىڭىز بار؟ بۈگۈن نېمە يېدىڭىز؟ — دېگەنلەرنى سورىدى. ئۇ ئادەم:

— مېنىڭ ئېتىم ئەھمەد. ياغاچچىلىق ھۈنىرىم بار، بۈگۈن نان بىلەن ھەسەل يېدىم، — دەپ جاۋاب بەردى. سۇلتان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى ۋە خوجە ئەھمەددىن:

— سەن ئۇ ئادەمنىڭ ھەسەل يېگەنلىكىنى قانداق بىلىۋالدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ كىشىنىڭ توختىماي لېۋىنى يالاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئاغزى ئەتراپىدىن چىۋىن نېرى بولمىدى. شۇنىڭغا قاراپ ئۇ كىشىنىڭ ھەسەل ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسە يېگەنلىكىنى بىلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى خوجەئەھمەد.

## دورا نۇسخىسى (رېتسېپ)

خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەخلاق-پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەن، شېئىرىيەتتە پىشقان، ئۆزىنىڭ ئەقىل ئىدرىكى بىلەن بىرەر ئىشنى قىياس قىلىشتا يەر يۈزىدە ئەڭ نادىر ئادەم ئىدى.

شۇ دەۋردە بىر ئادەم بار بولۇپ، كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا تەڭداشسىز ئىدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ ئادەم ئالەمدىن كەتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ھاياتى ئاخىرلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا كۆز كېسەللىكىنى داۋالاشتا ئۇنىڭغا يېتىدىغان دوختۇر يوق ئىدى.

بىر كۈنى خەلىل بىننى ئەھمەدنىڭ قېشىدا كىشىلەر ئۇ تېۋىپنىڭ تەرىپىنى قىلىشتى ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن ئۆزلىرىنىڭ تولىمۇ قايغۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بۇ چاغدا خەلىل بىننى ئەھمەد ئۇلاردىن:

— ئۇ تېۋىپنىڭ بىرەر پارچە دورا نۇسخىسى (رېتسېپ) مۇ قالماپتۇمۇ؟ ئەگەر بار بولسا شۇ بويىچە داۋا قىلساقمۇ بولاتتى، — دېدى.

— دورا نۇسخىسى تېپىلمىدى، — دېيىشتى كۆپچىلىك، خەلىل بىننى ئەھمەد:

— ئۇنىڭ دورا تارتىپ بېرىدىغان سايمان-قاچىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

تېۋىپنىڭ بارلىق ئەسۋاب ۋە قاچا-قۇچىلىرىنى ئېلىپ كەلدى. خەلىل بىننى ئەھمەد ئۇلارنى بىرمۇ بىر پۇراپ چىققاندىن كېيىن ئون بەش خىل دورىنى ئاللاپ ئالدى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ھېلىقى تېۋىپنىڭ ئۆيىدىن كۆز كېسەللىكىنىڭ دورا نۇسخىسى تېپىلدى. قارىغۇدەك بولسا، قارىغۇ ئادەمنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان دورا نۇسخىسى ئون ئالتە خىل دورىدىن تەركىب تاپقان ئىكەن. بۇلارنىڭ ئون بەش خىلىنى خەلىل بىننى ئەھمەد پۇراپ تېپىپتۇ. ئەمما ئۇ بىر خىل دورىنى بىلەلمەي قالغانىكەن.

## ئادىل خەلىپە

تومۇز كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى مۇستەنجىد خەلىپە ئۆزىنىڭ خاس مەھرەملىرىدىن بىرىگە:

— بىر ئۆيدىن زەرگەرنىڭ بولقا ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردە ئۆينىڭ ئىچىدە ئىشلەش تولىمۇ ئازابلىق بىر ئىش. قارىغاندا ئۇ بىر ئالدامچى بولسا كېرەك. شۇڭا ئوچۇق-ئاشكارا ئىش قىلىشتىن قورقۇپ، بۇ جاپانى ئۆزىگە راۋا كۆرۈپتۇ. سەن دەرھال شۇ مەھەللىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئۆيىنى تاپقىن. زەرگەرنى قىلىۋاتقان ئىشى بىلەن بىللە مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇدى.

ھېلىقى مەھرەم بېرىپ زەرگەرنىڭ ئۆيىنى تېپىپ كىرىپ قارىسا، ئۇ تىللا سوقۇۋاتقان ئىكەن. مەھرەم زەرگەرگە تىللالارنى كۆتۈرگۈزۈپ خەلىپە مۇستەنجىدنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. مۇستەنجىد ھېلىقى تىللالارنى ھەر قانچە تەكشۈرۈپمۇ ئۇنىڭدىن قۇسۇر تاپالمىدى. ئاخىرى زەرگەردىن:

— سەن سوققان بۇ تىللالاردا ھېچقانداق گۇمان ۋە ئەيىب يوق ئىكەن. بۇنى نېمىشقا دۇكىنىڭدا ئاشكارا سوقماي، كېچىسى ئۆيۈڭدە سوقىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئەگەر دۇكاندا ئاشكارا سوقسام مەندىن تامغا بېجى ئالىدۇ. ئۆيدە يوشۇرۇن سوقسام تامغىغا ئالىدىغان باجنى ئۆزۈم راسخوتقا ئىشلىتىمەن. شۇڭا كېچىسى ئۆيدە ئىشلىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى زەرگەر.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خەلىپە مۇستەنجىدنىڭ زەرگەرگە ئىچى ئاغرىدى ۋە:

— بۇنىڭدىن كېيىن دۇكىنىڭدا خاتىرجەم ئىشلەۋەرگىن. تامغا بېجى تۆلىمىسەڭمۇ بولىدۇ، — دېدى.

## ئەقىللىق سەيىدە

مەجدۇد دەۋلەنىڭ ئانىسى سەيىدە يولدىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەملىكەتنى ئۆزى باشقۇرۇشقا باشلىدى. چۈنكى ئوغلى مەجدۇددەۋلە ئۇ چاغلاردا ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشلارغا كىرگەنىدى. سەيىدە دائىم پەردىنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ مەملىكەتنىڭ بارلىق ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرىغىچە ئېنىق ئايرىپ بىر تەرەپ قىلاتتى. شۇنداقلا قوشنا مەملىكەت پادىشاھلىرىنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنى ياخشى جاۋابلار بىلەن كۆڭلىنى ئېلىپ ياندۇراتتى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتتى ۋە ئالدىدا بىر ئەلچىنى ئەۋەتىپ: «ئەگەر جېنىم ئامان قالسۇن دېسەڭ ماڭا بويسۇنۇپ، خۇتبىنى مېنىڭ نامىمغا قىلدۇرغىن. ماڭا باج تۆلەشنى ئۈستۈڭگە ئالغىن، بولمىسا جەڭگە تەييارلان!» دېگەن مەزمۇندا نامە ئەۋەتتى.

بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن

سەيىدە سۇلتان مەھمۇدقا مۇنۇ مەزمۇندا جاۋاب خەت يازدى:

«يولدىشىم هايات ۋاقتىدا دائىم: مۇبادا سۇلتان مەھمۇد بۇ ئاجىز مەملىكىتىمىزگە قولىنى ئۇزىتىپ قالسا قانداق قىلارمىز، دەپ غەم-ئەندىشە قىلاتتۇق. ئەمما يولدىشىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ ئەندىشىلەر كۆڭلۈمدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. چۈنكى سۇلتانغا مەلۇمكى، جەڭ ئىشى تەڭرىنىڭ خاھىشى بىلەن بولىدۇ. تەڭرى ئۆزى خالىغان تەرەپكە غەلبە-نۇسرەتنى ئاتا قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە مال-دۇنيا ۋە لەشكەرگە تايانغىلى بولمايدۇ. ئەگەر سۇلتان مەن بىلەن جەڭ قىلىپ غەلبە قىلسا، بىر ئاجىز ئايالغا غالىب كەلگەن بولىدۇ. ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ ئالدىدا بۇ ئىشنىڭ هېچقانداق قەدىر-قىممىتى يوقتۇر، بەلكى ئەيىب ۋە نومۇستۇر. چۈنكى شۇنداق ئۇلۇغ بىر سۇلتانىنىڭ بىر ئاجىز ئايالغا زورلۇق قىلىشى مەردلەرنىڭ ئىشى ئەمەس.

مۇبادا تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن سۇلتان ماڭا مەغلۇپ بولۇپ قالسا، تا قىيامەتكىچە كىشىلەر مېنى مەدھىيىلىشىدۇ. سۇلتانىنىڭ نامى يېزىلغان قۇرلاردا بۇ ئىشنىڭ نومۇسلۇق ئىزلىرى هەرگىزمۇ ئۆچمەيدۇ. چۈنكى دۇنيادا هەربىر ئادەمنىڭ نامى قالىدۇ. ئەزەلدىن ئەيىب ۋە نومۇس كەلتۈرىدىغان بەزى ئىشلار ئاياللارنىڭ پەخىرلىنىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ...»

سەيىدەنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۇلتان ئوقۇپ كۆرسە، خەت ئەقىلغا مۇۋاپىق يېزىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ قېتىمقى يۈرۈشنى بىكار قىلىپ ئۆز مەملىكىتىگە قايتىپ كەتتى.

## گۈزەل شەبىيە

شەبىيەنىڭ گۈزەللىكى ۋە جەمىلنىڭ ئۇنىڭغا ئاشىقلىقى ھەققىدىكى سۆز-چۆچەكلەر پۈتۈن ئەتراپقا پۇر كەتتى. ئەبدۇلمەلىك بىننى مەرۋاندا شەبىيەنى كۆرۈپ بېقىش ھەۋىسى پەيدا بولۇپ، ئادەم ئەۋەتىپ شەبىيەنى ئەپكەلدۈرۈۋدى. قارىغۇدەك بولسا شەبىيە قارىماتاق ۋە كالامپاي بىر قىز ئىكەن. ئەبدۇلمەلىك شەبىيەدىن:

— جەمىل سېنىڭ قايسى گۈزەللىكىڭگە قاراپ ساڭا مۇنچىۋالا باغلىنىپ قالغاندۇ، — دەپ سورىدى.

شەبىيە ئىنتايىن سۆزمەن ئىدى. ئۇ ئەبدۇلمەلىككە:

— خەلقى ئالەم سېنىڭ قايسى قابىلىيىتىڭگە قاراپ سېنى پادىشاھ قىلىپ كۆتۈرۈپ ساڭا ئىتائەت قىلىشىدىغاندۇ، — دېدى.

بۇ گەپتىن ئەبدۇلمەلىك ئىنتايىن خىجالەت بولۇپ كەتتى.

## ئادەمنىڭ رىسقى

خەلىپە ئەبۇ جەئپەر بىر كۈنى قەسرىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، قەسرىنىڭ ئالدىغا سۇ سېپىپ يۈرگەن ياشانغان بىر كوچا سۈپۈرگۈچىگە كۆزى چۈشتى. ئەبۇ جەئپەر بوۋاينى ئالدىغا چاقىرىپ ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا ھاكىملارنىڭ ۋە پادىشاھلارنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ. سىزلەردەك كەمبەغەللەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ؟ — دەپ سورىدى. بوۋاي ئېيتتىكى:

— پادىشاھ ۋە ھاكىملار بىر ئۆمۈر يەيدىغان رىسقنى تەڭرىنىڭ خەزىنىسىدىن بىراقلا ئېلىۋالىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۇزۇن

ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ. بىزگە ئوخشاش-كەمبەغەللەر كۈندىلىك رىسقىنى كۈندە ئاران تېپىپ يېيەلەيدۇ. شۇڭا خۇدا بىزگە بۇيرۇغان رىسقى نىسىۋىمىز ئاسان تۈگەپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىمىز.

خەلىپە ئۇنىڭ بۇ جاۋابىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئۈچيۈز دەرەم ئىنئام قىلدى.

## خاسىيەتسىز دۇئا

ئەبۇ جەئپەر خەلىپىلىك ئورنىدا ئولتۇرمىغان چاغلاردا ئەزھەر بىلەن ھەمىشە سۆھبەتلىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ دوستلۇقى خېلىلا مۇستەھكەم ئىدى.

ئەبۇ جەئپەرنىڭ خەلىپىلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئەزھەر بۇرۇنقى مۇناسىۋىتىنى ئويلاپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش ئۈچۈن باردى.

دەسلەپ بارغىنىدا ئۇ ئەبۇ جەئپەر بىلەن كۆرۈشەلمەي قايتىپ كەلدى.

بايرام كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەزھەر ئەبۇ جەئپەرنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئەبۇ جەئپەر ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا كەلدىڭ؟— دەپ سورىدى.

ئەزھەر:

سىزنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، خۇشال بولۇپ سىزنى مۇبارەكلىگىلى كەلدىم،— دېدى. ئەبۇ جەئپەر ئەزھەرگە مىڭ دىنار ئىنئام بېرىپ قايتۇردى.

ئىككىنچى يىلى يەنە شۇ كۈنى ئەزھەر ئەبۇ جەئپەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەبۇ جەئپەر ئۇنىڭدىن نېمىشقا كەلگەنلىكىنى سورىۋىدى، ئۇ:

سىزنى بىتاپ بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ كەلدىم،— دېدى، ئەبۇ جەئپەر ئۇنىڭغا يەنە مىڭ دىنار بېرىپ يولغا سالدى.

ئۈچىنچى يىلى ئەزھەر يەنە ئەبۇ جەئپەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. بۇ قېتىم ئەزھەرنىڭ كەلگىنى ئەبۇ جەئپەرگە خۇشياقمىدى. ئۇ ئەزھەردىن:

— بۇ يىل كېلىشىڭگە نېمە سەۋەب بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— بىر چاغدا سىزدىن بىر دۇئانى ئاڭلىغان ئىدىم. ئەمما ئۆگىنىۋالمىغان ئىكەنمەن، شۇ دۇئانى ئۆگىنىپ قويامدىكىن دەپ كېلىۋىدىم، — دېدى ئەزھەر.

ئەبۇ جەئپەر ئېيتتىكى:

— ھەي ئەزھەر، ئۇ دۇئانىڭ ھېچقانداق خاسىيىتى يوق ئىكەن. چۈنكى ئۇزۇندىن بېرى سەن بىلەن كۆرۈشمەسلىكنى تەلەپ قىلىپ ئۇ دۇئانى دائىم ئوقۇپ يۈردۈم. لېكىن ھېچبىر پايدىسى بولمىدى. ئۇنداق خاسىيەتسىز دۇئانى ئۆگىنىمەن دەپ ئاۋارە بولمىغىن!

## گۇۋاھچى

مەھدى خەلىپە بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇلازىملىرى بىلەن بىللە شىكارغا چىقتى. ئۇ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ يىراقلاپ كېتىپ قالدى. ئۇ ماڭا-ماڭا بىر سەھرالىق ئەرەبنىڭ چېدىرىغا كېلىپ قالدى. ئۇ ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن ھالىدىن كېتىپ قالغانىدى. ئۇ بىر ئەرەبدىن سۇ ۋە نان سورىدى. ئەرەب بىر مۇنچە تېرىق نېنى بىلەن بىر قاچا سۈت ئېلىپ كەلدى، خەلىپە ئۇلارنى يەپ بولۇپ:

— يەنە يېگۇدەك نەرسەڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئەرەب بىر كوزىدا شاراب ئېلىپ چىقتى، خەلىپە شارابتىن ئازراق ئىچكەندىن كېيىن:

— مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى ئەرەبتىن.

— ئاللا بىللا تونۇمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئەرەب.

مەن خەلىپىنىڭ مۇلازىملىرىدىن بىرى بولىمەن، — دېدى خەلىپە. ئەرەب:

— مەرھابا بەگ، خۇش كېلىپسىز، — دېدى.

خەلىپە شارابتىن يەنە ئازراق ئىچكەندىن كېيىن ئەرەبدىن:

— مېنى تونۇمسەن؟ — دەپ سورىدى.

ئۆزىڭىز ھېلىلا «مەن خەلىپىنىڭ مۇلازىمى بولىمەن» دېدىڭىزغۇ، — دېدى ئەرەب. خەلىپە:

— مەن مۇلازىم ئەمەس، بەلكى خەلىپىنىڭ كاتتا ئەمىرلىرىدىن بىرى بولىمەن، — دېدى. ئەرەب ئۇنىڭغا يەنە دۇئا قىلدى.

خەلىپە ئۈچىنچى قېتىم شارابتىن يەنە بىر سۇمۇرگەندىن كېيىن:

— مېنىڭ كىملىكىمنى بىلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەرەبتىن. ئەرەب:

— ئۆزىڭىز ھازىر «مەن چوڭ ئەمەلدار بولىمەن» دېدىڭىزغۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. خەلىپە:

— مەن مۇلازىممۇ ئەمەس، ئەمەلدارمۇ ئەمەس، بەلكى يەر يۈزىنىڭ پادىشاھى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى بولىمەن، — دېدى.

ئەرەب دەرھال بېرىپ خەلىپىنىڭ قولىدىكى قەدەھىنى تارتىۋالدى. خەلىپە ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا قولۇمدىن قەدەھنى ئېلىۋېلىپ شاراب ئىچكىلى قويمايسەن؟ — دەپ سورىدى. ئەرەب ئېيتتىكى:

— ئەگەر يەنە بىر قەدەھ شاراب ئىچسەڭ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىدىغان ئوخشايسەن. كىم بىلىدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى دەۋانى قىلامسەن تېخى...

خەلىپە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بۇ ئارىدا خەلىپىنىڭ مۇلازىملىرى توپ-توپ بولۇپ ھەر تەرەپتىن يېتىپ كېلىپ، خەلىپىنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇشتى، بۇنى كۆرگەن ئەرەب ئۆزىنىڭ قىلغان ئەدەبسىزلىكىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، رەڭگى-رويى تاتىرىپ كەتتى. خەلىپە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ خاتىرجەم قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ناھايىتى نۇرغۇن بايلىق ئىنئام قىلدى. ئەرەب خەلىپىنىڭ ئۆزىگە تەقدىم قىلغان ھەدىيەلىرىدىن ئادەتتىن تاشقىرى خۇشاللىنىپ كېتىپ:

— ئەگەر تۆتىنچى ۋە بەشىنچى قېتىملىق دەۋانى قىلساڭمۇ ئۇنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، — دېدى.

## ئەگەر ئادىل بولاي دېسەڭىز...

خەلىپە مەئمۇننىڭ زامانىدا مەئمۇننىڭ كۇفەگە تەيىنلىگەن سەردارى ئۇستىدىن كۇفەلىكلەر ئەرز-شىكايەتلەرنى قىلىشتى.

مەئمۇن ئۇ سەردارنى ھەرگىز خەلققە زۇلۇم سالمايدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. شۇڭا مەئمۇن ئەرز قىلىپ كەلگۈچىلەرنى ئالدىغا چاقىرتىپ سەردار توغرىسىدا ئەھۋال

ئىگىلىدى. كۆفەلىكلەر:

— سەردار تولىمۇ زالىم، ئۇنى مۇسۇلمان دېگىلى بولمايدۇ، — دېيىشتى.

كۆفەلىكلەردىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەئمۇن غەزەپلىنىپ، ئۇلارغا دەشنام بەردى. ئاندىن ئۇ سەردارنى ئادىل ۋە خەلقپەرۋەرلىكتە تەگداشسىز، دەپ بىر مۇنچە ماختىدى. بۇ چاغدا كۆفەلىكلەردىن بىرى:

— راست ئېيتتىسىز. بىزنىڭ دېگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى تۆھمەت ۋە بوھتان ئىدى. سىزنىڭ پەرمانىڭىز ھەققەتەن راست. ئەمما ئادالەتلىك بولۇشنىڭ شەرتى شۇكى، ئادىللىق ھەممىگە تەڭ بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ باشلىقىمىز ئادالەت ۋە ئىنساپتا تەگداشسىز. ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن پەقەت بىز كۆفەلىكلەرلا بەھرىمەن بولۇۋاتىمىز، باشقىلار مەھرۇم قېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئادىللىق قىلاي دېسىڭىز بىر نەچچە ۋاقىت يەنە بىر شەھەرگە سەردار قىلىپ قويۇڭ. ئۇ شەھەرنىڭ كىشىلىرىمۇ ئۇنىڭ ئادالىتى سايىسىدا ئاسايىشلىقتا ئېرىشسۇن. سىزگىمۇ بۇنىڭ سەۋەبىدىن مەدھىيىلەر ياغسۇن، — دېدى.

مەئمۇن جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىلدى ۋە عېلىقى سەردارنى باشقا شەھەرگە يۆتكىۋەتتى.

## تېتىقسىز چاقچاق

خەلىپە مۇتەۋەككىل بىننى مۇئتەسەم ھەمىشە ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا ياقمايدىغان قىلىقلارنى قىلاتتى. بەزىدە شىرنىڭ زەنجىرىنى ئېلىۋېتىپ ئادەملەر يىغىلغان ئورۇنغا قويۇۋېتەتتى. بەزىدە تىرىك يىلانلارنى تۇتتۇرۇپ كېلىپ ئولتۇرغانلارنىڭ قوينىغا سالدۇرۇپ قوياتتى. ئەگەر ئۇ ئادەمنى يىلان چېقىۋالسا، زەھەر قايتۇرىدىغان «تەرياك» دېگەن دورا بىلەن زەھەرنى قايتۇرۇپ يىلان چاققان ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇۋالاتتى. بەزى چاغلاردا كوزىنىڭ ئىچىگە لىقمۇلىق چايانىنى توشقۇزۇپ ئەكەلدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كوزىنى سۇندۇراتتى. چايانلار كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھەر تەرەپكە يامراپ كېتەتتى. ھېچكىم ھەرىكەت قىلىشقا، ياكى قېچىشقا ئىمكانىيەت تاپالمايتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق نامۇۋاپىق ئويۇن - چاقچاقلارنى قىلاتتى.

بىر كۈنى مۇتەۋەككىلنىڭ ھۇزۇرىدا بىرەيلەن بىر سودىگەرنىڭ شەمشىرىنى ماختاپ، ھەددىدىن تاشقىرى تەرىپلەپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان مۇتەۋەككىل ئادەم ئەۋەتىپ ھېلىقى شەمشەرنى ناھايىتى قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ خاس قۇلى باغىرغا تۇتقۇزدى. ئاندىن بارلىق غۇلاملارغا ئىشارەت قىلىپ:

— ھەممىڭلار شەمشەر تارتىپ مۇشۇ يىغىلغان كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىڭلار، — دېدى.

باغىر باشلىق قۇللار خەلىپىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شەمشەرلىرىنى يالىڭاچلاپ سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغان كىشىلەرگە يۈگۈردى. فەتھ بىننى خاقان خەلىپىنىڭ ۋەزىرى ئىدى. ئۇ قېچىپ بېرىپ خەلىپىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يىقىلدى ۋە:

— ئەي خەلىپە، سىزدىن كېيىن قېلىپ ھايات ياشاشنى خالىمايمەن. شۇڭا سىزنىڭ ئالدىڭىزدىلا ئۆلەي، — دېدى.

بۇ مەيداندا ئەشقەت ھەييارمۇ بار ئىدى. ئۇ قاچقان پېتى بېرىپ بىر بورىنىڭ

تېگىگە كىرىۋالدى ۋە:

— ئەي خەلىپە، مەن سېنىڭدىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزۇن يىللار ئۆمۈر كۆرۈشنى خالايمەن، — دېدى.

## ئىككى خىل ئارزۇ

مۇستەنسىر خەلىپە بىر كۈنى ئۆز يېقىنلىرىدىن بىرى بىلەن بىللە خەزىنىلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە كىرىپ، ئالتۇن دىنار بىلەن لىق توشقۇزۇلغان بىر كۆلنى كۆردى. ئۇ:

— تەڭرىم ماڭا مۇشۇ دۇنيالارنى ئىشلىتىپ تۈگەتكىچە ئۆمۈر بېرەرمۇ؟ — دېدى. ئۇنىڭ قېشىدىكى ئادەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى. مۇستەنسىر خەلىپە ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا كۈلىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بىر كۈنى بوۋاڭ ناسىر خەلىپە بىلەن بىللە بۇ خەزىنىگە كىرگەن ئىدىم. ئۇ چاغدا بۇ كۆل دىنارغا توشۇشقا ئىككى غېرىچ قالغان ئىكەندۇق. ناسىر خەلىپە شۇ چاغدا «بۇ كۆلنى دىنار بىلەن لىقمۇلىق توشقۇزغۇچە تەڭرى ماڭا ئۆمۈر بېرەرمۇ» دېگەنىدى. بۇ بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى خىل ئارزۇغا ھەيران بولۇپ كۈلۈۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ئادەم.

## ئەسكەرنىڭ خوتۇنى

ئەمىر لەيسنىڭ قانۇن-تۈزۈمى شۇنچىلىك چىڭ ئىدىكى، لەشكەرلەر ئازغىنە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا ناھايىتى ئېغىر جازاغا ئۇچرايتتى.

بىر كۈنى ئەمىر لەيس لەشكەرلەرنىڭ ئات-ئۇلاق ۋە قورال-ياراقلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرمەكچى بولدى. ئۇ لەشكەرلەرنى بىر-بىرلەپ ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. شۇ ئارىدا بىر ئادەم ئىنتايىن ئاۋاق بىر ئاتقا مىنىپ ئەمىرنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. بۇنى كۆرگەن ئەمىر قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— ئەسكەرلەرنىڭ خوتۇنلىرىنى سەمرىتىپ، ئاتلىرىنى ئورۇقلىتىۋېتىدىغانلىقى ئاجايىپ بىر ئىش ھە! — دېدى. ھېلىقى بىچارە ئادەم ئەمىرنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ كېتىپ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى، ۋە:

— مېنىڭ خوتۇنۇم ئېتىمدىن يۈز ھەسسە ئورۇق. ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز ئۇنىمۇ ئەپكېلىپ ئالدىڭىزدىن ئۆتكۈزەي، — دېدى.

ئەمىرگە بۇ سۆز يېقىپ كەتكىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا نۇرغۇن بايلىق ئىنئام قىلدى.

## مەدىنەتۇل-خاس

ھەزرىتى سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلامنىڭ زامانىدا دېۋىلەر سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلامنىڭ پەرمانى بىلەن ئەندىلىس باياۋانىدا تىلسىم بىلەن بىر شەھەر بىنا قىلغانمىش. ئۇ شەھەر زۇلمەتكە يېقىن بولۇپ، تامامەن مىستىن ياسالغانمىش. كىشىلەر بۇ شەھەرنى «مەدىنەتۇل — خاس» (يېگانە شەھەر) دېيىشىپ ئىخلاس قىلىشىدىكەن.

بەزىلەر بۇ شەھەرنى ئۇلۇغ زۇلقەرنەين بىنا قىلغانمىش، دېيىشىدىكەن. يەنە بەزىبىر بايانلاردا دېيىلىشىچە، ئۇ يەردىكى بىر بۇلاقتىن ئېرىگەن رو چىقىپ تۇرىدىكەن. ھېلىقى شەھەرمۇ رودىن ياسالغانمىش.

ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان بۇ شەھەر

توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ ئەھۋاللارنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى بىلىپ بېقىشقا قىزىقىپ قالدى.

مۇسا نەسىر شۇ تەرەپتىكى شەھەر-ۋىلايەتلەرگە هاكىم ئىدى. ئابدۇلمەلىك ئۇنىڭغا: «مۇشۇ خەت تەگكەن هامان مۇسا نەسىر ئۆزى بېرىپ، ئۇ شەھەرنى كۆرۈپ، ئېنىقلاپ، ھەرقانداق ئاجايىپ ئىشلار بولسا بىرمۇ بىر خاتىرىلەپ ماڭا خەۋەر قىلسۇن...» دېگەن مەزمۇندا خەت ئەۋەتتى. بۇ خەت مۇسا نەسىرگە تەگدى. مۇسا نەسىر جاهان كېزىپ يۇرت كۆرگەن ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىرقانچە ئادەمگە يول باشلىتىپ هېلىقى شەھەر تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار چۆل-باياۋاندا قىرىق كېچە-كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن كۆز ئالدىدا شۇنداق بىر شەھەر نامايان بولدىكى، ئۇ يەرنىڭ زېمىنى گۈزەللىكتە يېگانە، ئابى هاۋاسى دۇنيادا تەڭداشسىز ئىدى. خۇددى بىر شائىرنىڭ: «جاهاندا كۆرمىگەن بولغاي كىشى ھەرگىز بۇ رەڭ يۇرتنى» دېگىنىدەك ئىدى.

ئەلقىسسە، مۇسا نەسىر ئۇ شەھەرگە يېقىن بېرىپ ھەرقانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، شەھەرگە كىرىش ئۈچۈن دەرۋازا ياكى دېرىزىدەك بىرەر يوچۇقمۇ تاپالمىدى. ئاخىرى بولماي ئەمىرلەردىن بىرىنى چاقىرىپ:

— تېزدىن مىڭ نەپەر ئاتلىق ئەسكەر بىلەن تەرەپ-تەرەپكە بېرىپ ئىزدەڭلار. بۇ شەھەر توغرىسىدا بىلىدىغان ۋە بىزنىڭ بۇ مۈشكۈللىرىمىزنى ئاسان قىلىشقا ياردىمى تېگىدىغان بىرەر ئادەم تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپ بۇيرۇدى.

مىڭ ئاتلىق ئادەم بۇ بىپايان كەتكەن چۆللۈكنىڭ پۈتۈن ئەتراپىنى ئىزدەپ-تەكشۈرۈپ بارمىغان يېرى قالمىدى. لېكىن ئىنساندىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئاخىرى ئۇلار سېپىلنىڭ تېگىدىن كولاپ يەر ئاستى يولى ئېچىپ، شۇ يەردىن شەھەرنىڭ ئىچىگە كىرمەكچى بولۇشتى. شۇ مەسلىھەت بىلەن ئۇلار زور تىرىشچانلىق بىلەن سېپىلنىڭ ئاستىنى كولاشقا كىرىشتى. ئۇلار كولاۋېرىپ يەرنىڭ تېگىدىن سۇ چىقىپ كەتتى. ئەمما سېپىلنىڭ ئىچىگە قاراپ زادى تېشەلمىدى. ئۇلار سېپىلنى يەتتە خىل مېتالنى بىرلەشتۈرۈپ ئېرىتىپ سۇغا يەتكۈزۈپ قۇيۇپ چىققانىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن سېپىلنىڭ ئاستىنى كولاپ يول ئېچىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى.

ئۇلار يەنە مۇزاكىرىلىشىپ مۇنداق دېيىشتى: «سېپىلنىڭ بۇرجىكىگە يانداش قىلىپ سېپىل بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتە بىر تام قوپارغاندىن كېيىن، تامنىڭ ئۈستىگە چىقىپ شەھەرنىڭ ئىچىگە قارىسا شۇ چاغدا ھەممە نەرسىنى ئاشكارا كۆرگىلى بولىدۇ».

ئۇلار ھەممىسى بىر پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن، قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ تاش بىلەن گەجدىن بىر تام قوپۇرۇپ چىقتى. بۇ تامنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ يۈز گەز ئىدى. ھېسابلاپ باقسا تامنى يەنە ئىككى يۈز گەز ئېگىزلەتكەندە ئاندىن سېپىل بىلەن تەڭلىشەلىدىكەن. لېكىن تامنى ئۈچ يۈز گەزدىن ئارتۇق ئېگىزلىتىشنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن تامنىڭ ئۈستىگە ياغاچتىن بىر مۇنار ياساپ چىقتى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى بىر يۈز سەكسەن گەز بولغانىدى. ئەمدى پەقەت ئوتتۇز گەز ئېگىزلىتىشنىڭ ئامالى بولسىلا سېپىل بىلەن

تەگلىشەتتى. ھېچقانداق ئامال تاپالمىغاندىن كېيىن ئۇلار ئوتتۇز گەز ئۇزۇنلۇقتا بىر شوتا ياساپ چىقىپ ئۇنى مۇنارنىڭ ئۈستىگە ئەپچىقىپ سېپىلگە يۆلەپ تۇرغۇزدى. ھەممە ئىشلار پۈتكەندىن كېيىن مۇسا لەسىر:

— كىمكى مۇشۇ شوتىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بۇ شەھەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى توغرىسىدا بىزنى خەۋەردار قىلالىسا، مەن ئۇنىڭغا مىڭ مىسقال ئالتۇن بېرىمەن، — دەپ جار سالدۇردى.

لەشكەرلەردىن بىرى ئالتۇن تەمەسىدە بۇ ئىشقا بەل باغلىدى. نەسىر باشلىق ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇ شوتىنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە شەھەرگە بىرلا قاراپ قاقاقلاپ كۈلگەن پېتى ئۆزىنى شەھەرنىڭ ئىچىگە تاشلىۋەتتى. شەھەر ئىچىدىنمۇ قاتتىق ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلار چىقىشقا باشلىدى. تاكى ئۈچ كۈنگىچە غەلۋە-قىقاس بولۇپ ئاندىن جىمىدى. تۆتىنچى كۈنى ھېلىقى ئادەمنىڭ يار-بۇرادەرلىرى سېپىلنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ھەرقانچە قىچقىرىپ، ۋارقىرىسىمۇ ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى.

مۇسا نەسىر ئۆتكەنكى قېتىمقى ۋەدىسىنى تەكرارلاپ ئىككىنچى قېتىم يەنە جار سالدۇردى. لەشكەر ئىچىدىن يەنە بىر خام تەمە بۇ ئىشقا بەل باغلىدى. ئۇمۇ شوتىنىڭ تۆپىسىگە چىقىپلا قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى ۋە ئۆزىنى شەھەرنىڭ ئىچىگە ئېتىۋەتتى. شەھەردىن ئاجايىپ-غارايىپ ئاۋاز، ھەر خىل سادالار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۈچ كۈندە ئاران بېسىقتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇسا نەسىر ھەرقانچە چوڭ ۋەدىلەرنى قىلسىمۇ ھېچكىم بۇ ئىشقا قەدەم قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. مۇسا نەسىر يەنە جار سالدۇردى:

— كىمكى بۇ شوتىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ شەھەرنىڭ ئەھۋالىدىن بىزنى ئازراق خەۋەردار قىلالىسا، مەن ئۇنىڭغا ئىككى مىڭ مىسقال ئالتۇن بېرىمەن!

لەشكەر ئىچىدىن يەنە بېشى ئايلانغان بىرسى چىقىپ، ھەيرانلىق قەدەملىرىنى ھەسرەت ۋادىسىغا قويدى. ئۇ: «بېلىمدىن ئارغامچا بىلەن مەھكەم باغلاپ، نەچچە ئادەم ئۇ ئارغامچىلارنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ شوتىنىڭ تۈۋىدە تۇرسۇن. مۇبادا مەنمۇ باشقىلاردەك ئۆزۈمنى شەھەرگە ئاتماقچى بولسام، ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرغانلار كۈچەپ تارتىپ چۈشۈرۈۋالسۇن» دېدى.

ئاندىن ئۇ كىشى شوتىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. چىققان ھامان ئالدىنقىلارغا ئوخشاش قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى ۋە ئۆزىنى شەھەرنىڭ ئىچىگە ئاتماقچى بولدى. ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرغانلار بۇنى كۆرۈپ دەرھال ئارغامچىنى كۈچەپ تارتتى. ئۇلار شۇنچىلىك قاتتىق كۈچىدىكى، ھېلىقى ئادەم بېلىدىن ئۈزۈلۈپ ئىككى پارچە بولۇپ يېرىمى شەھەرنىڭ ئىچىگە، يېرىمى شەھەرنىڭ تېشىغا چۈشتى.

مۇسا نەسىر بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇ شەھەر توغرىسىدا بىرەر خەۋەرگە ئېرىشىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ كەينىگە ياندى.

ئۇ باياۋاندا كېتىۋېتىپ بىر يەردە ئېگىزلىكى يىگىرمە گەز كېلىدىغان ئاق تاشتىن ياسالغان لەۋھەلەرنى كۆردى. يېقىن بېرىپ قارىسا ئۇ لەۋھەلەرگە پەيغەمبەرلەر-

نىڭ ئىسىملىرى، پادىشاھلارنىڭ ناملىرى پۈتۈلگەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ يېنىدا مىستىن ياسالغان يەنە بىر لەۋھە بار بولۇپ، ئۇنىڭغا: «ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ مەنزىلگە قەدىمى يەتكەن بولسا، زىنھار بۇنىڭ نېرىسىغا ئۆتمىسۇن. ئەگەر ئۆتسە، ئۇ ئەلۋەتتە ھالاك بولغۇسىدۇر» دەپ پۈتۈلگەندى.

مۇسا نەسىر بۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن تېخىمۇ ھەيران قالدى. ئۇ ئىككى نەپەر ئاتلىق ئادىمىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— سىلەر بۇ يەردىن خېلى نېرىسىغا بېرىپ بېقىڭلار. بۇ يەردە نېمە سىر بار، بۇ لەۋھەگە يېزىلغانلار راستمۇ - يالغانمۇ بىلىپ باقايلى، — دەپ بۇيرۇدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىككى نەپەر ئاتلىق ئادەم لەۋھە بار يەردىن ئازراقلا نېرىغا ئۆتكەندى. نەدىندۇر بىرمۇنچە جانۋارلار پەيدا بولدى ۋە ھېلىقى ئىككى ئادەمگە قاچقۇدەك ئىمكان بەرمەي، مىنگەن ئاتلىرى بىلەن قوشۇپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى. مۇسا نەسىر بۇ ۋەقەنى كۆرگەندىن كېيىن ھېچ ئامال قىلالماي مەملىكىتىگە قايتىپ كەتتى.

## ئاجايىپ داستىخان

ئابدۇلمەلىكنىڭ زامانىدا مۇسا نەسىر ئەندىلىس ئەتراپىدىكى ئىككى چوڭ شەھەرنى قولغا كىرگۈزدى. ئۇ شەھەرلەرنىڭ بىرىنى «تەلتەلە»، يەنە بىرىنى «قەرتەنە» دەپ ئاتىشاتتى. ئەنە شۇ شەھەرلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر تاغدىن نۇرغۇن خەزىنە چىقىپ قالدى. ئۇ خەزىنىلەرنىڭ ئىچىدە بىر داستىخان بار ئىدى. ئۇ داستىخان ئالتۇندىن توقۇلغان بولۇپ، چۆرىسىگە قىزىل ياقۇت بىلەن مەرۋايىتنى تىزىپ چۆچا چىقارغانىدى. شۇ چاغنىڭ جاۋاھىرشۇناسلىرى يىغىلىپ ھەرقانچە ھېسابلاپمۇ بۇ دەستىخاننىڭ باھاسىنى بىرنېمە دېيىشكە ئاجىز كەلدى. ئۇ داستىخاننىڭ چوڭلۇقى شۇنچىلىك ئىدىكى، يۈز ئادەم ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالسىمۇ كەڭتاشا ئولتۇرغىلى بولاتتى. ئۇ داستىخانغا «بۇ داستىخان سۇلەيمان ئىبنى داۋۇد ئەلەيھىسسەلامنىڭدۇر» دېگەن خەت يېزىلغانىدى.

## بۇتنىڭ پۇتىدىكى ئىسۇ

«جام جەھاننەما»دا يېزىلىشىچە، بەلىناس ھېكىم مۇنداق دېگەن:

مېنىڭ شەھىرىمدە تاشتىن ياسالغان بىر بۇت بار بولۇپ، ئۇ بۇت بىر ياغاچ تۈۋرۈككە ئورنىتىلغانىدى. شەھەر خەلقى دائىم ئۇنى تاماشا قىلغىلى بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىشلەتكەن ھۈنەر - سەنئەتكە ھەيران بولۇشاتتى. كىشىلەر، «بۇ بۇت دۇنيادىكى ئاجايىپ - غارايىپلارنىڭ بىرسى» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ۋەھالەنكى، ئۇ بۇتنىڭ شەكلى ۋە ھەيۋىتىدىن باشقا ھېچقانداق ئاجايىپ يېرىنى بىلگىلى بولمايتتى. مەن ئۇ چاغلاردا تېخى كىچىك بالا ئىدىم. خەلقلەر بۇتنى كۆرگىلى بارسا، مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ باراتتىم. ئۇ چاغدا كىشىلەر بۇتنىڭ ئايىغىغا بەكرەك دىققەت قىلىشاتتى ۋە: «ھەممە سىر بۇنىڭ پۇتىدا» دېيىشەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا خېلىلا سەپسېلىپ قارىسامۇ، ئەجەبلەنگۈدەك بىرەر نەرسىنى ھېچ سېزەلمىگەنىدىم.

كېيىن مەنمۇ چوڭ بولدۇم ۋە قەدىمىي خەتلەرنىمۇ ئوقۇيالىغۇدەك سەۋىيىگە

يەتتىم. بىر كۈنى ھېلىقى بۇتنىڭ يېنىغا بېرىپ ئوبدان دىققەت قىلىپ قارىدىم. كۆردۈمكى بۇتنىڭ بېشىغا قەدىمىي خەت بىلەن: «كىمكى ئاجايىپ نەرسىنى كۆرۈشنى خالىسا، بۇ بۇتنىڭ ئايىغىغا قارىسۇن» دەپ يېزىلغاندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئويلىنىشقا باشلىدىم. دېمەك، بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار! كىشىلەر بۇ سۆزنى ئۆز ئەينى بويىچىلا چۈشىنىپ، «ئاجايىپ سىر»نى ئۇنىڭ ئىككى پۇتىدا دەپلا ئويلىغاندى. ئەمما ئۇنىڭ ئىككى پۇتىدا ھەيران قالغۇدەك ھېچنەرسە يوق ئىدى. ئويلا-ئويلا ئەقلىمگە كەلدىكى، «پۇتىغا نەزەر قىلسۇن، دېگەن سۆز بەلكىم كىنايە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئاستىنى كولاپ بېقىش كېرەكتۇر» دېگەنلەر كۆڭلۈمگە چىڭ ئورنىشۋالدى.

بۇلارنى ئويلىشىپ تۇرۇۋىدىم، تاماشىغا كەلگەن خەلقلەر تارقاشتى. بۇ يەردە ھېچكىم قالمىغاندا ئۆزۈم يالغۇز ئۇ بۇتنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىنى كولاشقا باشلىدىم. خېلى ئۇزۇن قازغاندىن كېيىن بىر كامار پەيدا بولدى. كامارنىڭ ئىچى زۇلمەت قاراڭغۇ ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ بېقىشقا ھەرقانچە ئۇرۇنغان بولسامۇ ئامال بولمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىچىدىن قاتتىق شامال چىقىپ تۇراتتى. قاپقاراڭغۇ شىددەتلىك شامال چىقىپ تۇرغان بۇ كامارغا كىرىش زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا قانداق قىلىشىمنى بىلمەي بېشىم قېتىپ ئولتۇرۇپ بىر چاغدا ئۈگدەپ قاپتىمەن. كۆزۈم ئۇيقۇغا بارغاندىن كېيىن چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە خۇددى ئۆزۈمگە ئوخشاش بىر ئادەم ماڭا قاراپ:

— نېمىشقا كامارغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاجايىپ نەرسىلەرنى كۆرمەيسەن؟ — دەپ سورىدى، مەن ئۇنىڭغا:

— ئۇنىڭ ئىچى تولىمۇ قاراڭغۇ ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىددەتلىك شامال چىقىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا ئۇ يەرگە كىرەلمىدىم، — دېدىم. ئۇ يەنە:

— بىر قاچا تېپىپ، چىراغنى ئۇنىڭ ئىچىگە قويساڭ، چىراغ ئۆچۈپ قالمايدۇ. كامارنىڭ ئىچىمۇ يورۇيدۇ. شۇنى كۆتۈرۈپ كامارنىڭ ئىچىگە بىمالال كىرىۋەرگىن. ھېچقانداق خەتەرگە يولۇقمايسەن، — دېدى.

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن. ئۇ ئېيتتىكى:

— مەن ئىدرىس ئەلەيھىسسالامدۇرمەن.

شۇ ھامان چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. چۈشۈمدە ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە چىراغ كۆتۈرۈپ كامارنىڭ ئىچىگە كىردىم. مېڭىپ-مېڭىپ كامارنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە كىردىم. قارىسام ھېلىقى بۇتنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئاستىغا ئۇدۇل بىر شەيخ ئولتۇرغانىكەن. ئۇنىڭ ئالدىدا ئالتۇن ۋە جاۋاھىردىن ياسالغان بىرقانچە لەۋھەلەر تۇراتتى. ئۇ لەۋھەلەرگە:

«بۇ لەۋھەلەر ئىدرىسنىڭدۇر، ئۇنىڭدا يارىلىش ۋە يارىتىلىش سىرلىرى پۈتۈلگەندۇر» دەپ يېزىقلىق ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ لەۋھەلەرنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتىم. قارىسام دۇنيادىكى بارلىق ھېكمەت بۇ لەۋھەلەرگە يېزىلغانىدى. مەن ھەممىنى قەغەزگە كۆچۈرۈۋالدىم. بارلىق ئاجايىپ-غارايىپ تىلسىمات ئىلمىنى ئەنە شۇنىڭدىن ئۆگەندىم.

## قەلئەئى ھىرمان

«ئەجايىبۇل بولۇدان» دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، مىسىر تەۋەسىدە مەرمەر تاش بىلەن ئەينەكتىن ياسالغان غايەت زور بىر قەلئە بار بولۇپ، ئۇنى «قەلئەئى ھىرمان» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆت يۈز گەز، كەڭلىكىمۇ تۆت يۈز گەز كېلەتتى. بۇ مەرمەر تاشلارنى قوپۇرۇپ چىقىشتا لايىنىڭ ئورنىغا خام رو بىلەن قەلەيىنى ئېرىتىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندى، ھەر بىر پارچە تاشنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون گەز كېلەتتى. ئەمما ئۇ تاشلار ھەرگىزمۇ پارچە-پارچە بولماستىن، بەلكى باشتىن ئاياغقىچە بىر پۈتۈندەكلا كۆرۈنەتتى. ھەر بىر پارچە تاشقا تىبابەتچىلىك، سېھىرگەرلىك ۋە ئاجايىپ ئىلىملار پۈتۈلگەندى. ھەر بىر تۈۋرۈككە بىردىن ئىنتايىن چوڭ بۈركۈتلەرنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلار ھازىرلا ئۇچقىلىۋاتقان تىرىك بۈركۈتكە ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ئەگەر ئۇ بۈركۈتلەرنىڭ ئاغزىغا مىڭ پارچە تاشنى سالسىمۇ، ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋېرەتتى. ئۇ تاشلارنىڭ نەگە يوقاپ كېتىۋاتقانلىقىنى زادىلا بىلگىلى بولمايتتى.

كىشىلەر قەلئەنىڭ ئىچىدە ھەر بىرسى تۆگمەن تېشىدەك چوڭلۇقتىكى چىشلارنى كۆرگەن بولۇپ، ئۇ چىشلار تاشتىن ياسالغان تاۋۇتنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇلغان ئىكەن. تاۋۇتنىڭ ئۈستىگە: «بۇ چىشلار مۇشۇ قەلئەنى بىنا قىلغۇچىلارنىڭ چىشىدۇر» دەپ يېزىلغان ئىكەن.

يەنە ئۇ يەردە ئىككى گۈمبەز بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىچىككىنە بىرلا ئىشىكى بار ئىدى. ئۇ ئىشىكتىن قەھرىتان سوغۇق ئۇرۇپ، قاتتىق شامال چىقىپ تۇرغاچقا، ھېچقانداق جانلىق ئۇ ئىشىكتىن كىرەلمەيتتى. ئۇ گۈمبەزلەرنىڭ ئىچى زۇلمەت قاراڭغۇ ئىدى.

بۇ قەلئەدىن يەنە بىر تال مىس پۇل تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا: «ئاسمان-زېمىننى ياراتقان خۇداغا قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇ پۇلنى جاپا-مۇشەققەت بىلەن قولغا كەلتۈردۈم. ھەرگىزمۇ ئۇنى بىكارغا قولۇمدىن چىقارمايمەن. گۆرۈمگە ئاپتاپ چۈشكىنى، ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىگە چۈشكىنىدىن ياخشىدۇر» دېگەن خەتلەر يېزىلغان.

بۇ قەلئەنىڭ بىر تۈۋرۈكىگە: «كىمكى ئەڭ كۈچلۈك پادىشاھ بولۇشنى خالىسا، مۇشۇ قەلئەنى بۇزسۇن. ئەلۋەتتە بۇزۇش ياساشتىن ئاساندۇر» دەپ يېزىلغانىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا مەئمۇن خەلىپە بۇ گەپنى ئاڭلاپ قەلئەنى بۇزۇشقا بەل باغلىدى. ئۇ ھېسابسىز مال-دۇنيانى سەرپ قىلىپ، نەچچە مىڭ ئادەمنى بىر قانچە يىل ئىشلەتتى. مىڭبىر جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن ئاران قەلئەنىڭ ئون نەچچە قوغدىسىنى (ئون نەچچە كۆڭگۈرىنى) بۇزالىدى. ئۇ قەلئەگە نە تۆمۈر ئەسۋابلار، نە ئوت ھېچنەرسە تەسىر قىلمايتتى، بۇنىڭدىن ئارتۇق ھېچقانداق ئامال تاپالماي ئاخىرى قايتىپ كېتىشتى.

بۇ قەلئەگە ئادەمنىڭ كىرمەكى ئاسان ئەمەس ئىكەن. ئۇ يەرنى پۈتۈنلەي دىۋە-پەرىلەر ماكان قىلغان ئىكەن. بىر كۈنى مىسىرلىق قىزىقچىلاردىن بىرى باشقىلار بىلەن قەلئەدىكى ھېلىقى بۈركۈتنىڭ ئىچىگە كىرمەكچى بولۇپ باغلاشتى ۋە بۈركۈتنىڭ

ئافزىدىن كىرىپ كەتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ھېلىقى بىچارە قىزىقچى بىر تاشنىڭ قىسلچىقىدىن بېشىنى چىقىرىپ نېمىدۇر بىر نېمە دېدى. ئەمما ئۇنىڭ گېپىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. ئۇ ئادەم شۇ ھامان غايىب بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نىشان بولمىدى، شۇ يوقالغانچە يوقاپ كەتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئارستوتالىس ھېكىم مىسكەرچىلىك ئىلمى بىلەن بىر قەندىل ياساپ، ئىچىگە چىراغ ياندۇرۇپ، ئاندىن ئۇ چىراغنى كۆتۈرۈپ قەلئەئى ھەرمانىنىڭ ئىچىگە كىردى. ئۇنىڭ ئىچىدە پىلدىن تارتىپ چۈمۈلىگىچە بارلىق ھايۋانلارنىڭ سۈرىتىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئاسماننىڭ بىر بۆلىكىگە باغلىغانىدى. يەنى — ھايۋاننىڭ سۈرىتىگە «بۇنىڭ تەلىيى ئاسماننىڭ پالانى بۆلىكىگە تەئەللۇقتۇر» دەپ يېزىلغان ئىدى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر پۈتۈن دۇنيانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن قەلئەئى ھەرمانىنى بۇزۇپ باقماقچى بولدى. ئۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ بۇ قەلئەنى بۇزالمىدى. ئاخىرى ئۇ: «بۇ قەلئە تۆت ئەناسىردىن ياسالمىغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭدا نە تاش، نە تۆمۈر، نە سۇ، نە تۇپراق دېگەن نەرسىلەر مەۋجۇت ئەمەسكەن» دېدى. ئاندىن ئۇنى بۇزۇشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ كەتتى.

## ئىسكەندەر سېپىلى

ھەزرىتى ئىسكەندەر كۈنلەردىن بىرىدە يەجۇج-مەجۇجلەرگە يېقىن جايدىكى بىر يۇرتقا بېرىپ قالدى. ئۇ يەردىكى خەلقلەر ئىسكەندەرگە ئەرز قىلىپ مۇنداق دېيىشتى:

— يېنىمىزدىلا بىر تائىپە كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۇتلىرى قىسقا كەلگەن، ئۇلار پات-پاتلا بىزگە ھۇجۇم قىلىپ، يۇرتىمىزنى ۋەيران قىلىشىدۇ، بىز ئۇلاردىن يەقەتلا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمىز.

— ئۇلار نېمە سەۋەبتىن سىلەرگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئىسكەندەر ئۇلاردىن.

— ئۇلارنىڭ مىجەزى خۇددى ئەھرىمەن دىۋىگىلا ئوخشايدۇ. ھېچقانداق سەۋەبسىزلا بىزگە زەرەر يەتكۈزىدۇ. ئىللا بىللا بىزدىن ئۇلارغا ھېچقانداق يامانلىق يەتكىنى يوق — دېيىشتى ئۇلار.

ھەزرىتى ئىسكەندەر يىگىرمە مىڭ لەپەر ئۇستا تۆمۈرچىنى يىغىپ ئۇلارغا يەجۇج-مەجۇجلەرنىڭ چىقىدىغان يولىغا سېپىل سوقۇپ چىقىشقا ئەمر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈرچى ئۇستىلار تۆمۈر بىلەن قەلەيدىن پارچە-پارچە تاختا ياساپ، ئۇلارنى بىرقات-بىرقاتتىن ئۈستى-ئۈستىگە تىزىپ چىقتى، ئاندىن كۆرەك باستى. تۆمۈر، قەلەيلەر ئېرىپ ھەممىسى بىر پۈتۈن بولۇپ ئۇيۇپ قالدى. بۇ سېپىلغا: «بىز بۇ سېپىلنى ھەزرىتى پەرۋەردىگار ئالەمنىڭ ئىنايىتى بىلەن سوقۇپ چىقتۇق. ۋاقتى كەلگەندە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ زامانىسىدىن بىر مىڭ ئىككى يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن بارلىق كىشىلەرنىڭ كۆڭلى قارىيىپ كېتىدۇ. ناھەق قان تۆكۈلىدۇ ۋە زىنا زەلالەتنى ئوچۇق-ئاشكارا قىلىشىدۇ. ئەركىشىلەر ئاياللاردەك ياسىنىۋالىدۇ. بەزى ئاياللار بولسا ئەركىشىلەرنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ. شۇ چاغدا بۇ سېپىل ئېچىلىدۇ-دە، يەجۇج-

مەجۇجلەر چىقىپ پۇتۇن ئالەمگە بىر كېلە-
دۇ. ئۇلار يەر يۈزىدە بارلىكى نەرسىنى
يەپ، جاھاننى ۋەيران قىلىدۇ. ئاندىن كې-
يىن «سابۇس» دېگەن يەرگە بېرىپ ھەم-
مىسى ھالاك بولىدۇ» دېگەن خەتلەرلى
پۈتۈپ چىققتى.

## خەلىپىنىڭ چاۋشى

سەلام بىننى ئەتتەرجىمان مۇنداق دەيدۇ:
خەلىپە ۋاسىقى بىللاھ بىر كۈنى
چۈشىدە كۆردىكى، ئىسكەندەر سېپىلى (سە-
ددى ئىسكەندەر) ئېچىلىپ، ئىچىدىن يەجۇج-
مەجۇجلەر چىقىشقا باشلىغانىمىش. خەلىپە
بۇ چۈشىنى كۆرۈپ ناھايىتى قورقتى. ئۇ
چۈشىدە كۆرگەنلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە يۈز
بەرگەنلىكىنى ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈر-
تۈپ بېقىش ئۈچۈن بىزنى نۇرغۇن لەشكەر
بىلەن يولغا سالدى. بىر قانچە ئاي يول
يۈرگەندىن كېيىن ھېلىقى سېپىل بار
يەرگە يېتىپ باردۇق. قارىغۇدەك بولساق
يەتتە خىل مېتالدىن قۇيۇپ چىق-
قان ھەيۋەتلىك سېپىل قەد كۆتۈرۈپ
تۇراتتى. ئۇنىڭ نە ئۇزۇنلۇقى، نە كەڭلىك-
نى بىلگىلى بولمايتتى. بۇ سېپىلغا يەتمىش
گەز كەڭلىكتە بىر دەرۋازا ئورنىتىلغان بو-
لۇپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇنلۇقى يەتتە گەز كېلىدى-
غان بىر قۇلۇپ سېلىنغان ئىكەن. بىر زەن-
جىرگە ئون تۆت چىشلىق بىر قۇلۇپ
ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. بۇ يەرگە مەخسۇس بىر
ھاكىم بەلگىلەنگەن بولۇپ، ھەر جۈمە كۈ-
نى ھاكىم بىر قانچە مۇلازىملار بىلەن
بېرىپ دەرۋازىغا گۈرزىلار بىلەن ئۇرىدىكەن.
يەجۈج - مەجۇجلەر بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ «بۇ
سېپىلنىڭ قاراۋۇللىرى بار ئىكەن» دەپ
ئويلىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىكەن. بىز
بارغاندىن كېيىن ئۇلار يەنە دەرۋازىغا
گۈرزى بىلەن ئۇردى. قۇلاق سالسام سېپىل-
نىڭ ئىچىدىن قاتتىق ئاۋازلار ئاڭلاندى.
مەن ئۇلاردىن:
— بۇ نېمە ئاۋاز؟ — دەپ سورىدىم.
— يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ ئاۋازى، —
دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار.
— سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بىرەرسى يە-
جۇج - مەجۇجنى كۆرۈپ باققانمۇ؟
نەچچە ئاي بۇرۇن بىر كۈنى ئۇلار-
نىڭ بىر قانچىسى سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىق-
ۋالغان ئىكەن. تويۇقسىز بىر قارا بوران
كېلىپ ئۇلارنى بۇ باياۋانغا ئۇچۇرۇپ
چۈشتى.
ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھېسابلاپ
باقساق توپ - توغرا خەلىپە چۈش كۆرگەن
كۈنى يۈز بەرگەن ۋەقە ئىكەن.

## سالام تەرجىمانىنىڭ دەپىرى

«نۇزھەتۇل قۇلۇب» نىڭ ئاپتورى
«مەنالىكەل - مەمالىك» دېگەن كىتابتىن
نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:
خەلىپە ۋاسىق بىننى مۇئتەسەم ئاتى-
سىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تەختكە چىقتى.
ئۇ، يەجۇج - مەجۇجلەرنى توسىغىلى سوققان
سېپىل ھەققىدىكى سۆزلەر كىتابلاردا سۆز-
لەنگەن ھېكايىلەردىكىگە ئوخشاشمۇ ياكى
ئەكسىچىمىدۇ، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ راست-
يالغانلىقىنى بىلىپ باققۇسى كەلدى.
ھىجرىيە 228 - يىلى (مىلادىيە 842-،
843 - يىللىرى) خەلىپە ۋاسىق بىننى مۇ-
ئتەسىم سالام تەرجىمانىنى ئەللىك ئادەمگە
قوشۇپ سېپىلنى تەكشۈرۈپ بىلىپ كېلىشكە

ئەۋەتتى. سالام تەرجىمان سامىرەدىن ئەر-
مەنىيەگە باردى. ئاندىن شىرۋان پادىشاھى-
نىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ يەردىن ئالان پادى-
شاھىنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ باردى. ئۇنىڭدىن
كېيىن بابۇلئەبۋاب پادىشاھىنىڭ يېنىغا
باردى. (بابۇلئەبۋابنى «دەربەند» دەيمۇ
ئاتايدۇ.)

بابۇلئەبۋاب پادىشاھى سالام تەرجى-
ماننى بېلىق تۇتقىلى ئېلىپ چىقتى. ئۇلار
دەرياغا قارماق سېلىۋىدى، بىر بېلىق ئىلى-
نىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى يۈز گەز
كېلەتتى. بېلىقنىڭ قارنىنى يارغانىدى، ئىچى-
دىن ساھىبجامال بىر قىز چىقتى. ئۇنىڭ
تېزىغىچە كېلىدىغان كۆڭلىكى ئۆزىنىڭ تېرى-
سىدىن پۈتكەنىدى. ئۇ قىزنى بېلىقنىڭ
ئىچىدىن سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ئۇ قىز
بىردىنىلا ئۆزىنى - ئۆزى كاچاتلاپ، چاچلىرى-
نى يۇلۇپ، قاتتىق ۋارقىراپ ناله - پىغان
قىلىشقا باشلىدى. بىرەر سائەتتىن كېيىن
قىزنىڭ روھ قۇشى بەدەن قەپىسىدىن ئۇ-
چۇپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ سالام تەرجىمان ئۇ
يەردىن يۈرۈپ، سەرىر پادىشاھى تارخان-
نىڭ قېشىغا باردى. تارخان ئۇلارغا يول
باشلاپ مېڭىشقا بىر قانچە ئادەمنى ھەمراھ
قىلىپ يولغا سالدى. ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە
يىگىرمە ئالتە كۈن بولغاندا بىر يەرگە يې-
تىپ كەلدى. ئۇ يەردىن تولىمۇ بەدبۇي
سېسىقچىلىق پۇراپ تۇراتتى. ئۇ يەردىن
ئۆتۈپ ئون كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىر
شەھەرگە كەلدى. بۇشەھەر ئەسلىدە يەجۇج-
مەجۇجلەرنىڭ ماكانى بولۇپ، بۇ چاغدا خا-
راب بولۇپ كەتكەن ۋاقتى ئىدى. ئۇلار
يەنە يولنى داۋاملاشتۇردى. يىگىرمە يەتتە
كۈندىن كېيىن بىر قەلئەگە يېتىپ كەلدى.
بۇ قەلئەگە يېقىن بىر تاغ بار ئىدى. سېپىل
شۇ تاغنىڭ ئاغزىدا ئىدى.

سالام تەرجىمان سېپىلنىڭ ھەققە-
تەن كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەنگە ئوخشاشلىقى-
نى ھېس قىلدى، ئاندىن ئۇلار ئۆز يۇرتىغا
قاراپ يولغا چىقتى. ئىككى ئايدا سەمەر-
قەندكە يېتىپ كەلدى. سەمەرقەنددىن خۇ-
راسان يولى بىلەن سامىرەگە باردى. بۇ
بېرىش - كېلىش ئۈچۈن ئىككى يىل تۆرت
ئاي ۋاقىتنى سەرپ قىلدى.

بۇ نەقىل «مەسالىكۇل - مەمالىك» دې-
گەن كىتابتىن كەلتۈرۈلدى. بۇنى «تارىخىي
مەغرىب»نىڭ ئاپتورىمۇ تەستىقلىگەن ۋە
ئىشەنچىلىك دەپ قارىغان.

## دىيارى مەزلۇمە

يەمەن زېمىنىدا «دىيارى مەزلۇمە»
دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار بولۇپ، فىر-
ئەۋنلەرنىڭ يۇرتىدۇر. ھەزرىتى زۇلقەرنە-
ين مۇشۇ شەھەردە ۋاپات بولغان.

زۇلقەرنەين بۇ شەھەرگە يېتىپ كەل-
دى. بۇ شەھەر ئىنتايىن قاراڭغۇ ئىدى.
شەھەرنىڭ كەڭلىكى قىرىق مىل كېلەتتى.
شەھەرنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ سۈرەتلەرنى ۋە
ئالتۇن دەرۋازىلارنى كۆردى. پادىشاھلار
بېشىغا ئالتۇن تاجلارنى كىيىپ تەختتە
ئولتۇراتتى. پاسىبانلار ئىشىكلەردە تۇراتتى.
ھەزرىتى ئىسكەندەر قولىغا بىر دانە گۆھەر
كۆتۈرۈپ كىرگەنىدى، شەھەرنىڭ ئىچى
كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. ئۇ شەھەر ئىچى-
نى ئايلىنىپ سەيلە - تاماشا قىلدى. كۆردى-
كى بازارلاردا دۇكانلار ئېچىقلىق تۇراتتى.
كوچا ۋە ئۆيلەردە ئەر - ئايال، قېرى - ياش-
لار، باللار ھەممىسى تاش بولۇپ قېتىپ
قالغان ھالەتتە تۇرۇشاتتى.

كېيىتىشلارغا قارىغانىدا، ئۇ زۇلمەت
هازىرغىچە بار ئىمىش. ئۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ
سەۋەبى نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيـ
دىكەن. بەزىلەر، بۇ شەھەرگە كۈننىڭ نۇ-
رى چۈشمەيدىكەن، دېسە، يەنە بەزىلەر،
ئۇ يەردىن غەلىتە بىر خىل گاز (ياكى ھور)
چىقىپ كۈننىڭ يۈزىنى توسۇۋالغاچقا، ئۇ
شەھەرگە يورۇق چۈشمەيدۇ، دېيىشىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ھەزرىتى ئىسكەندەر
ئۇ يەردە يوغان بىر پارچە لەۋھەنى كۆردى.
ئۇنىڭغا مۇنۇلار پۈتۈلگەنىدى:

«بىز ئەسلىدە سەمۇد قەۋمىدىن ئىدۇق.
تولىمۇ راھەت ـ پاراغەتتە ياشايتتۇق، تەڭـ
رى بىزگە ھىنتىلەلى پەيغەمبەر قىلىپ
ئەۋەتتى، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماي ئۇنى
ئۆلتۈرۈۋەتتۇق، شۇنىڭدىن كېيىن تەڭرى
بىزنى ۋە شەھىرىمىزنى مانا مۇشۇنداق قارا
قىلىۋەتتى.»

ھەزرىتى ئىسكەندەر بۇنى ئوقۇپ
يىغلاپ كەتتى، ئاندىن يەنە شەھەرنىڭ
دەرۋازىسىغا: «بۇ شەھەرنى ئەڭ ئاۋۋال
بىنا قىلغۇچى جەۋاب بىننى ۋارىسى بىننى
شەدداد بىننى ئاددۇر» دەپ يېزىلغانىدى.

دېمەك بۇ شەھەرگە نۇرغۇن پادىشاھـ
لار شاھلىق قىلغان. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەمـ
مىسى تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن.

### قەسىرۇل ـ رەساس

مۇنداق رىۋايەت قىلىشىدۇ: رۇم بايا-
ۋىنىدا بىر زور گۈمبەز بار بولۇپ، ئۇنى
«قەسىرۇل ـ رەساس» دەپ ئاتايدۇ. كۈنلەر-
دىن بىر كۈنى بىر ئادەم رۇملۇقلارغا ئە-
سىر چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئادەم قۇرئاننى
ناھايىتى ياخشى ئوقاتتى. قۇستەنتىنىيە پادـ
شاھىغا ئۇنىڭ قىرائىتى يېقىپ قالغاچقا،
ئۇ ئادەمنى ئەسىرلىكتىن بوشىتىپ ئۆزىنىڭ
قېشىدا تۇرغۇزۇۋالدى. بىر قانچە ۋاقىتتىن
كېيىن ئۇ ئادەم پادىشاھقا ئىلتىماس قىلىپ:

— قەسىرۇل ـ رەساسنى كۆرۈپ بېقىشـ
نى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم، ئەگەر بېرىپ
كۆرۈپ كېلىشكە رۇخسەت قىلسىڭىز مەن
ناھايىتى زور مەرھەمەتكە ئېرىشكەن بولاتـ
تىم، — دېدى.

پادىشاھ ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى.
ئۇ ئادەم قۇستەنتىنىيەدىن چىقىپ بىر قانچە
ۋاقىتتىن كېيىن ھېلىقى باياۋانغا يېتىپ
باردى. قارىغۇدەك بولسا بىر ئالىي گۈمبەز
قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا
گۈمبەزنىڭ ئىشىكىنى توسۇپ تۇرغان بىر
بۇت بار ئىدى. بۇتنىڭ قولىغا مۇنۇلار
يېزىقلىق ئىدى:

«ھەر قانداق پادىشاھنىڭ سەلتەنىتى
ئاخىرى زاۋال تاپىدۇ. پەقەت تەڭرىلا ئالە-
مىنىڭ ھەقىقىي پادىشاھىدۇر. ئۇنىڭ سەلتەنـ
تى ھەرگىز زاۋال تاپمايدۇ. مېنى مۇشۇ
جايىمدىن يۆتكىۋەتمىگۈچە ھېچقانداق ئادەمـ
نىڭ بۇ گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرەلىشى مۇمـ
كىن ئەمەس!»

ھېلىقى ئادەم بۇتنى جايىدىن يۆتكە-
ۋەتكەندىن كېيىن، دېگەندەك گۈمبەزنىڭ
ئىشىكى ئېچىلدى. ئۇ گۈمبەزنىڭ ئىچىگە
كىرىپ كۆردىكى، بىر داستىخاننىڭ ئۈستىـ
گە مىڭ ئادەمنىڭ جەسىتى قويۇلغانىدى
يەنە ئۇ جايدا ناھايىتى چوڭ بىر قەبرە
بار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەللىك گەز ئۇزۇنلۇقتا
قەبرە تېشى ئورنىتىلغانىدى. قەبرە
تېشىغا مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

«ئۆلۈمدىن قورقىمەن، كۆلۈشتىن ئىلگىرى

ھەممە ئىشقا ئالدىرا. ئۆلۈم، تىلغا ئاسان. ئەگەر ئىتائەتمەنلەرگە مېھرىباندۇر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغىن. ئەي ئىنسان بالىسى، بۇ داستىخاندا مەلىك پادىشاھ غەزالانى ئالىدى، بۇ لام بىننى ئابىر ئەلمۇلكىنىڭ قەبرىسىدۇر. لام يۈز يىل شاھلىق تەختىدە ھۆكۈم سۈردى، يۈز مەلىك شەھەرنى قولغا كىرگۈزدى، ئەمما ئۆلۈمگە چارە تاپالمىدى. ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ يەرگە قەدىمى يەتسە، بۇلاردىن ئىبرەت ئېلىشى ۋە بۇ گۈمبەزدىكى نەرسىلەردىن ھېچقانداق نېمىنى ئېلىپ ماڭماسلىقى كېرەك.»

## ھاتەم تەينىڭ پەزىلىتى

ھاتەم تەي بىر كۈنى ئالىي زىياپەت تەييارلىدى ۋە ئۆز قەۋمى ئىچىدىكى ئۇلۇغلاردىن بىر قانچىنى زىياپەتكە چاقىردى. يولدا كېتىۋاتقان بىر دىۋانە بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتى. ئۇ مېھمانلارغا قوشۇلۇپ ھاتەم تەينىڭ زىياپىتىگە كىردى. ھاتەم تەينىڭ نەزىرى دىۋانىگە چۈشتى - دە دەرھال ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، تۆرگە تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار بۇ ئىشقا ئەجەبلىنىپ:

— ئەي ھاتەم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟— دەپ سوراشتى. ھاتەم:

— سىلەرنى بۇ يەرگە مېنىڭ ئازۇ-نېمىتىم كەلتۈردى. ئەمما بۇ بىچارىنى بولسا، مېنىڭ ساخاۋىتىمنىڭ شۆھرىتى يەتكۈزدى. شۇڭا بۇنىڭ مەرتىۋىسى سىلەردىن يۇقىرى تۇرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى،

## جەننەتنىڭ مېۋىسى

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نىل دەرياسىنىڭ ياقىسىدا بىر قەسىر بار ئىدى. خالىد بىننى ئاشالۇم بىننى ئەلئەس ئىسىملىك بىر ئادەم پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن قېچىپ ئۇ قەسىرگە بېرىپ قالدى. ئۇ يەردىمۇ توختىماي ئۆتۈپ كەتتى ۋە نىل دەرياسىنى بويلاپ ماڭغىنىچە ئۈچ يىلدىن كېيىن ئەخزەر دەرياسىغا يېتىپ باردى. ئۇ يەردە بىر تۈپ ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىدە بىر ئادەم ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ كىشى خالىددىن:

— بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. خالىد ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ تەرەپلەرنى كۆرۈپ - بىلىپ باققۇم كەلدى.

— مەن ئۇمران بىننى ئەلئەس بىنلمى ئىسھاق بولىمەن. مەنمۇ ساڭا ئوخشاش مەقسەت بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن. ئەگەر مېنى بۇ يەردە قېلىپ ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇدى. سەنمۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن، بۇ يەردە بىر تۈرلۈك جانىۋار بار. كۈن چىققان چاغدا ئۇ جانىۋار پەيدا بولىدۇ. قاچانكى ئۇ جانىۋار پەيدا بولسا دەرھال ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋال. ئۇ سېنى بۇ دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ.

خالىد ئۇ ئادەمنىڭ قېشىدا تۇردى. بىر چاغدا كۈن چىقتى. كۈن چىققان ھامان ھېلىقى جانىۋار پەيدا بولدى. خالىد ئۇنىڭ ئۈستىگە چاققانلىق بىلەن مىنىۋالدى. ئۇ جانىۋار خالىدنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويدى. خالىد شۇنداق بىر ئاجايىپ زېمىننى كۆردىكى، ھەممە نەرسە ئالتۇن - كۈمۈشتىن، ھەتتا دەرەخلەرمۇ ئالتۇندىن ئىدى. ئۇ يەردە ئالتۇندىن ياسالغان بىر

گۆمبەزنى كۆردى. گۆمبەزنىڭ تۆت ئىشكى
بار ئىدى. گۆمبەزنىڭ ئىچىدىن ئېقىپ چىقـ
قان سۇ تۆت ئىشىكتىن چىقىپ تۇراتتى.
شۇ چاغدا نەدىندۇر بىر پەرىشتە پەيـ
دا بولدى. ئۇنىڭ قولىدا زۇمرەتتىن سوـ
زۇك بىر ساپ ئۈزۈم بار ئىدى. ئۇ ئۈزۈمـ
نى خالىدغە بەردى ۋە ئۇنىڭغا دېدىكى:
— بۇ جەننەتنىڭ غورىسىدۇر. ئەمدى
بۇ يەردىن كەينىڭگە قايتقىن. چۈنكى بۇنىڭ
نېرىسىغا بېرىشقا يول يوق.
خالىد ئۇ يەردىن كەينىگە ياندى. يەـ
نە ھېلىقى جانىۋار پەيدا بولۇپ خالىدنى
دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويدى. ئالما دەرىخىنىڭ
يېنىغا بېرىپ كۆردىكى، ئۇمران ۋاپات بولۇپتۇ.
شۇ چاغدا بىر قېرى ئادەم پەيدا بولدى.

— ئەي خالىد، مۇلۇ ئالمىلاردىن ئېلىپ
يېگىن، — دېدى ئۇ.
— ماڭا مۇشۇ ئۈزۈم كۇپايە قىلىدۇ، —
دېدى خالىد. ئۇ قېرى يەنە خالىدقا:
— مېنىڭ نەسىھىتىمنى ئاڭلاپ ئالـ
مىدىن بىرنى يېگىن، — دېدى.
خالىد بىر ئالمىنى ئېلىپ چىشلەش
ھامان غايىبتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، «ئەي
خالىد! ئەگەر قولۇڭدىكى ئۈزۈمگە قانائەت
قىلغان بولساڭ تا ئۆلگۈچە ھېچقانداق غىـ
زا-تائامغا موھتاج بولماس ئىدىڭ. دائىم
توق-باياشاد ياشىغان بولاتتىڭ. ئەمما سەن
شەيتاننىڭ گېپىگە كىرىپ كەتتىڭ. ئەمدى
قولۇڭدىكى مېۋىدىن ساڭا ھېچقانداق پايـ
دا يوق.»

## كېسرى گۆمبىزى

ھىجرىيە 144-يىلى (مىلادىيە
761-762-يىللىرى) خەلىپە ئەبۇ جەئپەر
باغداد شەھىرىنى قايتا ياساپ، بۇزۇلغان
جايلارنى رېمونت قىلىپ چىقماقچى بولدى.
ئاندىن كېسرى گۆمبىزىنى بۇزۇپ ئورنىغا
ئالاھىدە بىر ئىمارەت بىنا قىلماقچى بولۇپ
ئۆزىنىڭ ۋەزىرى سۇلايمان ئىبنى خالىد
بىلەن بۇ توغرىلىق مەسلىھەتلەشتى. ئەمما
ۋەزىر سۇلايمان گۆمبەزنى بۇزۇشنى مۇۋاپىق
كۆرمىدى. ئۇ خەلىپىگە مۇنۇلارنى دېدى:
— بۇ كېسرى گۆمبىزىنى بۇزۇش ئۇـ
چۈن قول ئۇزاتقان ئادەمنى ئەدەبلىك دېـ
گىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ھەزرىتى پەيغەمـ
بەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىدىنىڭ بىرىـ
دۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنى بۇزماقمۇ ئاسانـ
غا چۈشمەيدۇ. بۇ پەشتاقنى بۇزۇشقا بىز
چوقۇم ئاجىز كېلىمىز. ئاقىۋەتكىشىلەر ئەبەدىلـ
ئەبەد بىز توغرىمىزدا سۆز-چۆچەك
قىلىشىپ «بىر پادىشاھ ياسىغان ئىمارەتنى
يەنە بىر پادىشاھ ۋەيران قىلماقچى بولدى.
لېكىن ئۇنى بۇزۇشقا كۈچى يەتمىدى» دېـ
يىشىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشقا قەـ
دەم باسمايلى، كېيىن پۇشايمانغىمۇ قالمايلى.
خەلىپە ئەبۇ جەئپەر ۋەزىرنىڭ گېـ
پىگە قۇلاق سالماي، گۆمبەزنى بۇزۇشقا
تۇتۇندى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئۇنى
بۇزۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان پۇلنىڭ
ھەددى-ھېسابى يوق بولۇپ، ئۇنىڭغا پۈـ
تۈن خەزىنىدىكى دۇنيامۇ يەتمىگۇدەك. ئاـ
خىرى ئامالسىزلىقتىن خەلىپە بۇ ئىشتىن
قول تارتتى.

## باغداتتىكى هاممام

«ئىبنى جوزئى مۇنتەزىم» دا دېيىلى-
شىچە، خەلىپە ئەبۇ جەئپەرنىڭ زامانىدا
باغداد ناهايىتى ئاۋاتلىشىپ كەتكەندى.
كۈندە 60 مىڭ هاممام تىجارەت بىلەن
شۇغۇللىناتتى. كېيىنچە باغداد خارابىلىشىش-
قا باشلىدى. بۇ چاغلاردا بەزىدە 26 مىڭ،
بەزىدە 17 مىڭ هاممام تىجارەت قىلىپ
تۇردى.

## ھىراتنىڭ گۈللىنىشى

«نۇزهەتۇل — قۇلۇب» ناملىق كىتابنىڭ
ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: غورسۇلتانلىرىنىڭ
دەۋرىدە هىرات شۇ قەدەر مەمۇرچىلىق
بولغانىدى. پەقەت شەهەر ئىچىدىلا 12 مىڭ
دۇكان، 6 مىڭ هاممام، 6 مىڭ كارۋان
ساراي، 6 مىڭ تۈگمەن، 359 مەدرىسە،
350 خانىقا، 400 ئاشخانا بار ئىدى. شە-
هەر ئاهالىسى 440 مىڭ ئۆيلۈك ئىدى.

پادىشاه سۇلتان هۆسەيىن مىرزىنىڭ
زامانىدا هىرات ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرگە
كىردى. كاسىپلاردىن شەهەر ئىچىدىكى
ناۋايلارنىلا مىسالغا ئالساق، بىر كۈندە نان-
نىڭ يۈزگە سېيىش ئۈچۈنلا 21 ئۇلاغ
سىيادان كېتەتتى. مەخسۇس ئوقۇۋاتقان
تالىپلار 15 مىڭ نەپەردىن ئاشاتتى.

## مۇئەللەق بۇتنىڭ سىرى

هىجرىيە 410 - يىلى (مىلادىيە 1019-،
1020 - يىللىرى) سۇلتان مەهمۇد سو...①
نى ئىشغال قىلدى. ئۇ شەهەردىكى بۇتخا-
نىلارنىڭ بىرىدە بىر بۇتنى كۆردى. ئۇ بۇت
بۇتخانىنىڭ ئىچىدە هاۋادا مۇئەللەق تۇ-
راتتى. ئۇنى هېچنەرسە تۇتۇپ تۇرمايتتى.
سۇلتان مەهمۇد بۇنى كۆرۈپ هەي-
ران قالدى ۋە ئالىملاردىن بۇنىڭ سەۋەب-
نى سورىدى. ئالىملار:
— بۇ ئۆينىڭ تېگى تۆت تېمى ۋە
ئۆگزىسى تامامەن ئاهەنرەبا (ماگنىت) تىن
ياسالغان ئىكەن. بۇ بۇتنى بولسا تۆمۈردىن
ياساپتۇ. هەممە تەرەپتىكى ئاهەنرەبانىڭ
تارتىش قۇۋۋىتى ئوخشاش نىسبەتتە ياسى-
لىپتۇ. ئۆينىڭ تېگى، تام - تورۇسلار تۆمۈر
بۇتنى تەڭ تارتىپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا بۇت
هېچقاياققا كېتەلمەي چىڭ ئوتتۇرىدا تۇ-
رۇپ قاپتۇ، — دېيىشتى.

سۇلتان بۇ سىرنى بىلگەندىن كېيىن،
ئۇنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى
بولۇپ بۇتخانىنىڭ بىر تېمىنى بۇزدۇردى.
تام بۇزۇلغان هامان بۇت موللاق ئېتىپ يەر-
گە چۈشتى.

## ئاجايىپ ۋەقەلەر

(1)

هەر بىر دەۋىر ۋە هەر بىر زاماندا
يۈز بەرگەن ئاجايىپ هادىسىلەر توغرىسىدا
رىۋايەت قىلغۇچىلار مۇنداق دەيدۇ:
مەهدى خەلىپىنىڭ زامانىسدا هىجرى-
يە 164 - (مىلادىيە 780 -، 781 -) يىلى
زۇلهەججە ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئىدى. يې-
ڭى ئاڭ سۈزۈلگەن سۈبهى ۋاقتى ئىدى.
ئالەم بىردىنلا شۇنداق قاراڭغۇلىشىپ كەتتىكى،
كۈنچىقىشتىن نىشانمۇ بولمىدى. بەلكى

① ئەسلى قولىيازمىدا كۆپ ئېيىتمەت ئۆرلىدىكى سۆز ئۆچۈپ كەتكەن.

قاراڭغۇ كېچىگە ئوخشاش زۇلمەت بولۇپ كەتتى. قاش-كۆزنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. تاكى ناماز پېشىنغىچە ئەنە شۇنداق قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈردى. بۇنداق ۋەقە ھېچقاچان بولۇپ باقمىغانىدى.

(2)

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇسەتسالىس (ئۇنى قەيسەرى سالىس دەپمۇ ئاتايدۇ) نىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغىنىنىڭ ئىككىنچى يىلى ئىدى. بۇ دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان يىللىرى ئىدى. شىمالى قۇتۇپ تەرەپتە مەشئەلگە ئوخشاش بىر ئوت پەيدا بولدى. تاكى يىلنىڭ ئاخىرىغىچە يوقالمىدى. ئۇ يىلى ھەر كۈنى چۈشكە يېقىنلاشقان ھامان پۈتۈن جاھان شۇنچىلىك قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتىكى، ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئاسماندىن كۈلگە ئوخشاش نەرسىلەر ياغاتتى. بۇ ۋەقە ھەققىدە بەزى ئۆلىمالار ئۆزلىرىنىڭ ھېكمەتلىك كىتابلىرىدىمۇ بايان قىلغان.

(3)

ھىجرىيە 224- (مىلادىيە 838-، 839-) يىلى مۇئتەسىم خەلىپىنىڭ دەۋرى ئىدى، شۇ يىلى شەۋۋال (10-ئاي) دا باغدادتا مۆلدۈر ياغدى. مۆلدۈرنىڭ چوڭلۇقى توخۇ تۇخۇمىدەك بار ئىدى. مۆلدۈرنىڭ سەۋەبىدىن ئۈچ يۈز يەتمىش ئادەم ھالاك بولدى. نۇرغۇنلىغان ئىمارەتلەر ۋەيران بولدى. شۇ كۈنى يەنە ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئاۋاز مۇنداق دەپ مۇناجات قىلاتتى: «ئەي خۇدا، بەندىلىرىڭگە رەھىم-شەپقەت قىلغىن ۋە بەندىلىرىڭنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلغىن!» ئەمما بۇ ئاۋازنىڭ ئىگىسىنى ھېچكىم كۆرمەيتتى. ئۇنىڭ باسقان قەدىمىنىڭ ئىزى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھەر بىر ئالغان قەدىمىنىڭ ئارىلىقى بەش گەز بولۇپ، يەردىكى قەدەم ئىزلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر گەز، كەڭلىكى بىر غېرىچ كېلەتتى.

(4)

رىۋايەت قىلىنىشىچە، خەلىپە ۋاسىق بىللانىڭ زامانىدا، شەرق تەرەپتە بىر ئوت پەيدا بولدى. ئۇ ئوتتىن ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. بۇ ئاۋازنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ نۇرغۇن ئادەملەر ھالاك بولۇپ كەتتى.

يەنە، نۇشىرىۋان ئادىلنىڭ دەۋرىدە بەنى ئەتفان تەرەپتە يەردىن بىر پارچە ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. ھەرقانداق ئادەم ئۇ يەردىن ئۆتسە ئوت ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتەتتى. بەزى ئەرەبلەر ئۇ ئوتقا چوقۇناتتى.

شۇ كۈنلەردە خالىد بىننى سەنان خەلقىنى ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئەرەبلەردىن ھېلىقى ئوتقا چوقۇنماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى تەرغىب قىلغاندا ئەرەبلەر ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىشتى:

— بىز ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى شۇ شەرت بىلەن قوبۇل قىلىمىزكى، ئەگەر سەن ئەشۇ ئوتنى ئۆچۈرەلىسەڭ، ئاندىن ساڭا ئىمان كەلتۈرىمىز. بولمىسا سۆزۈڭنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلمايمىز.

خالىد ئۆزىنىڭ دوستلىرىدىن ئون نەپەر ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ ھېلىقى ئوت بار يەرگە باردى. خالىد قولىدىكى كالتەك

بىلەن ئوتنى ئۆردى. ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ كەينى-كەينىدىن ئۆردى. ئوت بۇلارنىڭ ئالدىدىن قېچىپ بېرىپ بىر قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. خالىد ئوتنىڭ كەينىدىن قوغلاپ قۇدۇققا چۈشتى ۋە بىر ھازادىن كېيىن قايتىپ چىقتى. قارىغۇدەك بولسا خالىد پۈتۈنلەي تەرگە چۈمۈلگەن ئىكەن، ئەمما ھېچ ئەزاسى كۆيمەپتۇ. شۇنىدىن كېيىن ئۇ ئوت يوقاپ كەتتى. ئىككىنچىلەپ كۆرۈنمىدى.

خالىد ئاخىرقى ئۆمرىدە مۇنۇ سۆزنى ۋەسىيەت قالدۇردى:

— مېنى پالانى دۆڭلۈككە دەپنە قىلىڭلار. ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر قۇيرۇقى كېسىك شىر شۇ دۆڭلۈككە كېلىدۇ. شۇ چاغدا مېنى قەبرىدىن ئېچىپ ئېلىڭلار. شۇ چاغدا تا قىيامەتكىچە يۈز بېرىدىغان بارلىق ۋەقەلەردىن خەۋەر بېرىمەن.

شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا جان تەسلىم قىلدى. ئۇنى ئۆز ۋەسىيىتى بويىچە ئەشۇ دۆڭلۈككە دەپنە قىلدى. ئون كۈندىن كېيىن بىر قۇيرۇقى كېسىك شىر پەيدا بولدى. خالىدنىڭ قەۋمى خالىدنى قەبرىدىن ئېچىپ ئالماقچى بولۇشتى. ئەمما خالىدنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بۇ ئىشقا ھەرگىز قوشۇلمىدى.

(5)

ھىجرىيە 330 - (مىلادىيە 941 -، 942 -) يىلى مۇقتەفى خەلىپىنىڭ زامانىسىدا ئاسماندا بىر يۇلتۇز پەيدا بولدى. ئۇ يۇلتۇزنىڭ قۇيرۇقى شەرقتىن-غەربكىچە سوزۇلغانىدى. ئۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ئون سەككىز كۈنگىچە تۇرۇپ ئاندىن يوقالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن يەر يۈزى شۇنچىلىك قەھەتچىلىك بولۇپ كەتتىكى، سەككىز چارەك بۇغداينى ئۈچيۈز يىگىرمە مىسقال تىللاغا سېتىۋالىدىغان بولدى. خالايىق ئىچىدە ۋابا تارقىلىپ، بىچارە خەلقلەر ھەددى-ھېسابسىز ئۆلۈپ كەتتى. ھەتتا ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنى دەپنە قىلغىلىمۇ ئادەم تېپىلماي قالدى.

(6)

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تەبرىز شەھىرىنى خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ ئايالى زۇبەيدە خاتۇن بىنا قىلغان ئىكەن. ھىجرىيە 244 -(مىلادىيە 858 -، 859 -) يىلى يەر تەۋرەشتە خاراب بولغان. كېيىن مۇتەۋەككىل خەلىپىنىڭ دەۋرىدە قايتا ياساپ چىققان ئىكەن.

ئەبۇتاھىر مۇنەججىم شىرازى ئاسترونومىيە ئىلمىدا تەڭداشسىز ئىدى. ئۇ مۇنداق دەپ ھۆكۈم قىلغانىدى:

ھىجرىيە 433 -يىلى سەپەر ئېيىنىڭ تۆتىنچى كۈنى جۈمە كېچىسى (مىلادىيە 1041 -، 1042 -يىلى ئىككىنچى ئاي) ناماز شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىلىقىدا قاتتىق يەر تەۋرەيدۇ. ئۇ چاغدا بۇ تەبرىز شەھىرى يەر بىلەن يەكسان بولۇشقا ئاز قالىدۇ.

شۇ كېچىسى خەلقنىڭ تولىسى شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ شەھەرگە قاراپ تۇردى. دېگەندەك شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىلىقىدا شۇنداق قاتتىق يەر تەۋرىدىكى، خۇددى قۇرئاندىكى «زۇلزىلۇ زىلزالەن شەدىدەن» (مۆمىنلەر قاتتىق يەر تەۋرەشكە ئۇچرىدى)① دېگەن ئايەتنىڭ ئۆزى بولدى. ئەمىر ياسىر خۇسرەۋ ئۆزىنىڭ

① «قۇرئان كەرىم» ٣٣ - سۇرە ئەھزاب ١١ - ئايەت.

«پەسەرنامە» دېگەن كىتابىدا بۇ توغرىلىق مۇنداق يازىدۇ:

«مەن ئۇ چاغدا تەبرىزدە ئىدىم. شۇ ئاخشىمى قاتتىق يەر تەۋرىدى. شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمىگەنلەر يەر تەۋرەشتە بىرسىمۇ قالماي جېنىدىن ئايرىلدى. شەھەرنىڭ ئىچىدە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى قىرىق مىڭدىن ئاشىدۇ.

ئەلقىسسە، تەبرىز شەھىرى يەر تەۋرەشتە ئىككى قېتىم ۋەيران بولدى. كىشىلەر شەھەرنى قايتا بىنا قىلماقچى بولۇشۇپ ئەبۇ تاھىر مۇنەججىمدىن مەسلىھەت سورىدى. ئەبۇ تاھىر ئۇلارغا قاراپ:

— ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە ئاندىن بۇ ئىشقا قەدەم قويايلى. شۇ چاغدىلا شەھىرىمىز يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن ساقلىنىپ قالالايدۇ، — دېدى، ئەبۇ تاھىر تەلەي يۇلتۇزى يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن كىشىلەرگە مۇنداق دېدى:

— ئەمدى بۇ شەھەر بۇنىڭدىن كېيىن يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولمايدۇ، دەپ ۋەدە قىلالايمەن. ئەمما سۇ ئاپىتىدە ۋەيران بولمايدۇ، دەپ ھۆددە قىلالمايمەن، — دېدى. ئاندىن ئۇلار شەھەرنى قايتا قۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى ۋە پۈتتۈرۈپ چىقتى. بۇ شەھەر تا ھازىرغىچە **شۇ پېتىچە** تۇرماقتا.

(7)

تارىخىي ھادىسىلەر ھەققىدە، «قەۋامۇل - مۆلكى» دە شەيخ ئەبۇ ئەلىدىن مۇنداق نەقىل كەلتۈرگەن: بىر كۈنى جۇرجان دېگەن جايدا ھاۋادىن ئېغىرلىقى بىر يۈز ئەللىك پاتمان كېلىدىغان بىر پارچە تۆمۈر چۈشتى. ئۇ چۈشكەن چاغدا ئەتراپتىكى خەلققە ناھايىتى قاتتىق ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ۋەقەنى جۇرجاننىڭ ھاكىمىغا خەۋەر قىلىشتى. جۇرجاننىڭ ھاكىمى بولسا سۇلتان مەھمۇدقا خەۋەر يەتكۈزدى. سۇلتان مەھمۇد بۇنى ئاڭلاپ: «ھاۋادىن چۈشكەن ئۇ نەرسىدىن ئازراق ئۈشتۈپ ماڭا ئەۋەتكىن» دەپ خەت يېزىپ بەردى. ئۇلار ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇ نەرسىدىن ئازراقمۇ ئۈشتالمىدى. ئاخىرى تۆمۈرچىلەرنى يىغىپ، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار بىلەن ئاران بىر پارچە سۇندۇرۇۋالدى ۋە ئۇنى جۇرجاننىڭ ھاكىمى سۇلتان مەھمۇدقا ئەۋەتىپ بەردى. سۇلتان ئۇ بىر پارچە تۆمۈرنى تۆمۈرچى ئۇستىلارغا تاپشۇردى ۋە ئۇنىڭدىن بىر تىغ ياساپ بېرىشنى بۇيرۇدى. ئۇستىلار خېلى تىرىشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەكمۇ قاتتىقلىقىدىن بىرەر نەرسە ياساش ئامالىنى تاپالمىدى.

(8)

بىر كۈنى ناسىرۇددەۋلەنىڭ ئالدىغا ئەرمەن ۋىلايىتىدىن كەلگەن ئىككى ئادەمنى ئېلىپ كېلىشتى. ئۇلار ئىككىسى بىر تۇغقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ دۈمبىسى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ تۇراتتى. ئۇلار شۇ چاغدا دەل يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەن ئىكەن. تاماق يېيىش ۋە يېتىپ - قوپۇشتا بىر - بىرىگە كاشىلا بولاتتى.

ئىبنى جۇزىنىڭ ئېيتىشىچە، ھىجرىيە 352 - (مىلادىيە 963 -) يىلى مەۋسىل ھاكىمى ناسىرۇددەۋلەنىڭ قېشىغا مەيدىلىرى بىر - بىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان ئىككى ئادەمنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ باشقا

ئەزالىرى ئايرىم ئىدى. بىرىنىڭ خىيالىدا خوتۇن كىشىنىڭ ھەۋىسى بولسا، يەنە بىرى ئوغۇالارنى ئويلايتتى. بىر كۈنلىرى قازا يېتىپ ئۇلارنىڭ بىرسى ئاغرىپ ۋاپات بولۇپ كەتتى. يەنە بىرسى ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئاخىرى ھېلىقى ئۆلگىنىنىڭ جەستى سېسىشقا باشلاپ، بەدبۇي پەيدا بولدى. ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقىنىڭ تەسىرىدىن يەنە بىرىمۇ كېسەل بولۇپ ئۆلدى.

(9)

ئىبنى جوزى مۇنداق دەيدۇ: مۇتەۋەككىل خەلىپىنىڭ دەۋرىدە قىرۋان مەملىكىتىنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئون ئۈچ كەنت يەر يېرىلىپ يەرنىڭ تېگىگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ كەنتلەردىكى كىشلەردىن قىرىق ئىككى كىشى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن بۇ ھادىسىدىن ئامان قالدى.

(10)

يەمەن ۋىلايىتىدە يەر تەۋرەپ تاغنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان بىر كەنت ئۆز جايىدىن ئاجراپ، باشقا بىر جايغا بېرىپ چۈشتى. لېكىن بۇ كەنتنىڭ يېرى ۋە دەرەخلىرىگە قىلچە زىيان يەتمىدى.

(11)

خەۋەر قىلىنىشىچە، مۇتەۋەككىل خەلىپىنىڭ زامانىدا دەجلە دەرياسىنىڭ سۈيى ئۈچ كۈنگىچە زەپەرگە ئوخشاش سېرىق بولۇپ ئاقتى. بۇنى كۆرگەن خالايىق غەم - قايغۇغا چۆمدى. ئاندىن كېيىن بىرقانچە كۈن قىپقىزىل بولۇپ قالدى. دەل شۇ كۈنلەردە دامغاندا قىرىق بەشمىڭ ئادەم يەر تەۋرەشتە ھالاكەتكە ئۇچرىدى. بەستامنىڭ يېرىمى ۋەيران بولدى. جۇرجان، تەبرىستان، نىشاپور، ئىسفاھان، قۇم ۋە كاشان قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى بىر كۈندە، بىر سائەتنىڭ ئىچىدە خاراب بولدى. تاغلارنىڭ تۈۋى يېرىلىپ سۇ چىقىپ كەتتى.

مىسىرنىڭ كەنتلىرىدىن «سەۋا» دېگەن بىر كەنتكە تاش ياغدى. ئۇ تاشلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى شەرىئەت پاتمىنىدا بەش پاتمان كېلەتتى. بىر سەھرالىق ئەرەبنىڭ چېدىرىغا بىر پارچە تاش چۈشۈپ كەتتى ۋە ئۇ تاشتىن ئوت چىقىپ چىقىپ، ئەرەبنىڭ چېدىرىنى، ئۆزىنى ۋە ئاياللىنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋەتتى.

يەنە مىسىردا ئىككى ئادەمنىڭ ئۈستىگە چاقماق چۈشۈپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ بىرسى ئۆلدى. يەنە بىرسى كۆمۈرگە ئوخشاش قاپقا رابولۇپ قالدى، بەمما ئۆلمىدى.



# خۇبمۇكىن

(مۇخەممەس)

غەيرەتى①

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا

يارنىڭ كويىغا بارسام خۇبمۇكىن،
يول يۈرۈپ كويىدا ئۆلسەم خۇبمۇكىن،
تەلمۈرۈپ خىزمەتتە تۇرسام خۇبمۇكىن،
ھەجر چاقماغىنى چاقسام خۇبمۇكىن،
بارگاھىنى يارۇتسام خۇبمۇكىن.

يارنى ئىزدەپ بارىپ مەن تاپمادىم،
ھەجر دەرياسىغا كىردىم ئاقمادىم،
ياد ئەيلەپ سەيھە تارتىپ ياتمادىم،
كۆز يۇمۇپ كىرفىكلەرىمنى ئاچمادىم،
خەس بولۇپ كۆزگە قادالسام خۇبمۇكىن.

مەھبۇبەنىڭ بىزدىن ئۆزگە يارى بار،
سىينەسىدە ئالما بىرلە نارى بار،
نار باغىدا ئەجايىب نارى بار،
بىر ئىلىك سۇنسام كى ئايتۇر: «نارى بار»،
يانە بىر ئىلكىمنى سۇنسام خۇبمۇكىن.

يار تۇتسە مەھبۇبى بىزدىن بۆلەك،
تارتىشىپ ئاغرىدىر بەغىر بىرلە يۈرەك،
جەڭ قىلۇرغە لەشكەرى ھەر كۈن بۆلەك،
گوشت سىزىپ پوستۇم بىلە قالدى سۆڭەك،
كۆڭلۈم ئاغرىپ ئۆيگە بارسام خۇبمۇكىن.

بۇ كۆڭۈل كۆيگەچ ھەبسىغە قاينادى،
مۇڭداشۇرغە بولسا ياخشى جاي دىدى،
بىر ئىلىك سۇنسام رەقىبلەر «ھاي» دىدى،
ئاڭلاماس دەپ ياندۇرۇپ «ھاي - ھاي» دىدى،
شۇم رەقىبلەرنى يوق ئەتسەم خۇبمۇكىن.

ئول پەرىۋەشنىڭ ماڭا قاش ئاتقانى،
دۇررۇ مەرجاندۇر قەلەم قاش ئاتقانى،
تاش ئەمەس گەۋھەر قارا قاش ئاتقانى،
..............................②
بىر باقىپ توققۇز قاش ئاتسام خۇبمۇكىن.

قەددى زىبانىڭ بۆلەكچە ھالى بار،
كۆزى نەرگىس ئاي يۈزىدە خالى بار،
دەردمەنلىكدە ئەجايىب ھالى بار،
بەند ئېتەرگە ساچى سۇنبۇل تارى بار،
زۇلفىدىن زۇننار ئەتسەم خۇبمۇكىن.

مەھبۇبەنىڭ جايىگاھىدۇر ئېرەم،
پايى گەردىدىن ماڭا يەتسە بەھەم،
رەۋشەن ئولغاي كۆزۈمە چەكسەم رەقەم،
شاد بولسا بۇ كۆڭۈل يوق بولسا غەم،
باغ ئىچىندە باغ- باغ ئەتسەم خۇبمۇكىن.

---

① 110 - بەتتىكى «شائىر غەيرەتى» ناملىق ماقالىگە قاراڭ.
② قول يازمىدا بىر مىسرا چۈشۈپ قالغان.

ئۆلتۈرۈرلار يار زۇلفىنى سىلاپ،
تەشنەلىكدىن تاپمايىن بىر قەترە ئاب،
ئول ئىمامغە ئۆردى يەزىد تىغ قاداپ،
مەن تۇراي دەپ يۈز تۈمەن دەۋلەت مەئاب،
كەربەلا دەشتىدە ئۆلسەم خۇبمۇكىن.

مەھبۇبەغە نە ئەجەب مايىلدۇ مەن،
ھەرنە فەرمان ئەيلەسە قايىلدۇ مەن،
شەمئى گۈل رۇخسارىغە ھايىلدۇمەن،
ياستانۇرغە ئىشكىدە سايىلدۇمەن،
تەلقىن ئايتىپ سەدر تاپسام خۇبمۇكىن.

يار فىكرىدە قەلەندەر بولمىشىم،
ئۆرتەنىپ ئوتقا سەمەندەر بولمىشىم،
ئىشق بارگاھىدە مەن دەر بولمىشىم،
چەرخ ئۇرۇپ ئالدىدا دەمدەر بولمىشىم،
بۇق - بۇق ئاۋازىنى قىلسام خۇبمۇكىن.

پاي بۇسىدا تۇرۇپ ياھۇ دېسەم،
ئاڭلاماي ئۆلتۈرسا، مەن ئاھۇ دېسەم،
روز - شەب يادىدا ئەللاھۇ دېسەم،
لائىلاھ بەلكى ئىللەللاھۇ دېسەم،
زىكرى تەسبىھىدە بولسام خۇبمۇكىن.

ياردىن ئايرىلماغايسىز بىر نەفەس،
ھەجر زىندانى ماڭا بولدى قەفەس،
يارسىز ئۇشبۇ تىرىكلىكدۇر ئەبەس،
بىر نەفەسدە ئۇچقالى قىلدىم ھەۋەس،
ئىندەسە ئىلكىگە قونسام خۇبمۇكىن.

دىلبەرى قۇ - قۇ دېسە فەيلەر قاقىپ،
شۇم رەقىبلەر بارغالى قويماس باقىپ،
ھەجر دەرياسىغە بارسام مەن ئاقىپ،
بارغانىمدىن بىخەبەر بولسا رەقىب،
زەخم تىغ ئۇرماسىدە يانسام خۇبمۇكىن.

ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا دەردمەند،
ئەقلۇ ھۇشۇ، فەھم - ئىدراكى بەلەند،
شۇم رەقىبلەر بىر كۆرۈپ قىلسا پىسەند،
سۆزدېسە شەككەر لەبىدىن تۆشسە قەند،
پۆدېمەي ئاغزىمغە سالسام خۇبمۇكىن.

گۈل جەبىن سيمىن بەدەنلەر قايدادۇر،
ئاي يۈزىنى كۆرسە جانغە پايدادۇر،
باغى بار ئېردى ئېرەم ئول باغدۇر،
بۇ غەرىبىنىڭ مەقسۇدى شول ياغدۇر،
باغ ئېتىپ مەقسەدكە يەتسەم خۇبمۇكىن.

دىلرەبا سورماس مېنىڭ ھالىمنى بىر،
باغى كىرمەككە ئېرۇرمەن تەن ھەقىر،
چەۋرۇلۇرمەن باشىدىن مىڭ پىرۇ پىر،
ئاشىق ئېرسەڭ ھەجرى دەرياسىغە كىر،
ھەجرى دەرياسىدا ئاقسام خۇبمۇكىن.

باقمادى دىلبەر غەرىبغە بىر قىيا،
پايى گەردى كۆزگە بولدى تۇتىيا،
ھەسبى ھالىمنى مېنىڭكى بىلدى يا،
كەلمەدى نەچچەند دېدىم ئانچە «بەيا»،
مەن ئانىڭ قاشىغە بارسام خۇبمۇكىن.

خەستە جانىمنى ساڭا سەرف ئەتمەسەم،
خىزمەتىڭدە زەررە لەب تەبرەتمەسەم،
چەۋرۇلۇپ مەقسەدلەرىمگە يەتمەسەم،
ئۇشبۇ دەردىڭنى يامان دەپ كەتمەسەم،
ئاخىرى ئارزۇمغا قانسام خۇبمۇكىن.

قايدا ئېرمىش دىلبەرى مەن ئاڭلاسام،
ئاي يۈزىنى كۆرگەلى بەل باغلاسام،
مېھرى بارمۇ - يوقمۇ مەن بىر چاغلاسام،
سىررىنى جانىمدا پىنھان ساقلاسام،
تەڭرىگە مىڭ شۈكرى قىلسام خۇبمۇكىن.

رەھم قىلماس مەن غەرىبنىڭ ھالىغە،
كۆپ جەفا ئەيلەپ غەرىبنىڭ ھالىغە،
رەھمىسى كەلمەس غەرىبنىڭ ئاھىغە،
كىرگەلى قويماس رەقىب دەرگاھىغە،
فۇرقەتىدە ئاھ ئۇرسام خۇبمۇكىن،

يار رۇخسارىن مۇباھدۇر كۆرمەكىم،
ئاززۇ ئىردى كويىدا ئۆلمەكىم،
زۇلفىنى قايرىپ لەبىگە سۆيمەكىم،
خوپ ئەمەستۇر سۆيمەكىمكى ئۆپمەكىم،
مەڭزىگە سۆيمەككە ئۆپسەم خۇبمۇكىن،

ۋەقت پەيز ئىردى بۇ سۆزنى سۆز دىدىم،
فەيىبدىن كەلگەنگە مەن ئارى دىدىم،
دىلرەبالەرنىڭ گىرىفتارى دىدىم،
جانۇ تەن بىرلەكى دىلدارى دىدىم،
ھەجر ئوتىدا شۇمچە كۆيسەم خۇبمۇكىن.

كۆزلەرىم قان يىغلادى سىزدى فىراق،
زور قىلدى بۇغەرىبغە ئىشتىياق،
بىر تەرەھھۇم ئەيلەبان ھالىمغە باق،
كىچە - كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپ تارتتىم فىراق،
بۇ فىراقىمنى ساۋۇتسام خۇبمۇكىن.

دىلبەرىم ئىردىكى جانىمدىن ئەزىز،
ھەر تەكەللۇم قىلسا شەككەردىن لەزىز،
شوئلەسى ئالەمغە سالدى رۇستەخىز،
پادىشاھ ئولدۇر، گەدا ئايلىدا بىز،
قۇللۇغىدا جان بەرسەم خۇبمۇكىن.

دىلبەرىم مەندىن يەنە ئاگاھ بول،

مەن گەدايىڭغە ھەمىشە شاھ بول،
جان بىرۇر ھالەتدە سەن ھەمراھ بول،
بىزگە مۇشفىق، غەيرىغە بەدخاھ بول،
ياسىنىڭ ئاھىڭدا ئۆلسەم خۇبمۇكىن.

روز - شەب دىلبەر غەرىبغە قىلسە ناز،
مىلڭ جانىم بولسا ئىرۇر ئىلكىڭدە ئاز،
ھەر زەمان كۆرگەندە مەھبۇب ئايدى باز،
قىلماس ئىردى بۇ غەرىبغە ئىھتىراز،
قىشۇ ياز ئالدىدا تۇرسام خۇبمۇكىن.

لەختە - لەختە قان يۇتارمەن يار ئۈچۈن،
تاش باغىرلىق، بىۋەفا دىلدار ئۈچۈن،
سەگ سىفەت ئىشكىدە تۇرسام زار ئۈچۈن،
يار دىمەيدۇر، ئىئتىقادىم بار ئۈچۈن،
يار ئۈچۈن فەرياد قىلسام خۇبمۇكىن.

دىلبەرىم مەندىن بۆلەكنى كۆزلەسە،
مەن نەچۈك تاقەت تۇتارمەن سۆزلەسە،
يار ئەگەر سۆزلەپ سۆزىگە تۇرماسە،
بارمۇ سەن دەپ ھالىمە بىر سورماسە،
بۇ كۆڭۈل رەنجىنى ئايتسام خۇبمۇكىن.

① ..............................

كۆرگەلى كەلدىم جەمالىڭنى سىنىڭ،
سەرۋ قەد، نازۇك نىھالىڭنى سىنىڭ
سەير ئىتەرگە باغۇ راغىڭنى سىنىڭ،
ئالغالى ئالما - ئانارىڭنى سىنىڭ.
ئالما دەپ ئالسام ياشۇرسام خۇبمۇكىن.

يارنى ھەر كۈندە مىڭ كۆرگۈم كىلۇر،
كۈندە كۆرۈنۈش بەرمەسە ئۆلگۈم كىلۇر،
قاشىن ئاتسا دىلبەرى كۈلگۈم كىلۇر،
ياخشىلىقنى ھەر زەمان بىلگۈم كىلۇر،
ياخشىلىق قىلغاننى بىلسەم خۇبمۇكىن.

① بىر كوبلىت تسقارتىلدى.

مەھبۇبەنىڭ ھۇسنى گويا شەب چىراغ،
مۇنتەزىردۇركىم قاراماقغە فەراغ،
ئايتادۇر غەمكىن دەرىغـا داغۇ ـ داغ،
يۇك ئاغىردۇر بارغالى يول ھەم يىراغ،
يول ياراغىنى راست ① ئەتسەم خۇبمۇكىن.

مەھۋەشىمدىن ئۆزگەگە بارسا تىلىم،
مىڭ تىلىم بولسۇن گۇناھىدا شىلىم،
بۇ غەرىبغە قىلماسۇن ھەرگىز ئىلىم،
گۇل مەسەللىك سەرۋ بويلۇق دىلبەرىم،
ئاستانەڭنى سۇپۇرسەم خۇبمۇكىن.

مەھبۇبەنىڭ كىرفىكى مانەند سەدەف،
خەستە جانىمغە تېگىپ ئەيلەر ھەدەف،
كۆرمەسەم كۆڭلۇم ساچىلغاي ھەر تەرەف،
يىلدا بىر كۆرسەم يۈزىن دەرمەن شەرەف،
ئارەزىن ھەر كۈندە كۆرسەم خۇبمۇكىن.

يارنىڭ قەددى سەنەۋبەردەككىنە،
قاشلارى گوياكى شەمشەردەككىنە،
كۆزلەرى گوياكى گەۋھەردەككىنە،
زۇلفى ئانىڭ ئىككى ئەژدەردەككىنە،
ئەژدەر ئاغزىغە ئۇرۇنسام خۇبمۇكىن.

مەھبۇبەنىڭ قاشلارىدۇر يا مەسەل،
كويىدا ئاققان ياشىم دەريا مەسەل،
ئاغرىماسلار ئاغرىقىم سەۋدا مەسەل،
يادىدا قۇمرى سىفەت گويا مەسەل،
ئىت كەبى پايىدا ياتسام خۇبمۇكىن.

تائەتى تەقۋاغە ھەرگىز بولمادىم،
ئۇمر زايىئ كەتكەنىنى تۇيمادىم،
شۇكرى تەڭرىمگە كېزىكلەپ ئۆلمەدىم،
ياخشىلىق كۆردۇم، يامانلىق كۆرمەدىم،
ياخشى ئات بىرلە كۆمۈلسەم خۇبمۇكىن.

فانىدىن باقىغە مەن قىلسام سەفەر،
ماسىۋەللاھ خەستە كۆڭلۈمدىن كېتەر،
ئۆكسۈمەس فانىدا رىزقىم بىر سەتەر،
شۇكرى لىللاھ بولمادى ھەرگىز خەتەر،
فانى ئالەمدىن تۈگۈنسەم خۇبمۇكىن.

كەلسە ئەزرائىل ئەمانەتكە بۇدەم،
باشىمە تۈشكەي ئوشۇل دەم كۇھى غەم،
ئۆرتەنىپ قورقۇنچىدىن بولغۇم ئەدەم،
رەھم ئەيلەپ قىلماسا تەڭرىم كەرەم،
سەيھە تارتىپ تەۋبە قىلسام خۇبمۇكىن.
.............................. ②

ياركەند شەھـرىدە مەنزىلگاھسىز،
تاتىرىكمەن بىر قىلىڭ پەرۋاھ سىز،
جىلۋە ئەيلەپ ئۆتسەڭىز ناگاھ سىز،
دەھر ئېلى ئەنجۇم كۆرۈنگەي، ماھ سىز③
ئاھ دەپ ئىشقىڭدا ئۆلسەم خۇبمۇكىن.

بولدى ئۈچ يىل ئېلچىدىن بىز كەلگەلى،
يارنىڭ كويىدا مەن ئەنگەلگەلى،
كېچە ـ كۈندۈز يادىدا جان بەرگەلى،
تىل ئۇچىدا ھەر زەمان دان بەرگەلى،
يەم بېرىپ يۇرتۇمغە يانسام خۇبمۇكىن.

غەيرەتى ئەۋۋارە بولدى يارسىز،
قالمادى ھالى ئانىڭ غەمخارسىز،
فانى ئالەمدە ئاڭا دىلدارسىز،
باغى جەننەتدە ئاڭا گۇلزارسىز،
داغى مېھنەتدىن قۇتۇلسام خۇبمۇكىن،

① — زەزىن ۋە مەلە ئېتىبارى بىلەن بۇ سۆزلى قوشتۇق.

② بىر كۇبلېت قىسقارتىلدى.

③ بۇ سۆز ئەسلى قول يازمىدا «ئاي سىز» دەپ يېزىلغان؛ قاپىيە ئېتىبارى بىلەن «ماھ سىز» دەپ ئېلىندى.

# لۇتفى غەزەللىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ

*　　*

ئەي پەرى يۈزلۈك بېگىم، جانلار فىدا بولسۇن ساڭا،
دۇنيەدە هۇسن ئاتى بار ئېركەن بەقا بولسۇن ساڭا.
هەددى مەخلۇقاتدىندۇر نارى ئول هۇسنۇ جەمال،
ئولكى يوقتۇر رەهم ئېرۇر، بۇ هەم ئەتا بولسۇن ساڭا.
ئەيمەنىپ هاسىد تىلىندىن دەست بەرمەس چۇن سەلام،
كۆز ئۇچى بىرلە يىراقتىن مەرهەبا بولسۇن ساڭا.
چۇن ۋەفاسىزلەرغە بەرمىشلەر ئەزەلدە كۆركىنى،
بۇ كەمالى هۇسن ئىلە قايدىن ۋەفا بولسۇن ساڭا.
بىر قىيا باقساڭ زەكاتى هۇسن ئۇچۇن ئەي كۆركە باي،
لۇتفىي مىسكىندىن ئۆلگۈنچە دۇئا بولسۇن ساڭا،

*　　*

دەۋلەتى ۋەسل ئىلتىماسى نې هىكايەتدۇر ماڭا،
ئولكى يادىڭ بىرلە جان بەرسەم كىفايەتدۇر ماڭا.
كېچەلەر زۇلفۇ ئۇزارىڭ ۋەسفىدە فىكر ئەيلەسەم،
هەر قارانغۇ تۈندە يۈز شەمئى هىدايەتدۇر ماڭا.
جەۋرۇڭ ئارتار هەردەمۇ شايىستە خىزمەت مەندە يوق،
نې سەبەبتىن، يا رەب، ئۇش مۇنچە ئىنايەتدۇر ماڭا.
چۇن خەيالىڭ كەلسە، كۆز ياشى نەزەر يولىن تۇتار،
ئەختەرى سەييارەدىن ئۇشبۇ شىكايەتدۇر ماڭا.
ئاغزىڭىزدۇر سىررى غەيبۇ ئاندىن ئەتسەم نۇقتەئى،
هەددى ئىدراك ئېرمەس، ئىزهارى ۋەلايەتدۇر ماڭا.
هەر نېمە بولسا ئاڭا باردۇر نىهايەت ئاقىبەت،
نازۇ بىدادىڭدۇرۇر كىم، بىنىهايەتدۇر ماڭا،
لۇتفىنىڭ نەزمى دۇرىغە سالساڭىز شاهىم قۇلاق،
غايەتى تەهسىنۇ ئەنۋائى ئىنايەتدۇر ماڭا.

* *

قالدىڭە كىرمەگىل، ئەي كۆزى قىيماچ،
كى باشىڭغە تېگەر خۇد ئول قارا ساچ.
يۈز ئاچقىل، كۆز سېنى تويغۇنچەكۆرسۈن،
نېچە بولغاي بۇ كۆزۈم مۇنتەزىر، ئاچ.
گۈل ئېلتۇر ئال ئۈيلە چېھرەدىن رەڭ،
قىزارسە، ئوغرى ئۇچۇن ئەل ئۇرار كاج.
جانىڭغە قىيماسە نەققاش سۈرەت،

نې مەئنىدىن قىلۇر كۆزۈڭنى قىيماچ.
تىرىكلىك قىلغاي ئېردى كىم بىلە رۇھ،
ئەزەلدىن كەلمەسە مېھرىڭنى ئالغاچ.
لەبىڭدىن چۈن سۈچۈكلۈك قەند ئوغۇرلار،
سالۇرلار ئەل ئانى سۇغا يالاڭغاچ.
نىشان تاپقاي بەقادىن ئاندە لۇتفى،
كى خاكى ئوقلارىڭغە بولسە ئاماچ.

* *

ئەي غەمزەسى مىسكىنلەرە كۆپ قىلغۇچى بىداد،
جادۇ قاراقىڭ سېھر ئىلە ھارۇتغە ئۇستاد.
بىر يولى بۇ بىچارە دۇئاچىڭنى ئۇنۇتما،
بىر كۈن ساڭا بۇسۆزلەرىمىز كەلگۈسىدۇر ياد.
فەريادىم ئوشۇل يەرگە يېتىپتۇركى نېچەكىم،
فەرياد ئېتەرەم مەندىن ئىشىتمەس كىشى فەرياد.
تاغنى ئېرىتۇر ئاھىم ئەسەر قىلغۇسى بىر كۈن،
كۆڭلۈڭ نېچەكىم بولسا تېمۇر، تاش داغى پۇلاد.
بار قۇللۇغۇڭىز ئىشقى ھەنۇز سەرۋ باشىندە،
تۈزلۈك بىلە گەرچە ئانى قىلمىش قەدىڭ ئازاد.
ھەمدەرد ئىلە ھالىمنى دەيىنكىم، تۈشە باۋەر،
ئول دەمكى يولۇقسە ماڭا دېھشەر كىزنى فەرھاد.
بۇ لۇتفىئى بىچارەگە گاھ-گاھ نەزەر ئەيلە،
ئەي تۈركى سۇمەنسايۇ، ۋەي سەرۋى پەرىزاد.

* *

كۆزۈڭدەك كەزگۈچى ئەييارە يوقتۇر،
قاشىڭدەك بىر پەرى مەككارە يوقتۇر،
فۇسۇنلار بىرلە يەر غەمزەڭ جىگەرنى،
ئانىڭدەك ھەم يەنە خۇنخارە يوقتۇر،
سېنى كۆرمەي ئۆلەرمەن، گەر يولۇقسام،
جۇنۇندىن تاقەتى نەززارە يوقتۇر.
كىچىك ئاغزىڭ غەمىندە ئاشىقىڭغە،

ئۇلۇغ تىنماقدىن ئۆزگە چارە يوقتۇر.
كۆڭۈللەر دەردىغە گەر چارە قىلساڭ،
مېنىڭدەك دۇنيادە بىچارە يوقتۇر.
نېتەر لالە تۇرۇپ يابانىدە مۇنچە،
ئۇياتىڭدىن ئەگەر ئەۋارە يوقتۇر.
جەفا كۆپ قىلماكىم كۆڭلۈڭ مەسەللىك،
بۇ لۇتفى جانى سەنتەك خارە يوقتۇر.

*

سېنى جەمىنكى، گۈلرۇخسار دەرلەر،
مېنى ھەم ئەندەلىبى زار دەرلەر.
بۇ قەد ئېرمەس، ئېرۇر رۇھى مۇسەۋۋەر،
رەۋان ئۆلكىم، ئانى رەفتار دەرلەر.
نەزەر ئەھلى كۆرۇپ نارتەك ياڭاقىڭ،
مەسەل: «بىر نارۇ مىڭ بىمار» دەرلەر.
تەبىبلەر بارچە دەردىمدىن ھەراسان،
تىرىلمەكىن بەسى دۇشۋار دەرلەر،
ساچىڭ رۇم ئىچرە چىندىن باش چىقاردى،
ئانى ئول ۋەجھدىن سۇسمار دەرلەر.
نې كۆڭلى سادده ئەلدۇر ئىشق ئېلىكىم،
سېنىڭدەك بىۋەفانى يار دەرلەر.
ئەدەمدۇر ئول ئاغىز فىكرىندە لۇتفى،
خەلايىق بىلمەي ئانى بار دەرلەر.

* *

ئەي مەڭلەرى فىلفىل، كۆزى كافىر، يۈزى كافۇر،
ئەسرۇ داغى بولما بۇ كېچەر ھۆسنۈڭگە مەغرۇر.
سەن ھۇسن ئېلىنىڭ خانىسەنۇ بەندە تىلەنچى،
سەن دىلبەرى گۇلرۇخسەنۇ مەن بۇلبۇلى مەھجۇر.
ئول ئارەزۇ زۇلفۇڭ ھەۋەسدىن چۇ ئۆلەرمەن،
ھەر كېچە مەزارىمغە تۆكۈلسە نې ئەجەب نۇر.
بۇ ھۇسنىكى بار سەندە تاپىلماس پەرىلەردە،
قىلساڭ نېچە كىم ناز، تۇتارلار سېنى مەئزۇر.
جەۋرۇڭنى تىلەر بەندە، ۋەلې ياخشى ئەمەسكىم،
ياخشى كىشلەر بولسا يامانلىق بىلە مەشھۇر.
مەن گەرچە جەفا ئوتىنە ياندىم يانە ئالمان،
خاھ كۆز ئىلەر ئۆلتۈر مېنى، خاھ يۈزۈمە بىر ئۇر.
ئول جادۇ كۆزۈڭ لۇتفىغە ئانچە نەزەر ئەتمەس،
قالماس كىشى پەرۋاسى، ئاڭاكىم ئىسە مەخمۇر.

* *

لەيلەتۇل مېئراجىنىڭ شەرھى ساچى تابىندەدۇر،
قابە قەۋسەين ئىتتىھادى قاشى مېھرابىندەدۇر.
خىزرىنىڭ ئەينى ياشۇنمىش، كۆكتىن ئەنمەس ھەم مەسىھ،
نېتسۇن ئول مۇئجىز بۇدەم ياقۇتى سىرابىندەدۇر.
نامەئى قۇدرەتلە بىتكەندە نې مۇسھەفدۇر يۈزى،
كىم مەلاھەت ئايەتى مەجمۇئ ئانىڭ بابىندەدۇر.
كۆپ يۈگۈردى رەۋزەدە ئەينەن تۇسەمما سەلسەبىل،
تاپمادى گول چاشنىكىم شەككەرى نابىندەدۇر.
زۇلفىغە قەدرۇ بەرات ئوخشار، ۋەلى يۈز فەرقى بار،
سۆز ئانىڭ يانىڭدەكى خۇرشىدى مەھتابىندەدۇر.

كۆزلەرى هەر گۇشە ئۇيقۇدىن قوپارۇر فىتنەلەر،
تۇرفە مەخمۇرىكى چەندان فىتنەلەر خابىندەدۇر.
لۇتفىنى مەيخانەدە ئاشۇفتە كۆرسەڭ، قىلما ئەيب،
كىم، بۇ مەجنۇن ئىختىيارى زۇلفى قۇللابىندەدۇر.

* *

كۆرگەلى لەئلىڭ ئەقىقىن كۆڭلۈم ئول يان تارتادۇر،
بۇ يامان ئەندىشەلىقنى گويىيا قان تارتادۇر.
داد كۆزۈڭدىنكى، دىنگە نېچە تۈز ئۇرسام، مېنى،
كۇفر سارى سېهر ئىلە ئول نامۇسۇلمان تارتادۇر.
ئالدە جان تارتادۇرمەن، تا مەگەر تۇشغەي قەبۇل،
بىر نەزەر قىلماس بۇ مىسكىن سارىكىم، جان تارتادۇر.
خاكى پايىكىم ئاڭا زۇلفى تېگەر كۆپ ئىستەرەم،
يا مېنى تۇپراق، يا رىزقى پەرىشان تارتادۇر.
مەيل ئېتەر ئۆز جىنسىگە هەرجىنس ئۆزىنى لاجەرەم،
بېلى سارى ئول كەمەندى ئەنبەر ئەفشان تارتادۇر.
قاشلارى ياسىن قۇلاقغە يەتكۇدەك تارتار كۆزى،
ئىككى يانى مەستى لايەئقىل نې ئاسان تارتادۇر؟
يوقتۇرۇر يالغۇز بۇلۇتفى جانىغە جەۋرى رەقىب،
قايدا بىر دانادۇرۇر، ئول جەۋرى نادان تارتادۇر.

* *

نېچەكى جەۋر قىلۇرسەن، ۋەفادىن ئارتۇق ئېرۇر،
كەرەمكى ئۆزگەگە قىلساڭ، جەفادىن ئارتۇق ئېرۇر،
ئىشىكىڭىزدىن يىراق بولسە كۆز ئېرۇر گىريان،
ئىزىڭ توزى ماڭا يۈز تۇتىيادىن ئارتۇق ئېرۇر.
شەكەر كەبى ماڭا دۇشنامىڭىز كېلۇر شىرىن،
نې شۇكر ئېتەي ئاڭاكىم، دۇئادىن ئارتۇق ئېرۇر.
نېچۈك تەبىبغە دەردىڭىزنى ئايتايىن ئاخىر،
كى دەردىڭىز ماڭا يۈزمىڭ دەۋادىن ئارتۇق ئېرۇر.
ساچىڭىنى ئىستەسە لۇتفىي خەستە، يازغۇرما،
هەۋا يولىندە چۇ مۇشكىن سەبادىن ئارتۇق ئېرۇر.

* *

قەدىڭنىڭ نەخلى، ئەي سەرۋى سەرەفراز، سېنىڭ غەمزەڭ بەلا بولدى كۆڭۈلگە،
نىهالى دىلرەبالىقتۇر، بارى ناز. بەلا ئەنگىز ئېرۇر هەر قايدە غەمماز.

قاچان تەگسۈن يۈزۈڭ سارىغ يۈزۈمگە،
قاۋۇشمايتۇر خەزان بىرلە بەلى ياز.
ئۇچار رۇھىم مېنىڭ يۈزۈڭنى كۆرسەم،
بەلى بۇلبۇل قىلۇر گۇل سارى پەرۋاز.
كۆزۈڭ كۆپ ئەلنى ئېلتۇر توغرا يولدىن،

سېنىڭ يولىڭدە بولغاي ئازماغان ئاز.
مەسىھا بىر نېمە باركىم كۆرۈنمەس،
دۇداغىڭ قىلغالى جان بەرمەك ئاغاز.
ئىتىم دەپ لۇتفىنى، شاھىم، ئۆكەرسەن،
ھەمىن بولغاي گەداغە ھەددى ئېئزاز.

*

جانۇ كۆڭۇل كىشۋەرىنىڭ خانىسىز،
ھۇسنۇ لەتافەت تېنىنىڭ جانىسىز.
ۋەھكى نې خۇش تالئى مەسئۇدى بار،
ئول فەلەكىكىم، مەھى تابانىسىز.
بىزنى سۇچۇك سۆزلەرىڭىز قىلدى سەيد،
سىز بۇ ئاغىز بىرلە شەكەر قانىسىز.
جانۇ كۆڭۇل ئىچرە ئۇرارسىز قەدەم،

*

قايسى چەمەن سەرۋى خىرامانىسىز.
شىيۋەدە ئانىكى تۆكەر ئەل قانى،
خۇنى تۇتۇپ، سىز، ئەي بېگىم، ئانىسىز.
مەڭگۇ ياشار كىمكى كۆرەر سىزنى بىر،
ۋەھ نى خىزرى چەشمەئى ھەيۋانىسىز.
لۇتفىڭى مىسكىنگە بۇ ھىجران تۈنى،
رەھم قىلىڭ، گەرچەكى سۇلتانىسىز.

*         *

ئۆلتۈرۈر ھىجران مېنى ئول راھەتى جاندىن يىراق،
تۈشمەسۈن گۇل مەۋسۇمى ھىچ كىمسە جاناندىن يىراق.
ياز فەسلىكىم ئېرۇر ئەيشۇ تەرەبىنىڭ مەۋسۇمى،
سالدى بۇلبۇلتەك مېنى گەردۇن گۇلىستاندىن يىراق.
لالەتەك بەغرىمدە داغ ئېردى، ئەجەبكىم قالمىشەم،
بىر سۇمەنبەر يۈزى گۇل سەرۋى خىراماندىن يىراق.
دوستلارنىڭ كۆڭلى گۇلتەك ئاچىلىپ گۇلگەشت ئارا،
مەن مۇنۇڭدەك يازدە ئول ئەيشۇ جەۋلاندىن يىراق.
ئەي كۆڭۇل، ھەسرەتتە جان بەرگىل، داغى ۋەسل ئىستەمە،
كىم ئېرۇر مېھرۇ ۋەفا ئول شاھى خۇباندىن يىراق.
كۆركىنىڭ باغىندە يىغمىش مەھۋەشىم گۇل خىرمەنى،
بىر نەفەس ئول ۋەجھ ئىلە ئېرمەسمەن ئەفغاندىن يىراق.
لۇتفى زۇلفۇ يۈزۈدىن ھەيرەت مەقامىندە تۈشۈپ،
بىر ئەجەب ئالەمدە قالمىش كۇفرۇ ئىماندىن يىراق.

*         *

ئىلىككە كۈننى كىۋۈرسە بولۇر، ۋەلې سېنى يوق.
يىراقدىن ئاينى كۆرسە بولۇر، ۋەلې سېنى يوق.
زىھى مىزاجىكى ھەر نېچەكىم شەكەر لەب بار،
كىشىنىڭ ئاتىنى سورسە بولۇر، ۋەلې سېنى يوق.

ئي سۇد ئۇد كەبى كۆيگەنىمكى، ئەنبەر ئىلە،
رەۋان يەرىنى كەتۇرسە بولۇر، ۋەلى سىنى يوق.
ئي باك بولۇر ئۇشبۇكى، زۇھرەنى كۆكتىن،
ئەزايىم ئىلە تۇشۇرسە بولۇر، ۋەلي سىنى يوق.
بۇلۇتقى تىنماسە تا يانماسە، ئەجەب يوقكىم،
جەھاننى كۆرمەي ئوتتۇرسە بولۇر، ۋەلي سىنى يوق.

* *

زىھى سەرۋ ئۇستىدە يۇزۇڭ قەمەردەك،
قانى بىر شاخى گۇل سەن سىيمبەردەك.
سىنىڭ بىرلە جەھاننى خوش كۆرەرمەن،
كىرەكلىكسەن ماڭا نۇرى بەسەردەك.
قىلۇر چولپان كۆزۇڭ ھەردەم قىرانلار،
ئانى كىم ئاڭلاسۇن ساھىبنەزەردەك.
خىرامان قورىيادىن چىقمادىڭ، ئاھ!
ياشۇنمىشسەن قامىش ئىچرە شەكەردەك.
دەمىم چىقماس مىنى ئۆلتۇرسە غەمزەڭ،
كۆزۇڭ دەۋرىندە يوق مەن بىخەبەردەك.
مىنى بۇ ناتەۋانلىق بىرلە زۇلفۇڭ،
جەھاندا كەزدۇرۇر پەيكى سەھەردەك.
كۆرەر ھەق نۇرىنى يۇزۇڭدە لۇتفى،
خەيالى باتىل ئىرمەس ئۆزگەرلەردەك.

* *

ئەي كۆزۇڭنىڭ شىيۋەسى ئالەمنى مەدھۇش ئەيلەمەك،
زۇلفۇڭ ئىشى چىن ئىلىنى ھەلقە دەرگۇش ئەيلەمەك.
بىلىڭۇ ئاغزىڭ خەيالى بىرلە بولغۇمدۇر ئەدەم،
كىم، بولۇرمەن قۇلغە فىكرى بۇسە ئاغۇش ئەيلەمەك.
كۆڭلۇمىز مۇنداقكىم، ئۆرگەندى سىنىڭ يادىڭ بىلە،
تا قىيامەت كەلىمەگەي بىزدىن فەراموش ئەيلەمەك.
ئەي كۆڭۇل، نوش ئەيلە يۇزىمىڭ مۇندەيى ئاچچىق سۆزىن،
كىم كىرەك ئول لەئل ئۇچۇن خۇنابەلەر نوش ئەيلەمەك.
ئىشقدىن مەنئ ئەتسە زاھىد بولماغىل مەشغۇف ھىچ،
كىم ئىرۇر ئەھمەق جەۋابى، لۇتفى، خاموش ئەيلەمەك،

* *

جان مەملەكەتىن ياقتى يانار ئوتقە فىراقىڭ،
جان تەندە قاچان قويدى خود ئول جادۇ قاراقىڭ.
سەن ساقلا كۆڭۇل ھۇجرەسىن، ئەي يار خەيالى،
بۇ ئوتتا يانا يانماسۇن ئول پاك ۋىساقىڭ.

ئاخىر، ئەي فەلەك، نالەۋۇ فەريادىم ئىشتكىل،
هەر نېچە مېنىڭ ئاهىم ئاغىر قىلدى قۇلاقىڭ.
ئەي كۆز، يەغادىن تىنماغىلىۇ بىردەم ئۇيۇما،
غەفلەتدىن ئېرۇر بەهرى غەم ئىچرە ئۇيۇماقىڭ.
بىر جۇرئەنى بۇ خەستە قۇلۇڭ يادىنە قىل نۇش،
ئول دەمكى ئېرۇر زۇهرەۋۇ گۇل مۇترىبۇ ساقىڭ.
هىجران غەمىدىن تۇتتى كۆڭۈل تەبىئىنى مۇهرىق،
بەرمەدى ئاڭا شەربەتى ئۇنناب دۇداقىڭ.
بۇلۇتفىنى ئۆلتۇرغەلى غەمزەڭگە بۇيۇرما،
تەقسىر قاچان قىلدى ئول ئىش ئىچرە قاراقىڭ.

*           *

نېچە قويغاي باغرىمە داغ ئول يۈزى ماهىم مېنىڭ؟
نېچە ياندۇرغاي فەلەكنىڭ شەمئىنى ئاهىم مېنىڭ.
يولدىن ئازدى ناگەهان زۇلفىن كۆرۈپ مىسكىن كۆڭۈل،
يوللار ئەگرى، تۈن ئۇزۇن، نېتكەي بۇ گۇمراهىم مېنىڭ؟
خۇش ياراشۇر سەرۋدەك قەددى ئۆزە سىيم ئالماسى،
ئاهكىم، يەتمەس ئاڭا بۇ دەستى كوتاهىم مېنىڭ.
ئەمدىكىم، تۇپراق بولمىشدۇر ئىشكىڭدە تەنىم،
قايدادۇر هاسىدكى، كۆرگەي دەۋلەتۇ جاهىم مېنىڭ.
چەرخ ئۇرار خەزرا سەرادىقتە فەلەك شاهىدلارى،
خەيمەدىن بىر تۈنلە چىقسە ماهى خىرگاهىم مېنىڭ.
نالىشىم بەردى ئىشىكى ئىتلەرىگە دەردى سەر،
ئەفۋى قىلغايلار كەرەم بىرلە بۇ بىراهىم مېنىڭ.
بولدى يەكتادۇر تىشى ۋەسفىندە لۇتفىنىڭ سۆزى،
نې ئەجەب، تۇتسا قۇلاغىنى ئاڭا شاهىم مېنىڭ.

*           *

ئەي كۆڭۈل بۇرجىندە خۇرشىدى جەهانتابىم مېنىڭ،
يۈزۈ كۆزۈڭدىن يىراق يوق خورد ئىلە خابىم مېنىڭ.
قىبلەدىن، يارەب، ئۆلەر هالەتدە ئەۋرۈلسۈن يۈزۈم،
گەر سېنىڭ قاشىڭدىن ئۆزگە بولسە مېهرابىم مېنىڭ.

چۈن سېنىڭ سىيمتەك سەقاقىڭدىن تەمەئلەر بولدى خام،
نېچە ئالتۇن ئۆزرە مەۋج ئۇرغاي بۇ سىيمابىم مېنىڭ.
رىشتەئى زۇلفۇڭ بەلالار باشىمە جەمئ ئەيلەدى،
ئول سەبەبدىندۇر پەرىشان جۇملە ئەسبابىم مېنىڭ.
ئەي قۇياش، يۇلتۇزدىن ئايرۇ ياكى ئايتەك بولمىشەم،
كىم، قالۇرغە ئۆزگە يوقتۇر بىر زەمان تابىم مېنىڭ.
خەستە كۆڭلۈمغە شىفا ئېردى لەبىڭ بىر سورماغى،
بىر ئانى سوردۇرمادۇڭ، ئەي ئىرنى ئۇننابىم مېنىڭ.
ئارەزىڭ شەۋقىندە مۇنداقكىم ئاقار كۆزۈم سۇۋى،
لۇتفىدەك يۈزنى غەرىق ئەتكەي بۇ سىلابىم مېنىڭ.

* *

ئەي سەنەۋبەر بويلى دىلبەر، فىكرى ھىجران قىلماغىل،
شەۋق ئوتىندە مەن گەدانى ئەسرۇ بىريان قىل.
ئەلگە كۆپ ئىنئام ئېتەرسەن، دەم بەدەم دۇشنامنى،
قەدر بىلمەسلەرگە ئاخىر، مۇنچە ئېھسان قىلماغىل.
شەرت قىلدىڭكىم: «سېنى مەن ئۆلتۈرەي!»، ئۆلتۈرمەدۇڭ،
چۈنكى يەتمەسسەن سۆزۈڭگە، ئەھدۇ پەيمان قىلماغىل.
ئانداكىم، بولدۇم خەبەرسىز، داغ قويدۇڭ جانىمە،
ئەمدى بىلمەسمەن دېمە، ئۆزۈڭنى نادان قىلماغىل.
ئۆزگەلەر سارى باقىپ غەمزە ئوقۇڭنى ئاتماغىل،
يۈرەكىمنى دەم بەدەم ھەسرەت بىلە قان قىلماغىل.
«سەن مېنى سەۋدۇڭ» دەبان نې يازغۇرۇرسەن بەندەنى،
گەر كېرەكمەس ئاشىق ئەۋۋەل ئەلنى ھەيران قىلماغىل.
لۇتفىئى مىسكىنگە كۆرگۈز سائىدىڭنى لۇتف ئىلە،
بۇگەدادىن نۇقرەنى يېڭىدە پىنھان قىلماغىل.

* *

مېنى شەيدا قىلادۇرغان بۇ كۆڭۈلدۇر، بۇ كۆڭۈل،
خارۇ رەسۋا قىلادۇرغان، بۇ كۆڭۈلدۇر، بۇ كۆڭۈل.
ئوقدەيىن قامەتىمىزنى قارە قاشلىغلار ئۈچۈن،
مۇتتەسىل ياقىلادۇرغان بۇ كۆڭۈلدۇر، بۇ كۆڭۈل.

مېنى يازغۇرمە «سەۋەر» دەيكى، مېنىڭ ھەددىم ئەمەس،
ئۇل تەمەننا قىلادۇرغان بۇ كۆڭۈلدۇر، بۇ كۆڭۈل.
بارمە، دەرلەر، ئىشىكى سارى دەمادەم نېتەيىن،
كۆپ تەقازا قىلادۇرغان بۇ كۆڭۈلدۇر، بۇ كۆڭۈل.
تارى مويىن ھەۋەسى بىرلە قاراڭغۇ كېچەدە،
جاننى سەۋدا قىلادۇرغان بۇ كۆڭۈلدۇر، بۇ كۆڭۈل.
دۇشمەنۇ دوست ئاراسىندە مەنى غاپىلنى مۇدام،
بېسەرۇ پا قىلادۇرغان بۇ كۆڭۈلدۇر، بۇ كۆڭۈل.
ئۆزگەدىن كۆرمەكى كۆزۈڭ ياشىنى، ئەي لۇتفىكىم،
ئەينى دەريا قىلادۇرغان بۇ كۆڭۈلدۇر بۇ كۆڭۈل.

* *

ئەي مەلاھەتكە يۈزۈڭ ماھىيەتىندە ھەد تەمام،
مەنتىق ئىچرە كۆرمەدىم ئاغزىڭ كەبى ساھىب كەلام.
ھۇسن يەگلىغ بىۋەفاسەن، ئىشقدەك ھەم جان گۇداز،
جان مەگىزلىك ناگۈزىرۇ ئۇمردەك چابۇك خىرام.
قامەتىڭ بارىندە شىرىنلىك تالاشسە نەيشەكەر،
نەيشەكەرنى بەندۇ بەند، ئېتسپ يىگەيلەر خام ـ خام.
جەۋھەرى فەرد ئاغزىڭىزگە تا كۆڭۈلنى بەرگەلى،
تىلدەك ئەل ئاغزىندە تۈشتۈم تاپمايىن بىر زەررە كام.
ئەقل ئىستەر ئېردىكىم، كۆرسە رەۋان جان سۇرەتىن،
قامەتىڭ سەرۋى بۇ ئىشكە راست كۆرگۈزدى قىيام.
ئۇل ئەلىف بويلۇق سەنەمنىڭ ھەلقە ـ ھەلقە زۇلفىدىن،
نېچەكىم چەكتىم بەلالار دېمەدىم يۈزۈندە لام،
جان بېرۇر لۇتفىيۇ ئالىندە خەيالىڭدۇر مۇقىم،
كەل خەيالىڭدىن ۋەفا ئۆرگەن، داغى مېھر ئەيلە دام.

* *

تا قىلدى بۇ ئاشۇفتە كۆڭۈل زۇلفىدە ئارام،
مەجمۇئى پەرشان ئىشىنى قىلدى سەرەنجام.

شەككەر لەبىدىن كىم تىلەسە شەربەتى شىرىن،
ھەسرەت بىلە فەرھاد كەبى ئۆل ئۆلگۈسى ناكام.
ئاشىقمۇ بولۇرگۇل ياڭاقى شەۋقىدە مەردۇم،
يەر يۈزىنى كۆز قانى بىلە قىلمەسە گۈلفام.
سىيم ئالماسىۋ، لەئلى مەيىنى كۆڭۈل ئىستەر،
ئارى، بولۇر ئول ئاشىقى مىسكىن تەمەئى خام.
ئەي دوستلارىم، ئاھۇكۆزىنى كۆرمەيىن ئۆلسەم،
زىنھار، ساچىلىڭ تابۇتىم ئۈزرە قارە بادام.
يۈز فاتىھەنى يۈزۈڭە ھەر سۇبھ ئوقۇرمەن،
چۈن «لەيلەتۇل - قەدر» ئايەتىنى زۇلفىڭە ھەر شام.
لۇتفى كەبى گەرسەرۋى سىھى كۆرسە قەدىڭنى،
ئازاد ئۆزىنى قۇل قىلۇر ئول سەرۋى گۈلئەندام.

*     *

جەمالىڭ شەمئىنە پەرۋانە كەلدىم،
فىراق ئوتىنە يانە - يانە كەلدىم.
فىراقىڭ زۇلمىدىن داد ئىستەمەككە،
سېنىڭدەك نازەنىن سۇلتانە كەلدىم.
پەرى رۇخسارە، سەنتەك دىلرەبانى،
كۆرەيىن دەپ، مەنى دىۋانە كەلدىم.

لەبىڭدىن سورغالى كەلدىم تەبۇقدە،
خىزىرتەك چەشمەئى ھەيۋانە كەلدىم.
يۈزۈڭنىڭ ھەجرىدىن جانىمغە يەتتىم،
ئانىڭ ئۈچۈن سېنىڭتەك جانە كەلدىم.
قاشىڭ ياسىن كۆرۈپ ئىبىد ئايىدۇر دەپ،
قاشىڭدە لۇتفىدەك قۇربانە كەلدىم.

*     *

يا رەب، نې ئەجەب يارى جەفاكارە يولۇقتۇم،
كۆزىيۇ قاشى جادۇيى مەككارە يولۇقتۇم.
شۇكرانەغە جان بەردىم ئوشۇل چېھرەنى كۆرگەچ،
ھەقتىن نې تىلەي ئۆزگەكى، دىلدارە يولۇقتۇم.
نې تالىئ ئىلە مەن تىلەيىن مېھر ئول ئايدىن،
چۈن بۇيلە جەفاچى بۇتى ئەييارە يولۇقتۇم.
ھېچ يەردە قەرارىم يوق ئىدى، كويىدە تۇردۇم،
جەننەتتە مۇقىم ئولدىمۇ دىلدارە يولۇقتۇم.
يار ئىستەر ئىدىم، ئۇچرادى ناگاھ رەقىبى،
گۈلنى تىلەدىم، لۇتفى، ۋەلې خارە يولۇقتۇم.

*     *

ھۇسنۇڭغە باقىپ، ئاھ دېگۈمدۇر داغى ئۆلگۈم،
سەنسەن ماڭا دىلخاھ دېگۈمدۇر داغى ئۆلگۈم.

ئىچە ياشۇراي دەردىمى، چۈن ئۆلگەنى يەتتىم،
بولماسمۇسەن ئاگاھ دېگۈمدۇر داغى ئۆلگۈم.
ئول قەددۇ ئاغىز رەمزىنى مۇنداقكى كۆرەرمەن،
تا قايسى نەفەس، ئاھ دېگۈمدۇر داغى ئۆلگۈم.
ئاخىر دەمىدە ھەركىشى كۆڭلىندەكىن ئايتۇر،
مەن ھەم ساڭا ناگاھ دېگۈمدۇر داغى ئۆلگۈم.
دىيدارىڭە مەۋقۇفدۇرۇر ئېرنىمگە كېلىپ جان،
كۆرسەم سېنى ئەللاھ، دېگۈمدۇر داغى ئۆلگۈم.
ھەركىم دېسە ئاشىقمەن ئاڭا، گەرچە خەتەردۇر،
باشتىن كېچىپ، ئەي ماھ، دېگۈمدۇر داغى ئۆلگۈم.
لۇتفى ئۆلەرىن خەيلى خەيالىڭ تابۇغىندە،
گەر يوللۇقۇ بىر ئاھ، دېگۈمدۇر داغى ئۆلگۈم.

* *

قارا مەڭ ئال ئەڭ ئۈزە قويماق ئال ئىمىش بىلدىم،
تەمەتتۇ ئاندىن ئېلىنماغ مەھال ئىمىش بىلدىم.
ئۈمىد ئېردى بىرەر كۆڭلەكىن يېڭىن تۇتسام،
مېنىڭ باشىمدە بۇ مۇشكىل خەيال ئىمىش بىلدىم.
سەھىھ تەنگە نېدىن بولدى زەئىف تەزئىفى،
بۇ سۆزدە خەتتىدىن ئانىڭ مىسال ئىمىش بىلدىم.
باشىمنى گوي ئېتىپ ئاللىندە زۇلفى چەۋگانىڭ،
بۇ يەردە باشقە يەنە ئۆزگە ئال ئىمىش بىلدىم.
ئەزەلدە ئاشىقۇ مەئشۇق جىسمۇ جان ئېرمىش،
بۇ كۈن بەھانەتەك ئول زۇلفۇ خال ئىمىش بىلدىم.
يارۇتتى ئىشق چەراغىنى شەمئۇ پەرۋانە،
ھەدىسى بۇلبۇلۇ گۈل قىيلۇ قال ئىمىش بىلدىم.
چى جايى ئابى رەۋانكىم سېنىڭ سۆزۈڭ، لۇتفى،
بۇ ئىشق تەشنەلەرىگە زۇلال ئىمىش بىلدىم.

* *

ئەي، ھۇسن ئىچىندە مەزھەرى سۇنئى ئەللاھسەن،
نازۇ كەرەشمە كىشۋەرىدە پادىشاھسەن.
يەتمەس كىشىنىڭ ئىلكى چۇ ۋەسلىڭ ئېتەگىنە،
ئول ۋەجھ ئىلە دېدىم سېنىكىم مېھرۇ ماھسەن.
مەندىندۇرۇر گۇناھكى، بەردىم ساڭا كۆڭلۈم،
كۆڭلۈمنى گەر سەن ئاسراماساڭ، نې گۇناھسەن.

قالمەنى ھەجرى يار تۆكەر، ئەي خەيالى دوست،
ئەرز ئەيلەمەككە ئاللىندە بولغىل گۇۋاھ سەن.
كۆپ لۇتفىدىن سەۋەر مېنى دەپ يۈز ئەۋرۈمەگىل،
ئىككى جەھاندە چۈن ئاڭا پۇشتۇ پەناھسەن.

*     *

ئەي، ئارەزى بەرگى گۇلۇ، ئەي قامەتى سەرۋى چەمەن،
رەۋشەن سېنىڭ يۈزۈڭ بىكىن تاپمادى بىرشەمئ ئەنجۇمەن.
يۈز ئۆزە زۇلفۇڭنى سالىپ بوستاندە يۈرۈسەڭ بىرەر،
سۇنبۇل مەڭىزلىك تولغانۇر، ئۆز - ئۆزىچە ۋەردۇ سۇمەن.
لەئلىڭكىم ئول خاتەمدۇرۇر ئەڭگۈشتەرىنتەك ئاغزىڭە،
ئانىڭ كەبى ياخشى ئەقىق كۆرمەدى ئۆمرىدە يەمەن.
كۆڭلۈم تىلەر جان نەقدىنى سەرف ئەتسە يۈزۈڭ ۋەجھىنە،
بۇ ۋەجھە مىنكۇللۇل - ۋۇجۇھ، كۆردۈم ئېرۇر ۋەجھى ھەسەن.
سوردۇم لەبىڭدىن: «يۈزبەلا جانىمغە سالغان سەنمۇ سەن؟»
سەكرەدى ئالىڭدا قاشىڭ، يەئنى «ئۇلەش قىلغۇچە مەن.»
غەمزە بىلە ئايتۇر كۆزۈڭ: «ئەي ئەگرى ئولتۇر، سۆيلە راست،
مەندىن ئۆگۈن كىمدۇركىم ئول بىلگەي بۇ سەنئەت يا بۇفەن؟»
بۇلۇتفى كۆڭلى ئارزۇلار زۇلفۇڭ جەۋارىندە تۇرىن،
ھەرنېچە ئول كۇفر ئېلىدۇر، ئىماندىن ئول ھۇببۇل - ۋەتەن.

*     *

مېنى ئاغزىڭ ئۈچۈن شەيدا قىلىپسەن،
ماڭا يوق قايغۇنى پەيدا قىلىپسەن.
سېنىڭ يايىڭنى ھېچ كىم تارتا ئالماس،
مۇنىڭتەككىم،قاشىڭنى يا قىلىپسەن.
يادا قىلغان كەبى كۆز جادۇسىندىن،
كۆزۈمنىڭ يامغۇرۇن دەريا قىلىپسەن.
كىرىپ كۆزدىن كۆڭۈلگە ئانى تارتىپ،
ئەلىفتەك جان ئىچىندە جا قىلىپسەن.
يۈزۈڭنى ئاي دېدىم، ئەستەغفۇرۇللاھ،
مەگەرئەقلىمنى سەن ياغما قىلىپسەن.
ۋەفا قىلماققا قويماس چۈن سېنى ھۇسن.
جەفا بىرلە مېنى رەسۋا قىلىپسەن.
تۆكەر غەمزەڭ دەما دەم لۇتفى قانىن،
مەگەر كۆز ئۈچىدىن ئىما قىلىپسەن.

*     *

قەدۇ ئاغزىڭغا باقسام، ئاھ دەرمەن،
سېنى كۆرگەن سايىن، «ئەللاھ» دەرمەن.
تىلەر كۆڭلۈم سېنى ئالەمدەۋۇ بەس،
بۇ نىسبەتدىن سېنى دىلخاھ دەرمەن.
مېنىڭ ھەددىم ئەمەسكىم،ئىستەسەم ۋەسل،
«كۆز ئۈچى بىرلەباقگاھ - گاھ» دەرمەن.
قۇسۇرى تەبئىدىن دەرمەن سېنى سەرۋ،
ئېرۇر ئول نارەۋا، بىر ئاھ دەرمەن.
ئېتەكىڭگە كىشىنىڭ ئىلكى يەتمەس،
سېنى بۇ ۋەجھ ئىلە مەن ماھ دەرمەن.

سىنىڭ قەددىڭ بىلە نازۇك يۇرۇردە،
ئىرۇر ئۆزگە نىمە ھەمراھ دەرمەن.
جەمالىڭ لۇتفى سۆزىن قىلدى رەڭگىن.
سىنىڭ ھۇسنىڭگە «شەيئۇللاھ» دەرمەن.

* *

يارەب، نى بەلا ھۇسنۇ مەلاھەتدۇرۇر ئۇشبۇ؟
رەفتارى شەمايىل ئەمەس، ئافەتدۇرۇر ئۇشبۇ.
ئاشىقكى بولۇر ھۇسن ئىلە يوق مۇنچە دىل ئاشۇب،
ئاندىن داغى بىر ئۆزگە لەتافەتدۇرۇر ئۇشبۇ.
ھەر قايىسى زەرىفانە كەرەشمە بىلە ئۆرتەپ،
بىلمەسكە سالىپ، ۋەھ، نى زەرافەتدۇرۇر ئۇشبۇ.
ئۆزگە كىشىدىن ئەقلۇ كۆڭۈل غارەتى كەلمەس،
شىرىن ھەرەكاتىڭغە ئىزافەتدۇرۇر ئۇشبۇ.
لۇتفى، كەچ ئۆزۈڭدىن داغى دىلدارغە يەتكىل،
سالىك ئاياغىغە نى مەسافەتدۇرۇر ئۇشبۇ.

* *

ئەي قەدىڭ تۇبىئى جەننەت خەددى گۇلگۇن ئۈستىنە،
كۆرمەدى دەۋران سىنىڭدەك ئاي گەردۇن ئۈستىنە.
بولدى سۆزۈم نازۇكۇ، كۆڭلۈم خۇشۇ تەبئىم لەتىف،
ھەر قاچان سالدىم نەزەر ئول شەكلى مەۋزۇن ئۈستىنە.
سەرۋ ئانىڭدەك قامەتىڭ ھەيرانىدۇركىم، باشىغە
قىلدى قۇشلار ئاشيان، ئانداقكى مەجنۇن ئۈستىنە.
ھەردەم، ئەي كۆز ياشى، يۈز كۆرمەي مىنى فاش ئەيلەمە،
دەۋلەتىمدىن ئاغنادىڭ يىللار چۇ ئالتۇن ئۈستىنە.
ئەنبەرىن قاشىڭ خەمىندە خالدەك كۆز مەردۇمى،
مۇشكى تەردىن نۇقتەئى سۇلسىدۇرۇر «نۇن» ئۈستىنە.
نىچە چەكسۇن خۇبلار ئىلكىندىن جەفا مىسكىن كۆڭۈل،
مۇنچە ئافەت كەلتۇرۇر بىر قەترەئى خۇن ئۈستىنە.
گەر ۋەتەن لۇتفى كۆزىندە تۇتمادىڭ، يوقتۇر ئەجەب،
ئەۋ قوپارماغلىق ئىرۇر دۇشۋار جەيھۇن ئۈستىنە.

* *

سۇرەتىڭدە خامەئى سۇنئى ئىردى تەھرىر ئۈستىنە،
چۇنكى يەتتى كۆزۈڭگە، سىھر ئەتتى تەسۋىر ئۈستىنە.
گەرچە باش بىرلە تىكىلدى ۋەسفى زۇلفۇڭدە قەلەم،
ئول قارا تىللىق كۆرۈر ئۆزىنى تەقسىر ئۈستىنە.

هۆسنۈڭىز ئانى نې ئەپ قىرسۆن ئىبارەتقەكى، ئەقل،
دەم بەدەم بىخۇد بولۇر شەرھىندە تەقرىر ئۆستىنە.
ئىش ئەگەر ئەفسۇنغە يەتسە كۆزلەرىڭ ئەشكال ئىلە،
يۆز خەتانى يۆكلەگەي جادۇئى كەشمىر ئۆستىنە.
قاشۇ كۆزۈ كىرپۆكۆڭىزنۈڭ فىتنەسىدىن يوق قەلەم،
ئول بەلادىن، نېتەيىن، كەلمەسە بىر ـ بىر ئۆستىنە.
چىقمادى زۇلفۇڭ سەۋادىندىن كۆڭۈل يول بار ئۆچۆن،
مۇنچە ئۆمر ئېتىپ ئۆزۆن تۈنلەردە شەبگىر ئۆستىنە.
لۈتفىنى ئۆلتۈرمە سەنسىز ئۆلمەگەن جۇرمى ئۆچۆن،
كىم يۆرۆمەس بەندەنىڭ فەرمانى تەقدىر ئۆستىنە.

*　　　*

قولنى شەفتالۇ ئۆچۆن سۇندۇم زەنەخدان ئالماغە،
قاشۇ كۆزى كەلدىلەر هەر گۇشەدىن جان ئالماغە.
ئاي يۆزۆڭگە باقسە، هەيرەتتە قالىپ دەم ئاچماغاي،
كىمكى كەلسە قان ئۆچۆن مەهشەردە تاۋان ئالماغە.
ئۆرتەنۆرمىز هەر زەمان ئۆز دىنىمىزنىڭ زەئفىدىن،
تۆشسە كافىر زۇلفى هەرسارى چۇ ئىمان ئالماغە.
ئىككى نارىڭۇ زەقەن ئالماسىدىن بىھ تاپماغاي،
قايسى جەننەت مېۋەسىنى بەرسە رىزۋان ئالماغە.
گاھ سارغاردى هەيادىن، گاھ قىزارىپ ئۆرتەنىپ،
ئول زەقەندىن شىممەئى دېدىم چۇ نادان ئالماغە.
غەمزە بىرلە كۆزى هېچ تەندە كۆڭۆل ـ جان قويمادى،
تۆركى ياغما تاپسە بار مەيلى فەراۋان ئالماغە.
لۈتفى، گەر ئېرنىن تىلەرسەن كىر رەقىبنىڭ كۆڭلۈغە،
خارەغە كىرمەك كېرەك لەئلى بەدەخشان ئالماغە.

*　　　*

ئەي جەهانى هۆسن زىيبالىق نىقابىڭ ئاستىدە،
دىلرەبائى ئاتى دەۋلەتلىك رىكابىڭ ئاستىدە.
هەسرەت ئىلە جايى ئولدۇركىم جىگەرخۇن ئەيلەسەم،
ئول مەلاهەتكىم كۆرۆپمەن مۆشكى نابىڭ ئاستىدە.
فۇرقەتىڭدىن ئۆتكەنىم، بولغاي قىيامەتلىك ئۇيات،
ئۆلمەسەم بىھ سوگرە قالغۇنچە ئىتابىڭ ئاستىدە.
كۆن تۇغاردىن كۆن پاتارغە قىلدى جايلارنى ئەسىر،
چاهى غەبغەبكىم، تۈشۈپتۈر ئافتابىڭ ئاستىدە.

لۇتفى جانغە بەلالار كەلدى بىر ـ بىر ئاستىنە،
تۇشكەلى ئۇل خالى تۇركى نىمخابىك ئاستىدە.

*　　*

ئەي مەلەكسىما پەرى ئىشقىڭ ئىلىندىن ئاھ ـ ئاھ،
بىر نەزەر قىلساڭ نې بولغاي ئادەمىلىق گاھ ـ گاھ.
ياخشى ئىردى كۇندە ھەردەم ئاي يۇزۇڭ نەززاردسى،
نې يامان كۇنلەردۇرۇركىم، ئەمدى كۆرمەم ماھ ـ ماھ.
چۇن ئۆلەرمەن ئۇل ئەلىفدەك قەددۇ تار ئاغزۇڭ ئۇچۇن،
سەن ئۆتەردە تۇربەتىمدىن قوپغۇسىدۇر «ئاھ، ئاھ».
تۇشتى كۆڭلۇم ئۇل زەقەنغە ئاڭلاماي مەدھۇش ئۇچۇن،
ھەرنىچەكىم ئەقلى دۇر ئەندىش ئايىتتى، «چاھ ـ چاھ!»
كەلدى دىلبەرنىڭ خەيالى جان ئۆيىگە كىرگەلى،
ئەي كۆڭۈلنىڭ قانى، بىردەم كىرمە كۆزگە راھ ـ راھ.
ئىتلارىنىڭ خەيلىدە ھەيرانۇ سەرگەردان ئىدىم،
يۇزۇمە ياقدى داغى چارلاپ ئىتىنى گاھ ـ گاھ.
لۇتفى ئەشئارىڭنى، لۇتفىي بايسۇنغۇرخان بىلۇر،
كىم، ئەرۇسى مۇلك كۆرمەيدۇر ئانىڭدەك شاھ ـ شاھ.

*　　*

بولغاي ھەۋەسىڭ مەندە تا جاندىن ئەسەر بولغاي،
ئىشقىڭ يولىدا بارغاي يۇز باشىم ئەگەر بولغاي.
ئاشىق كىشىنىڭ ئىشى خۇبلەر بىلە تۇشگۇنچە،
كافىر بىلە تۇشسۇنكىم، ھۇسن ئىلى بەتەر بولغاي.
جان ئارەزۇ ئىرنىڭدىن بولدى نەغۇ سەۋدايى،
سەۋدا ئىلىگە دەرمان چۇن گۇل بەشەكەر بولغاي.
گەر بىزنى شەھىد ئەتسە بىرخەندە بىلە لەئلىڭ،
خاكىم گىلى شادىدىن تا ھەشر كۇلەر بولغاي.
لۇتفى، نې ئەجەب، قىلسە يۇزۇڭنى كۆرۇپ ئەفغان،
كۆپراقى چۇ بۇلبۇلنىڭ فەريادى سەھەر بولغاي.

*　　*

ھەرامى غەمزەڭ ئىلىندىن مەدەد، ھاي،
كۆزۇڭ سىھرى مەلالىندىن مەدەد، ھاي.
فىراقىڭ چۆلىدە چاڭقاپ ئۆلەرمەن،
بىرەر ۋەسلىڭ زىلالىندىن مەدەد، ھاي.
تۇتۇپمەن روزە ۋەسلىڭ ئىيدى ئۇچۇن،

قارا قاشىڭ ھىلالىندىن مەدەد، ھاي.
قاتىلمىش بارچە ھەر يەردە بەلالار،
كۆزۇ قاشىدە خالىندىن مەدەد، ھاي.
سىنىڭدەك تاش باغىرلىقدىن تىلەرمىھر،
كۆڭۈل فىكرى مەھالىندىن مەدەد، ھاي.

مېنى قاپساپتۇرۇر ھىجران چەرىكى،
ماڭا، شاھىم، ۋىسالىڭدىن مەدەد، ھاي.

ئەدەمدۇر لۇتفى بىلىڭ فىكرى ئىچرە.
ئانىڭ نازۇك خەيالىندىن مەدەد، ھاي.

* *

ئەي شەككەرىڭدە مۆئجىزى ئىيسا قەرىنەسى،
يۇسۇپ جەمالى ۋەسفۇ سىفاتىڭ كەمىنەسى.
لەئلىڭ خەيالى زىھنى نەقش بولغالى....،
كۆڭلۈم ئىرۇر جەۋاھىرى غەيبى غەزىنەسى.
ئەشھەب ئىلىك ئۇزاتقالى ئىگىنگەكىم بولۇر،
زىيۋەر يېتەر ھەم ئول قارا ساچ ئەنبەرىنەسى.
ئەي غەمزەڭ ئوقلارىغە نىشان رۇھ پەيكەرى،
ۋەي داغى ھەسرەتىڭغە مەكان قەلب سىينەسى.
ئول قاش تاقىنە قويۇپ ئېردىم، ئۇشالدى ئاھ،
ئۇسرۇك كۆزۈڭ ئالدە كۆڭۈل ئابگىنەسى.
تار ئاغزىڭۇ لەبىڭنى كۆرۈپ تاڭ قالمىشەم،
كىم كۆردى رۇھى جەۋھەرى، خاتەم نىگىنەسى؟
لۇتفى كەلامى يەتسە سەمەرقەند ئەھلىنە،
ئامۇدىن ئۆتمەس ئىدى خۇجەندى سەفىنەسى.

* *

پەرتەۋىدۇر ئول تەبەسسۇمدىنكى جان دەرلەر ئانى،
سايەئى سەرۋىڭدۇرۇر ھەمكى رەۋان دەرلەر ئانى.
بەختى سەرگەشتەمنى كۆركىم زۇلفى تەگدى باشىمە،
جان كەمىنىندە نېچەكىم ناتەۋان دەرلەر ئانى.
ئەي كۆڭۈل، ئۆرگەت جەفا بىرلە ئۆزۈڭنى باشتىن ـ ئوق،
كۆپ ۋەفا كۆز تۇتماكىم، نامېھرىبان دەرلەر ئانى.
ئول ئەلىف بويلۇق قاشى ئۇن ئەكسىدىندۇر لەمئەئى،
ھۇسنى ئالەمتابىدىن باشقە گەران دەرلەر ئانى.
ئاي يۈزى بىرلە قىران قىلغان ئۇچۇن چولپان يۈزى،
ئاندىن ئەسھابى نەزەر ساھىبقىران دەرلەر ئانى.
لۇتفىئى گۇمنامنى ئالەمدە قىلغان روشناس،
داغى ئىشقىڭدۇركى دەۋلەتلىق نىشان دەرلەر ئانى.

* *

ئەي ساچىڭ شەيدا كۆڭۈللەرىنىڭ سەۋادى ئەئزەمى،
ھەلقە ـ ھەلقە رۇھنىڭ سەرمەنزىلىدۇر ھەر خەمى.

سۈنبۈلۈڭنى تاراغاندە گۈل ئۈزە تاكدۇر ئەرەق،
كىم، بۇلۇتلۇق كېچەنى ئەلبەتتە، بولماس شەبنەمى.
سەن پەردىۋەش ھۆردىن مۇشكۈلدۇرۇر جان ساقلاماق،
چۈن مەلەك ھەيراندۇر ئول سۈرەتكە نېتسۇن ئادەمى؟
مەن يىراقتىن جان بېرۇرمەن، تاقەتىم يوق باققالى،
يۈزى قاتتىق كۆزگۈكىم، بولمىش جەمالىڭ ھەمدەمى.
مەن بۇ كۆز بىرلە ئۇياتلىقمەن خەيالىڭ يۈزىدىن،
كىم كېلۇر ھەرلەھزەئى ئول گۈشەنىڭ باردۇرنەمى.
ئول بەدەنىنىڭ دەۋلەتىدىن تۇغدى كۆڭلەكنىڭ كۈنى
ھۆسن تالىئى كۆركىم، ئولدۇر ھالى ئىچكى مەھرەمى.
لۇتفىنى باشتىن مەگەر تىرگۈزسەڭ، ئەي ئىيسا نەفەس،
كىم تەنىدىن بولدى كۆپ جان ئالغالى ھىجران غەمى.

*   *

گەر ئاھىمدىن ھەۋاغە چىقسا دۇدى،
كۆرۈنگەي ھەرنەفەس چەرخى كەبۇدى.
زىيان بولسە كېرەك سەرمايەئى ئىشق،
چۇ تەگمەس ھۆسنىڭىزدىن بىزگە سۇدى.

ئىشارەت بىرلە كۆن بىچارە يەڭلىغ،
قىلىۇر ھەر سۇبھ ھۆسنىڭگە سۇجۇدى.
نەزەر قىلماس نەغۇ لۇتفىغە كۆزۈڭ
كىم، ئۇسرۇكلەردە بار، ئەلبەتتە جۇدى.

*   *

ئاھكىم، قىلدى قەرارى يوق كۆڭۈل شەيدا مېنى،
ۋەھ، نې تۈرلۈك ۋالە ئەتتى تىنماغۇر سەۋدا مېنى.
مەن بۇ سۈرەتنى ئەگەر سەۋدىم ئېسە يازغۇرماغىل،
كىم، ئەزەل نەققاشى قىلدى ئىشق ئۈچۈن پەيدا مېنى.
ئەقلۇ دىن بار ئېردى بىر چاغدا مەنى دىۋانەغە،
زۇلفۇنىڭ سەۋداسى يەتكۈردى قارا يەرگە مېنى.
نېچە سىررىمنى ياشۇرسام سىنەدىن بىخاس ئىشق،
ئۆز - ئۆزى فەرياد ئېتەركىم، ئەيلەگەن رەسۋا مېنى.
كۆز ئۇچى باقماس، تەئالەللاھ، نەچە ئاھ ئەيلەسەم،
قىلدى ئاجىز ئۇ كەمالى ھۆسن ئىستىغنا مېنى.
تالىئىمنىڭ شور ئىكەنىن مەن چۇ ئاندىن ئاڭلادىم
كىم، سۈچۈك سۆز بەرمەي ئۆلتۈردى لەبىڭ ئىمدا مېنى.
لۇتفىدەك ھىجران تۈنۈندە لال ئىدىم ھەيران قالىپ،
گۈل يۈزۈڭ قىلدى يەنە بۇلبۇلچىلاي گويا مېنى.

*   *

ئەي ساچىڭنىڭ سايەسىندە ئافتابى خاۋەرى،
تۇغمادى سەن ھۆر يەڭلىغ نەسلى ئادەمدىن پەرى.

شەككەر ئېرنىڭ سوزى تىلدەك تۆشكەلى ئەفۋاھدە،
ئەل ئاغىزلانماس نەبات ئاتىنى، ئىللاھ، سەرسەرى.
گۈل ئورۇنۇر قۇللۇغۇڭ تەۋقىن خىجالەت بەرمە دەپ،
بويىنغە فۇتە سالىپ غەرقى ئەرەقدۇر بىر سەرى.
مەئدەنى رۇھۇ لەتافەت كانىدۇر لەئلى لەبىڭ،
قەدرى ئول جەۋھەرنى مەندىن سوركى، مەنمەن جەۋھەرى.
تۇتماسۇن تەگرى رەۋاكىم، بولغاي ئۈچكىگىز رەقىب،
ۋاي، ئانگدەك، شۇم يۈزلۈك قۇتلۇغ ئۆيدىن تاشقەرى.
زۇلمەتى زۇلفۇگدە ئىسبات تاپغالى ئابى ھەيات،
خىزر ئىقبالى كىرەك، يا دەۋلەتى ئىسكەندەرى.
ئولكى غەمزەڭ بىرلە زۇلفۇڭ قىلدى لۇتفى جانغە،
قىلمادى مۇئمىن ھەقىندە ھېچ خەيبەر كافەرى.

* *

ئول ئايكى قەزا بولدى ماڭا ئىشقى بەلاسى،
مېھرى بىلە ئۆلگۈچىگە يوق زەررە ۋەفاسى.
دەر يۈزە قىلۇرلار يۈزىدىن نۇر مەھۇ مېھر،
سۇلتانى جەمال ئولدۇرۇر، ھۇسن ئەھلى گەداسى.
تۇبى نې تىلەر رەۋزەدە ھەر ئەۋگە ئۇرۇپ باش،
گەر باشىدە يوقتۇر قەدىڭىز سەرۋى ھەۋاسى.
ۋەسلىگدىن ئۆزە ھېچ نېمە ھەقدىن تىلەمەسمەن،
يارەبكى، ئىجابەت بولا بۇ بەندە دۇئاسى.
لۇتفى ئۆلەر ئول ئۆزگەگە ھەر گەھ قىيا باقسە،
بۇ ھەسرەتۇ غەمنىڭكى يوق ئول ھېچ قىياسى.

* *

ھەر نېچەكى جانغە تېگەر ئول ياز جەفاسى،
باشىمغە تۈشۈپتۇر، نېتەيىن، ئىشقى ھەۋاسى.
ئوقدەك مېنى ئول غەمزە جەفا بىرلە تۈزئەتكەچ،
بىلدىمكى يەراق سالغۇسى ھەرگىز قاشى ياسى.
سورغايمەن، ئەگەر بەرسە ئىلىك لەئلىنى ئانچە
كىم، قالماغاي ئېرنىگدەكى ئول خال ياراسى.
دەردىمغە دېدىكىم :« قىلايىن ۋەسل ئىلە دەرمان »،
ھەجر ئۆلتۈرەدۇر بىزنى، نېدۇر ئەمدى دەۋاسى.
بىر زەررە ۋەفا تاپمادى لۇتفى سىۋەرىندىن
كۆركلۈك كىشىنىڭ بولماس ئېمىش مېھرۇ ۋەفاسى.

* *

ھەقكىم سىنى دىلرەبا ياراتتى،
ئاشىقلەرە چۇن بەلا ياراتتى.
ھەر قايدە ۋەفا رەقىب ئۇچۇندۇر،
ئاشىق ئۆلۇشى جەفا ياراتتى.
قىلماق مىنى ئىشق ئۇچۇن مەلامەت،
چۇن ئىشقنى ھەم خۇدا ياراتتى.
ئاشىق كىشىلەرنى ئۆلتۇرۇرگە،
تەڭرى سىنى مۇنتەھا ياراتتى.
لۇتفى، تەمەئ ئەتمە مىھر ئاندىن،
كۆركلۇكنى چۇ بىۋەفا ياراتتى.

* *

ئەي جەمالىڭ شەمئى خۇرشىدۇ قەمەر پەرۋانەسى،
بىر سەدەف ئىككى جەھان ئەھلىيۇ سەن دۇر دانەسى.
نۇقتەدۇر يا خالى مۇشكىن ئول زەقەن ئالماسىدە،
ئالمانىڭ نازۇكلىكىندە يا كۆرۇنۇر دانەسى.
بۇزغاي ئۇچماقۇ تامۇغنى بولماسە زەنجىرى يۈز،
كىمكى بولغاي ئول مۇسەلسەل زۇلفىنىڭ دىۋانەسى.
ئول شەكەر ئىرنى ئۇچۇن جان بەرگەنىم تا بولدى فاش،
قىسسەئى فەرھادۇ شىرىن بولدى ئەل ئەفسانەسى.
جامى ۋەسلىڭدىن ماڭا ھەجر ئاغۇسى بولدى نەسىب،
گويىيا دەۋرۇڭدە تولدى بەندەنىڭ پەيمانەسى.
ئەي لەتافەت مۇلكىدە سۇلتان، بۇ لۇتفى كۆڭلىن ئال،
فەرز ئىرۇر ئىھسان گەداغە سەلتەنەت شۇكرانەسى.

* *

جانا، فىراقىڭ خەلق ئارا كۆڭلۇمنى رەسۋا قىلغۇسى،
جاندا ياشۇرغان رازنى ياشىم ھۇۋەيدا قىلغۇسى.
ھىجران تۇنى تۇتتى ئىلىك جانغە خەيالىڭ ئاقىبەت،
بىر كۇن ئاسىغ قىلغاي، بەلې كىم دوست پەيدا قىلغۇسى.
فاش قىلغۇسى كۆز ياشىيۇ سارىغ يۈزۈم ھەجر ئىلكىدىن،
قۇلنىڭ كۇمۇش، ئالتۇننى قىن ئاشكارا قىلغۇسى.
ھەۋلى قىيامەتدىن نې غەم ئاشىقلارىڭغە، ئەي سەنەم،
چۇن بويۇڭ ئاندە بارچەنى سەرمەستى شەيدا قىلغۇسى.
تەگسە رەقىبلەرنىڭ ئەگەر تىل ئاغزى بىزگە نې ئەجەب،
ئىتلار گەدانى كۆرسەلەر، ئىشىكدە غەۋغا قىلغۇسى.
جان زۇلفىغە ھەر تار ئۇچۇن بەردىم يۈز ئولدى ئاشنا،
تانىشسىز ئوغرى بىرلە كىم دۇنيادە سەۋدا قىلغۇسى.
جان ئىچگە ئاغرىق دەردىدىن فۇرقەتنى بەرگەي ئاخىرى،
بىلىڭنى مىسكىن لۇتفىدەك ھەر كىم تەمەننا قىلغۇسى.

* *

دىلبەرا، ئابى ھەيات ئىرنىڭ ئۈچۈن جان سۇۋسادى،
باغرىم ئۆرتەندىيۇ، داغى سىينە بىريان سۇۋسادى.
سۇۋغە مەخمۇر كىشىدە بولماس ئانىڭدەك مەيل ھىچ،
كىم، مىنىڭ قانىمغە ئول نەرگىسى فەتتان سۇۋسادى.
جانۇ تەن ئەۋنىدە مەي لەئلىڭ ئۈچۈن مىھماندۇر،
قىل كەرەم لۇتف ئىلە بىر جۇرئە كى مىھمان سۇۋسادى.
مەلسەبىلىڭنى سۇۋىنە سۇۋساغان ئەھلى ئەزاب،
خاكى پايىڭغە ئانىڭدەككى بۇ ھەيران سۇۋسادى.
فۇرقەتىڭ چۆلىندەدۇر ۋەئدەلەرىڭ ئەينى سەراب
كىم، ئانىڭ كەينىچە ئۇششاقى فەراۋان سۇۋسادى.
لۇتف قىل ۋەسلىڭ زۇلالى بىرلە، ئەي ئابى ھەيات،
كىم كۆڭۈل جان بىرلە شەۋق ئوتىدە يەكسان سۇۋسادى.
قۇردى لۇتفى گەھ دۇداقىڭغە پىيالە تىگەدۇر،
فۇسسەدىن، ۋەللاھ، ئانىڭ قانىنە چەندان سۇۋسادى.

* *

كۆكدەدۇر ھەردەم فىغانىم كۆرگەلى سەن ماھنى،
دەئۋىئى مىھرىڭغە تانۇق تارتادۇرمەن ئاھنى.
سەن كەبى سۇلتاننى سەۋمەك ھەددىم ئىرمەستۇر،ۋەلىك،
بۇ بەلالىق ئىشق فەرق ئەتمەس گەداۋۇ شاھنى.
زۇلفۇ ئاي يۈزۈڭ فىراقىندە تۈمەن ھەسرەت بىلە،
ئاھكىم، زايىئ كەچۇردۇم مۇنچە سالۇ ماھنى.
دانەئى خالىڭ تەمەننايىدە، ئەي گۇل خىرمەنى،
قىل نەزەركىم، چېھرەئى زەردىم ياشۇردى كاھنى.
ئاغزىڭىزنىڭ فىكرىنى مۇنداقكى كۆردۈم ئاخىرى،
باشلاغۇسىدۇر ئەدەم سارى مەنى گۇمراھنى.
ئىشكىڭدۇر بەختۇ دەۋلەت، خاكى پايىڭ ئەفسەرىم،
تاپمادى جەمشىدۇ ئەفرىدۇن بۇ قەدرۇ جاھنى.
قاۋما لۇتفىنى ئىشكىدىن، بەر زەكاتى ھۇسن ئاگاھ،
فايدا ئاپتسۇن سەن غەنى بارىندە «شەيئىللاھ»نى.

* *

ھۇسن نەسلىدىن سىنىڭدەك ئاي پەيدا بولمادى،
ماھى كەنئانى داغى ھەم مۇنچە زىيبا بولمادى.

يالغۇز ئۇشبۇ دەۋردە بىمىسل ئەمەسدۇر سۈرەتىڭ،
ئۆزگە دەۋرانلاردا ھەم مىسلىڭ ھۇۋەيدا بولمادى.
بۇرقەئ ئالغاندە تەجەللىسى جەمالىڭنى كۆرۈپ،
ئىشقىدىن غافىل جەمادىدۇركى، شەيدا بولمادى.
دۇر تۆكەر كۆز ئول ئاغىزنىڭ سۆزىگە ھەيران قالىپ،
ھېچ ئاشىقنىڭ مۇنۇڭدەك كۆزى دەريا بولمادى.
كىم سىنىڭ ھۇسنىڭگە باقتى، ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ دىدى:
«ئىشق ئەسرى لۇتفىڭى ئازادە ئەمدا بولمادى.»

* *

ئەي، ئوغان نۇرى بىلە پەرۋەردە ئاي رۇخسارەسى،
تەلئەتىڭدىن پەرتەۋى توققۇز فەلەك سەييارەسى.
سىھرۇ نەيىرى نەجات ئەشكالنى مەنسۇخ ئەيلەدى،
ئاشىق ئۆلتۈرمەككە كۆزۈ غەمزەئى خۇنخارەسى.
مەن گەداغە دەۋلەتى ۋەسلىڭ قاچان تەگسۇن، بىلگىم،
كاشكى تەككەي يىراقتىن ئاي يۈزۈڭ نەززارەسى.
كۆز ئۇچىدىن بۇ غەرىب ئەھۋالىنى سور لۇتفى ئىلە،
كىم، سىنىڭ ئۈچۈن بولۇپمەن دۇنيەنىڭ ئەۋۋارەسى.
لۇتفى ئاھىنىڭ ئوقى زەررە سىرايەت قىلمادى،
قايدە بۈتكەندۇر، ئىلاھى، ئول كۆڭۈلنىڭ خارەسى.

* *

ئەي سۈرەتىڭغە ۋەقف مەلاھەت ۋىلايەتى،
ۋەش ـ شەمس سۈرەسى يۈزۈڭۇ خال ئايەتى.
يۈزۈڭدە زاھىر ئەمسەنى تەقۋىم ھەياتى،
ئاغزىڭدە جۇزۋى لايەتەجەززا كىنايەتى.
زۇلفۇڭ فىراقىدىن بىتەيىن شەممەئى دىدىم،
ئەقل ئايىتتى: «باشلاماكى، ئۇزۇندۇر ھىكايەتى.»
كۆز سەدقەسي ياشىمغە نەزەر قىلكى، رەسم ئىرۇر
سايىلغە ناتەۋان كىشلەرنىڭ ئىنايەتى.
قىلدى سىنى ۋەفاسىز ئۈچۈن ھۇسن بىۋەفا،
نى قىلسۇن ئۆزگە دۇنيەدە سۇھبەت سىرايەتى.
يۈز دەردىنى ساچىڭغە كۆڭۈل باغلادى ئۆزىن،

دەۋری قەمەردە هەر کىشىنىڭ بار هىمايەتی.
ئول کۆزۆ غەمزە ۋەسفىدە قىلغايمۇ ئىبردی سىپهر،
لۇتفی مەقىندە بولماسە هەقنىڭ هىدايەتی.

*　　*

ئەي، ئەگلەرىنىڭ هەدىقەئی فىردەۋس لالەسی،
گۆلزاری هۇسن رەۋنەقی کۆزۆك غەزالەسی.
کۆزۆك جەفايۇ جەۋر قىلۇردىن ئەمەس مەلۇل،
گویاکی خۆش کېلۇر ساڭا ئۇششاق نالەسی.
قانماي ئىچىپ قانىمنی، بىرەر قىلماس ئىلتىفات
ئۇسرۆك کۆزۆڭکی، تولە تۆشۆپتۆر پىيالەسی.
تەگ ۋەئدەلەر سوگىنچە بۇ کۆن تاڭلا خالی دەپ،
کەچتی هەياتۇ يېمەدی بىر ۋەسل هالەسی.
يامغۇر ياغار قوتانلاسە ئاي، قان ساچار کۆزۆم،
ئايتەك يۆزىنی تۇتقالی ئول مۆشکی هالەسی.
شاد ئولمە يەتسەڭ، ئەي دىل، ئەگەر ۋەسل خانىنە
كىم، زەهری هەجرسىز ئەمەس ئاخىر نەۋالەسی.
ئاغزىنە رو بەروي قىلۇر لۇتفىغە مېنی،
يوق يەردە نېچە بولغاي ئول ئاينىڭ هەۋالەسی.

*　　*

ئوغانكی، قۇدرەت ئىچىندە کەمال کۆرگۆزدی،
يۆزۆڭنىڭ ئايىنەسىندە جەمال کۆرگۆزدی.
جەهاننی ئۆرتەدی ئول دەمکی يۆزۆ زۆلفۆڭدىن،
تەجەللىياتی جەمالۇ جەلال کۆرگۆزدی.
هەر ئاي باشىدە ئىدی بىر هىلال کۆرمەك رەسم،
هەر ئايدە قاشىدىن ئىککی هىلال کۆرگۆزدی.
هايات سۆيىغە ئېلتىپ سۇۋسىز کېتۆردی مېنی،
دۇداغىڭىز نې بەلا بىزگە ئال کۆرگۆزدی؟
مېنىڭ جانىمغە بەلا ئۆستىدە بەلا بولدی،
کۆزۆك قاشىندە ياراتقان چۆ خال کۆرگۆزدی.
ۋۇجۇد باغلامادی بىلىڭىز کەبی نازۆك،
نېچەکی خامەئی قۇدرەت خەيال کۆرگۆزدی.

هەرامى كۆزلەرىڭ ئەشكارلى ۋەسفىدە لۇتفى،
بەسارەت ئەھلىنە سىھرى هەلال كۆركۆزدى.

* *

ئەي، ياڭاقىڭ ۋاھىدىيەت باغىنىڭ هۇمرا گۈلى،
«كۈنتۇ كەنزەن ىەخفى» گەنجىدۇر ساچىڭنىڭ سۈنبۈلى
ئارەزىڭنىڭ شەۋقىدىن قىلسام فىغان، يازغۇرماغىل،
قايسى بىر گۈلزار ئىرۇركىم يوقتۇر ئانىڭ بۇلبۇلى.
جامى خۇرشىدۇ فەلەك دەۋرى يوق ئىردى، ئاندەكىم،
سۈندى جانىمغە سىنىڭ ئۈسرۈك كۆزۈڭ سەۋدا مۇلى،
ئەڭلەرىڭ ۋەسفى سۆزۈمنى قىلسە رەڭگىن ۋەجھى بار
كىم، ئىرۇر گۈل دەۋلەتىندىن بارچە بۇلبۇل فۇلغۇلى
تىنماغاي دەۋرى قەمەر ئاشۇفتەلىقتىن، خاسسەكىم،
فىتنە مۇلكىدە ئىرۇر سەردارىسەن، ئەي كاكۈلى.
خىجلەتىڭدىن چىقماغاي رىزۋان قۇسر ئىچرە يوقالىپ،
پەردەدىن ناگاھ ئەگەر چىقغاي سىنىڭ هۇسنۇڭ گۈلى.
سىھر قىلغاي سۆزدە لۇتفى ساھىرى كەشمىرتەك،
دۇررى نەزمىغە قۇلاق گەر سالسە ماهى كابۇلى.

* *

بولدى بەهارۇ سەنسىز يوقتۇر چەمەندە پۇرى،
فىردەۋس بولدى گۈلشەن يوقتۇر دەرىغ هۇرى.
ئەسبابى ئەيشۇ ئىشرەت بولدى تەمام هاسىل.
سەنسىز نى چارە دۇركىم، تاپماس كۆڭۈل هۇزۇرى.
هۇرۇ پەرىدىن ئارتۇق باردۇر جەمالىڭ، ئەمما
مىھرۇ ۋەفادە دۇر سۆز، هۇسنۇڭدە يوق قۇسۇرى.
هۇسنۇڭغە كۆپ ئىشەنىپ جەبرۇ جەفا قىلۇرسەن،
كۆركلۇك كىشى باشىندە، ئارى بولۇر غۇرۇرى.
لۇتفىنى خەستە بولدى جاندىن هەلال سەنسىز،
بولغاي هەياتى زايىئ چۇن بولماسە سۇرۇرى.

* *

جەمالۇ هۇسن ئىلە ئولكىم، يەگانە قىلدى سىنى،
خىلافى ۋەئدەدە كانى بەهانە قىلدى سىنى.

سىنى مىنىڭ كەبى ئاشىق ياراتسە، نىتكەي ئىدىڭ،
ئۇشۇلكى، فىتنەئى ئەھلى زەمانە قىلدى سىنى.
ئەجەلنىڭ ئۇيقۇسىغە سالدى خەستە ئاشىقنى،
قاراق فۇسۇنىدە ئۆلكىم، فەسانە قىلدى سىنى.
كۆڭۇل خەدەڭگى ماڭا تەگمەدى دەپ، ئاھ ئۇرمە،
يىتەر بۇ ئوق ساڭاكىم، ئول نىشانە قىلدى سىنى.
جەمال شۇكرىنە لۇتفىغە ئىلتىفات ئەتكىل،
ئانىڭ رىزاسى ئۈچۈنكىم، يەگانە قىلدى سىنى.

* *

ھەق بۇرۇن ئاندىنكى خىلئەت نەقشىن ئىزھار ئەيلەدى،
جان بىلە كۆڭلۈمنى ئىشقىڭغە گىرىفتار ئەيلەدى.
شەككەر ئىرنىڭدىن سۆچۈكلۈك ئىلتىسىۋ تاندى نەبات،
تۆزمەيىن، ئىككى يىغاچقە ئاخىر ئىقرار ئەيلەدى.
ئول مىنى كۆيدۈرگۈچى يۈزۈك ئۆزە زۇلفۇك ئۈچۈن،
گەر خەلىل ئىرمەس، نىدىن ھەق ئوتنى گۈلزار ئەيلەدى.
لەئلىڭ ئايتۇركىم، سىنى ئول غەمزە ئۆلتۈرگۈسىدۇر،
ھەر نى ئۇسرۇك كۆڭلىدە ئىردى، مەي ئىزھار ئەيلەدى.
كۆرمەسۈن، يا رەب، جەھاندا ياخشىلىقنىڭ يۈزىنى،
ھاسىدىكىم مەكر ئىلە يارىمنى ئەغيار ئەيلەدى.
بۇ كۆڭلۈمنىڭ باشىغە تۇپراقكىم، ھەريان بارىپ،
لۇتفىنى بارچە ئەزىزلەر كۆزىدە خار ئەيلەدى.

* *

نەۋ بەھار ئولدى، ۋەلى ھىجران جەفالار قىلغۇسى،
جان قۇشى يارنىڭ ھەۋاسىندە ھەۋالار قىلغۇسى.
تۈشتە كۆرگەندە سىنى ۋەسلىڭنى قەدرىن بىلمەدىم،
جانىمە ئەمدى فىراق ئوتى سەزالار قىلغۇسى.
ياز ئەگەر ناگەھ كىزەر بولساڭ چەمەندە ناز ئىلە،
گۈل ئاياغىڭغە تۈشۈپ، بۇلبۇل دۇئالار قىلغۇسى.
ھەر نىكىم كۆڭلۈك تىلەر جەۋرۇ جەفادىن، قىل، بىگىم،
سەن نىچە قىلساڭ جەفا، بەندە ۋەفالار قىلغۇسى.

يۈزىگە باقسە، بۇلۇتقى نالەسىن ئەيب ئەتمەگىل،
گۈل يۈزىن كۆرگەچ، بەلى، بۇلبۇل نەۋالار قىلغۇسى.

*                *

قانىمغە كۆز قارارتتى بىراۋنىڭ قاراقلارى،
قۇربان بولايىن ئۇچرەسە كۆزگە قاپاقلارى.
ئاتتۇردى كىچە بىرلە قىيامەت تاڭىن ماڭا،
ھەر بىر قىيا باقاردە قارا كۆزۈڭ ئاقلارى.
گۈل ۋەسفى ھۆسنۈڭ ئەرتە بىلە ئەزبەر ئەتمەسە،
بوستانىدە نې ئۈچۈن تۇرار ئاچۇق ۋاراقلارى؟
مەھشەر كۈنىگە تەگرۇ مېنى ئۆرتەگۈسىدۇر
بۇ ئوتكى، سالدى جانىمە نازۇك ياڭاقلارى.
زۇلفىغە ئال بىرلە ئەدەم يولى كۆرسەتۇر،
شىرىن تەبەسسۇم ئەيلەسە نازۇك دۇداقلارى.

*                *

فۇرقەتىڭ ئۆلتۈرۈر مېنى تۇتمە رەۋا، جىنگى - جىنگى،
كۆڭلۈم ئالىپ ياشۇنماغىل بەھرى خۇدا، جىنگى - جىنگى.
چۈن كۆزۈ قاشۇ قەد بىلە بىزنى كۆڭۈلسىز ئەيلەدىڭ،
قىلمە ھەۋالە جانىمە ئۆزگە ئەنا جىنگى - جىنگى،
ئاي يۈزۈڭىزنى كۆرگەلى ئۆزگەگە سالمادىم نەزەر،
سەن داغى ساقلا مېھر ئىلە، ھەققى ۋەفا، جىنگى - جىنگى.
چۈن سېنى تەڭرى رەھمەتۇ لۇتفى مۇجەسسەم ئەيلەدى،
لايىق ئەمەس ساڭا سىتەم، قىلما جەفا، جىنگى - جىنگى.
لەئلى لەبىڭدىن ئۆزگە يوق دەردىمە چارە قىلغۇچى،
سۆيدۈر ئوشۇندىن، ئەي بېگىم، بىزگە شىفا، جىنگى - جىنگى.
چۈن ساڭا فەرزى ئەين ئېرۇر ھۇسنى زەكاتى، باق ماڭا،
نېچە جىنگىلەسۇن ساڭا ئۇشبۇ گەدا، جىنگى - جىنگى.
قۇش تىلى ئەندەلىبتەك لۇتفىڭى خەستە يالبارۇر،
گۈل كەبى چېھرەدىن ئانى تۇتمە جۇدا، جىنگى - جىنگى.

* *

كۆزدىن مېنى سالدىڭ، سەۋرىم، نېتتى، نې بولدى؟!
گەر ھۆسنۆڭە تۆشتى نەزەرىم، نېتتى، نې بولدى؟!
مەندىن سەدەقەڭنى ئايادىڭ بىر قىيا باقماق،
ئەي كۆزلەرى چولپان، قەمەرىم، نېتتى، نې بولدى؟!
بىر كۆن سېنى كۆردۆم دېمەدىڭ، گەرچە ئوقۇڭغە
قالقان ئىدى ئۆمرى جىگەرىم، نېتتى، نې بولدى؟!
كۆز ھەققى ئەگەر بولماسە سىز زەررە سۆچۆكدۆر،
ئەي سۆزى، دۆداغى شەكەرىم، نېتتى، نې بولدى؟!
دەردىڭدىن ئۆلۆپ ئەرزىمەدىم بىر سورارىڭغە،
ئەي كۆڭلى قاتىق ئىشۋەگەرىم، نېتتى، نې بولدى؟!
ئول تاش كەبى كۆڭلۆڭغە نې ئەھۋالدۆرۆر كىم،
قىلماس ئەسەر ئاھى سەھەرىم، نېتتى، نې بولدى؟!
يەل كەچسە بىرەر لۆتفىنىڭ ئاتىن ئاتاماسەن،
ئەي ئۆز قۆلىدىن بىخەبەرىم، نېتتى، نې بولدى؟!

* *

سانىم چۆ بۆ نەقشى قاش قىلدى،
ئەل ئىشقىدە تەركى باش قىلدى،
چۆن رەھمىسىز ئېردى، ئول يازۆقتىن
كۆڭلىنى خۆدايى تاش قىلدى.
يەغلاتتىيۆ باردى بىزنى ئول ياش،

ھەر نې ماڭا قىلدى ياش قىلدى.
جان قەسدىغە قاشۆ يۆزى يۆز مىڭ،
بىر - بىرى بىلە كېڭەش قىلدى.
لۆتفى غەممىگ‌زنى كۆپ ياشۆردى،
كۆز ياشى، نېتەيكى، فاش قىلدى.

تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «سەنىەن سېۋەرىم...» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى

## قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى شېئىرىي ئەسەر

# «ئامىتايۇر ديانا سۇترا»

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرائىل يۈسۈپ

«ئامىتايۇر ديانا سۇترا»① بۇددىزمنىڭ «كىرسىز، پاك ئورۇن» ② ئەقىدىسىنىڭ ئۈچ نومىنىڭ بىرى. «ئامىتايۇر ديانا سۇترا» «ئاپارىمىتايۇر سۇترا» ۋە «ئامىتابا سۇترا» لار جۇڭگو بۇددىزمىنىڭ بىر مەزھىپى بولغان «كىرسىز، پاك ئورۇن» مەزھىپىنىڭ③ ئاساسلىق دەستۇرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، گېرمانىيىنىڭ تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى يۇقىرىدىكى ئۈچ سۇترانىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ پارچىلىرىنى تاپقان. ھازىر گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئاپارىمىتايۇر سۇترا»نىڭ بەش ۋارىقى بىلەن «ئامىتابا سۇترا»نىڭ بىر ۋارىقىنى 2-قېتىملىق گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى (1904 — 1905-يىللار) سىڭگىمدىن تېپىپ ئېلىپ كەتكەن.④ 1980 - يىلى، تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى (ياغاچ باسما) «ئاپارىمىتايۇر سۇترا» (قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئامىتا ئايۇسى سۇدۇر» دەپ يېزىلغان) نىڭ ئۈچ بېتى تېپىلغان بولۇپ، ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلانماقتا.⑤

ھازىر، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئامىتايۇر ديانا سۇترا» نىڭ ئۈچ خىل شەكىلدىكى نۇسخىسى، يەنى (1) نەسرىي (سەنۋىن) شەكىلدىكى، (2) «ئامىتابا سۇترا» ئىچىدىكى (نەسرىي شەكىلدىكى)، (3) نەزمە شەكىلدىكى نۇسخىلىرى بارلىقى مەلۇم.⑥ بىز بۇ يەردە پەقەت ئۇنىڭ نەزمە شەكىلدىكى نۇسخىسى ئۈستىدىلا توختىلىمىز.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى شېئىرىي ئەسەر «ئامىتايۇر ديانا سۇترا» نىڭ پارچىلىرىنى گېرمانىيىنىڭ 2 - ۋە 3 - قېتىملىق (1905 — 1907 - يىللار) تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى سىڭگىم ۋە مۇرتۇقلاردىن تېپىپ ئېلىپ كەتكەن. ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى رەشىد راخمەتى ئارات (1900 — 1964 - يىللار) بۇ ئەسەرنىڭ گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان خېلى كۆپ پارچىسىنى ئۆزىنىڭ «ئەسكى تۈرك شېئىرى» (ئەنقەرە، 1965 - يىل) دېگەن ئەسىرىدە ئېلان قىلغان. لېكىن ئۇ

بۇ شېئىرىي ئەسەرنىڭ قايسى بۇددا نومىغا تەۋە ئىكەنلىكى توغرىلىق مەلۇمات بەرمىگەن. يېقىنقى يىللاردا شەرقىي گېرمانىيىلىك دوكتور پېتېر تسىمې بېرلىندىكى ماتېرىياللار ئارىسىدىن يېڭىدىن بۇ ئەسەرنىڭ سەككىز پارچە ۋارىقىنى تېپىپ چىققان ۋە «ئەسكى تۈرك شېئىرى» دا ئېلان قىلىنغانلىرىنى تولۇقلىغان ئاساستا، ياپونىيىنىڭ بەيجى كاگىيى (كوگى كۇدارا) ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى مەخسۇس بىر كىتاب قىلىپ، 1985 - يىلى ياپونىيىنىڭ جىڭدۇ (كيوتو) شەھىرىدە نەشىر قىلدۇرغان ⑦. بۇ كىتابتا تەتقىقاتتا پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار مۇندەرىجىسى، ياپونچە كىرىش سۆز (ئۈچ باب)، ئەسەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بىلەن ياپونچە، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى، ياپونچە ئىزاھ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە — ياپونچە سېلىشتۇرما سۆزلۈك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستىنىڭ فوتو سۈرىتى بېرىلگەن. بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ شېئىرىي ئەسەرنىڭ، ھەر بەش بېتى (بىر بەتكە بەش قۇر قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت بېسىلغان، ھەر بىر قۇردا ئىككى مىسرا بار.) ئۈستى تەرىپىدىن 3.3 س.م، ئاستى تەرىپىدىن 2.4 س.م بوش ئورۇن قالدۇرۇلۇپ، ئوتتۇرىسىغا سولدىن ئوڭغا تىك شەكىلدە ياغاچ باسمىدا بېسىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت چۈشۈرۈلگەن 54 × 27 س.م چوڭلۇقتىكى بىر پارچە قەغەزنى قاتلاشتىن ھاسىل قىلىنغان. بۇ شېئىرىي ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسى يۇقىرىقىدەك 20 پارچە قەغەز (100 بەت)دىن ئارتۇق بولسا كېرەك دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنماقتا. بۇ كىتابتا مەزكۇر شېئىرىي ئەسەرنىڭ ئالدىنقى ئون پارچە قەغەزنىڭ (50 بېتىنىڭ) ۋە ئاخىرقى بىر پارچە قەغەزنىڭ (بەش بېتىنىڭ) ساقلىنىپ قالغان قىسمى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى 61 — 70، 80 — 89، 120 — 128، 198 — 207، 208 — 217، 287 — 296، 297 — 306، 307 — 316 قاتارلىق مىسرالار «ئەسكى تۈرك شېئىرى»دا يوق، قالغان مىسرالار بار. كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە، ياغاچ باسمىدا بېسىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنىڭ بېيجىڭ، چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار ۋە گەنجۇ (ھازىرقى گەنسۇنىڭ جاڭيې ناھىيىسى) قاتارلىق جايلاردا بېسىلغانلىقىغا مىسال كەلتۈرۈلۈپ، بۇ شېئىرىي ئەسەرنىڭ باسما سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ۋە بۇ ئەسەرنى خەنزۇچىدىن ئىجادىي يوسۇندا شېئىرىي شەكىلگە سېلىپ تەرجىمە قىلىپ چىققان كى كى (1295 — 1345 - يىللار) نىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، مەمۇرى ئەمەلدار بولۇپ بېيجىڭدا تۇرغانلىقى ۋە 9 ~ 1328 - يىلدىن 1344 - يىلغىچە چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدا تۇرغانلىقىغا ئاساسەن، بۇ ئەسەر XIV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بېيجىڭدا بېسىلغان بولۇشى مۇمكىن ياكى چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا بېسىلغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 143 - جىلد «كى كى تەزكىرىسى»دە، كى كىنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلغان، نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان، بىلىملىك ئادەم ئىكەنلىكى، مۇلكىي ئەمەلدار

بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن. دىققىتىمىزنى قوزغايدىغىنى شۇكى، تەزكىرىدە كى كىنىڭ قەدىمكى تۈرك قەبىلىسىدىن بولغان قاڭقىلى (قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «هارۋا، چوڭ هارۋا» دېگەن مەنىدە. جۇڭگو تارىخنامىلىرىدىكى 高车 «قاڭقىلى»نىڭ مەنەن تەرجىمىسى هېسابلىنىدۇ.) قەبىلىسىدىن چىققانلىقى ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن. 1334 - يىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «قوچۇ ئىدىقۇت خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۇ تېشى»نىڭ ئاخىرىدا، «مەن چامبالىقلىق كى كى قورسا ئىچقۇ بىتىيۇ تەگىندىم» (مەن جانبالىقلىق كى كى قورسائىچقۇ يازدىم.) دەپ يېزىلغان خاتىرە بار.⑧ «كى كى تەزكىرىسى»دە، شېئىرىي ئەسەرنىڭ ئاپتورى كى كىنىڭ قاڭقىلى قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقلا يېزىلىپ، ئۇنىڭ قايسى شەھەردىن ئىكەنلىكى توغرىلىق مەلۇمات بېرىلمىگەن. «مەڭگۇ تاش»تا، ئۇنى يازغان كى كىنىڭ تولۇق نامى ۋە جانبالىقلىق (جانبالىق — ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئورنى هازىرقى سانجى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.) ئىكەنلىكى ئېنىق يېزىلغان. هەر ئىككى يازما يادىكارلىقنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ نامى كى كى (كى كى — ئۆز زامانىسىنىڭ ئادىتىگە يارىشا، تۇخار تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان دىنىي لەقەم بولسا كېرەك.) هەم بىر دەۋردە ئۆتكەن كىشىلەر ئىكەنلىكىگە قارىغاندا، ئۇلارنى بىر كىشى بولۇشى مۇمكىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. بىراق ئىككى يازما يادىكارلىقنىڭ بىرى بۇددا دىنىغا ئائىت نەزمە ئەسەر، يەنە بىرى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى بارچۇق ئارت ئىدىقۇتتىن تارتىپ تايپىنۇغىچە بولغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىرىنىڭ شەجەرىسى خاتىرىلەنگەن تارىخىي داستان بولۇپ، مەزمۇن، ئۇسلۇب تىل ۋە يېزىق جەھەتلەردە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. قىسقىسى، بۇ ئىككى زاتنى بىر كىشى دەپ قاراشقا، هازىرچە تولۇق ئاساسقا ئىگە ئەمەسمىز.

مەن دوكتور پېتېر تسىمې بىلەن كوگى كۇدارا (ياپونىيە لۇڭگۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى) ئېلان قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئامىتايۇر ديانا سۇترا»نىڭ فوتو سۈرىتى ۋە ترانسكرىپسىيىسىنى سېلىشتۇرۇپ چىقىپ ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىپ، باش قاپىيىلىك ۋە هەر كۇپلېتى تۆت مىسرالىق بۇ شېئىرىي ئەسەرنى نەشرگە تەييارلىدىم. ئۇيغۇر بۇددىزمى تارىخى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدىغان بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقىمىز ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش جەريانىنى ۋە ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا، ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانىنى ۋە ئەينى دەۋردىكى ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا ئىشەنچلىك هەم قىممەتلىك ماتېرىيال هېسابلىنىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① «ئامىتايۇر ديانا سۇترا» — بۇ سۇترا بۇددىزمنىڭ «كىرسىز، پاك ئورۇن» ئەقىدىسىنىڭ ئۈچ نومىنىڭ بىرى بولۇپ، جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئۆتكەن سۇڭ بەگلىكىدىن بولغان (سۇڭ

بەگلىكى مىلادى 420 — 479 - يىللار) جىياڭلىيالى يېشى (kalayasas) تەرىپىدىن سانسكرىتچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بىر جىلدلىق. ئۇنىڭدا ئەپسانە، رىۋايەتلەر ئارقىلىق ئامىتابا بۇددانىڭ «ئىنتايىن راھەت، كىرسىز، پاك دۇنياسى» (بۇددا دىنىدىكى بېھىش) چەكسىز گۈزەل ۋە ئېسىل دەپ تەرىپ قىلىنغان. كىشىلەر چىن كۆڭلىدىن ئامىتابا بۇدداغا سېغىنسا ياكى «نامو ئامىتابا بۇددا». (ئامىتابا بۇدداغا ئېتىقاد قىلايلى) دېسە، گۇناھى تۆگەپ، ئۆلگەندىن كېيىن «راھەت دۇنيا»دا قايتا تۇرۇلىدىغانلىقى تەشۋىق قىلىنغان.

② كىرسىز، پاك ئورۇن — قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «كىركىرسىز ئارىغ ئورۇن» دېيىلىدۇ. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە)نىڭ 1985 - يىل 1 - سانىدىكى دولقۇن قەمبىرى، ئىسراپىل يۈسۈپلەرنىڭ «بېزەكلىكتىن يېڭى تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

«كىرسىز، پاك ئورۇن»، «ئىنتايىن راھەت دۇنيا» (ئارتۇقراق مەڭگىلىك ئۆلۈش) بىلەن ئوخشاش ئاتالغۇ بولۇپ، سانسكرىتچە سۇكھاۋاتى (Sukhavati)، خەنزۇچە 净土 دېيىلىدۇ. ماھايانا بۇددىزمىنىڭ تەرىپىچە، «كىرسىز. پاك ئورۇن» بۇددا (بۇرخان) تۇرىدىغان ئورۇن (دۇنيا) ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىلىشىچە، بۇددا سانسىز بولغاچقا، «كىرسىز، پاك ئورۇن» مۇ ساناقسىز ئىمىش. ئەسىرى بىر قەدەر چوڭ بولغان «ئاپارىمىتايۇر سۇترا»دا رىۋايەت قىلىنىشىچە، جانلىقلار ئامىتابا بۇرخانغا چىن كۆڭلىدىن ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭ نامىنى دائىم تىلغا ئېلىپ تۇرسا گۇناھلىرى تۆگەپ، ئۆلگەندىن كېيىن ئامىتابا بۇرخانىنىڭ كىرسىز، پاك دۇنياسى (ياكى ئىنتايىن راھەت دۇنياسى)غا بېرىپ، شۇ يەردە قايتا تۇرۇلەرمىش.

③ «كىرسىز، پاك ئورۇن» مەزھىپى — جۇڭگو بۇددىزمىنىڭ بىر مەزھىپى بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدىكى شەن داۋ (善导) تىكلىگەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، شەرقىي جىن سۇلالىسى زامانىسىدا ئۆتكەن راھىب خۇي يۈەن (مىلادى 316 — 334 - يىللار) لۇشەن تېغى (جىياڭشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ)دا 18 راھىبنى تەكلىپ قىلىپ، «ئاق نىلۇپەر گۇرۇھى» (白莲社)نى قۇرۇپ، غەربتىكى «كىرسىز، پاك ئورۇن»دا تۇرۇلىش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، كېيىنكىلەر ئۇنى بۇ مەزھەپنىڭ پېشۋاسى دەپ ئاتىغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى باش قاپىيىلىك شېئىرىي ئەسەر «ئامىتايۇر ديانا سۇترا»نىڭ 1 — 4 - مىسرالىرىدا، كى كى بۇ ئەسەرنى «ئۇلۇغ ئاق نىلۇپەر گۇرۇھى دەپ ئاتىلىدىغان ماھايانا مەزھىپىنىڭ نومى ئىچىدىن تاللاپ - يىغىپ، شېئىرىي شەكىلگە كەلتۈرۈپ» تەرجىمە قىلغانلىقى ھەققىدە توختالغان. «ئۇلۇغ ئاق نىلۇپەر گۇرۇھى نومى» دېگىنى «ئامىتابا سۇترا»نىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولسا كېرەك.

ئاق نىلۇپەر مەزھىپى بۇددىزملىق «كىرسىز، پاك ئورۇن» مەزھىپىنىڭ بىر گۇرۇھى بولۇپ،

ئۇنىڭ مۇرىتلىرى «ئاق نىلۇپەر غولى» دەپ ئاتالغان. بۇ گۇرۇھنى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى (1127 — 1279 - يىللار)نىڭ دەسلەپىدە ماۋزىيۈەن تەكلىگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرى (1279 — 1368 - يىللار)دا، ئۇنىڭغا باشقا دىنىي نۇقتىئىنەزەرلەر، ئاساسلىقى «مايترىنىڭ زېمىندە تۆرىلىش تەلىماتى» سىڭىپ كىرىش بىلەن، كەلگۈسى بۇرخان مايترىغا بولغان ئېتىقاد ئارىلىشىپ، «ئاق نىلۇپەر دىنى» ( 白蓮教 ) دەپ ئاتالغان. بۇ دىن يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا يۈز بەرگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى بۇ دىندىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە قاتتىق مەنئى قىلىنغان. لېكىن خەلق ئارىسىدا مەخپىي تارقىلىۋەرگەن.

يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى كىنى كىمنىڭ «ئاق نىلۇپەر گۇرۇھى» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىزگە ئېنىق ئەمەس.

④ ⑦ ئىزاھتىكى كىتابنىڭ 11 - بېتىگە قاراڭ.

⑤ ② ئىزاھتا كۆرسىتىلگەن ماقالىغا قاراڭ.

⑥ ⑦ ئىزاھتىكى كىتابنىڭ 16 - بېتىگە قاراڭ.

⑦ بۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچە نامى تۆۋەندىكىچە:

«Guanwuliangshoujing in Uigur»
by Peter Zieme and Kogi Kudara
Kyoto 1985. Nagata Bunshodo

⑧ گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوچۇ ئىدىقۇت خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى توغرىسىدا تەتقىقات». «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى 1980 - يىل 4 - سان (515 — 529 - بەتلەر).

قاھار بارات، لىيۇ يىڭشىڭ: «ئىدىقۇت گاۋچاڭ ۋاڭلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە) 1985 - يىل 1 - سان (89 — 124 - بەتلەر).

## ترانسكرىپسىيىسى ۋە يەشمىسى

| | |
|---|---|
| 1. تاي پاي لىن شى تېپ ئاتىل(ى)غ: | [1. ئۇلۇغ ئاق نىلۇپەر گۇرۇھى دەپ ئاتىلىدىغان |
| 2. تايشىڭ نوم-نۇڭ ئىچىندە: | |
| 3. تالۇلاپ يىغىپ م(ە)ن كىكى كىكى: | 2. ماھايانا (مەزھىپىگە خاس) نومنىڭ |
| 4. تاقشۇت-قا ئىنتۇرۇ تەگىندىم:: | ئىچىدىن |

3. تاللاپ ـ يېغىپ، مەن كى كى
4. شېئىر شەكلىگە كەلتۈردۈم.]

5. ئابىتا ت(ە)ڭرى بۇرخاند ـ ىغ:
6. ئاياپۇ ساقىنماق ئۆمەكىگ:
7. ئامرىلىپ ئولۇرغۇ دياد ـ ىغ:
8. ئايۇ سۆزلەيۇ بىرەلىم::
[5. ئابىتا تەڭرى بۇرخانىنى
6. ھۆرمەت بىلەن سېغىنىش ـ ياد ئېتىشنى،
7. سۆك ـ ۈتتە ئولتۇرۇش (يەنى) ديانىنى
(ئىستىقامەت قىلىشنى)
8. ئېيتاي ــ سۆزلەپ بېرەي.]

9. كىم ـ لەر بۇ ديان ياڭىنتا:
10. كىرىپ بىشرۇنغالى كۆسەسەر:
11. ئا...... ل (ىغ بۇرخاند ـ ىغ:)
12. ئاقدۇرقۇ ئىند (ۇركۇ ئۆ) ڭلەرىن::
[9. كىمكى بۇ ديان ئۇسۇلى بويىچە
10. ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇپ يېتىلىشنى
ئارزۇ قىلسا،
11. .................. بۇرخانىنى،
12. ئۆرلىتىندىغان ــ چوشۇرىدىغان شەكىللىرى
بولىدۇ.]

13. (ئانتا) ياسا بىر تۇش ـ تا:
41. ئاچاگارخ ئاتل(ە)غ بالىق ـ تا:
15. (ئاچاتا) شادۇرۇ ئىلىگ ـ نىڭ:
16. ئاناسى ۋايتىش ـ ى خاتۇن ـ قا::
[13. ئاندىن كېيىنكى بىر چاغدا،
14. ئاچاگارخ ئاتلىق شەھەردە،
15. ئاچاتاشادۇرۇ خانىنىڭ
16. ئانىسى ۋايتىشى خانىشقا]

[17. (ئا) بىتا ت(ە)ڭرى بۇرخاند ـ ىغ:
18. ئارتۇقراق مەڭىلىگ ئۆلۇش ـ ۈغ:
19. ئادىرتىلىغ كۆركىتۇ ي(ا) رلىقاپ:
20. ئاچا ئادىرا نوملامىش::
[17. ئابىتا تەڭرى بۇرخانىنى،
18. ئىنتايىن راھەتلىك دۆلەتنى،
19. (شاكيامۇنى بۇرخان) ئېنىق كۆرستىپ،
20. ئوچۇق، تەپسىلىي نوملىدى (چۈشەند ـ
ۈردى).]

21. (تۇ... ) ئىچىنتە:
22. تۆزى ئۇسمەدىن بىشرۇنغۇ ئول:
23. تۇ... ) سوغانچىغ:
24. تۇنەرمەز ساچىلماز ديان ئول::
[21. ... ... ... ... ... ... ئىچىدە،
22. ئۆزۈلدۈرمەستىن (ئىستىقامەتتە ئۆزىنى)
يېتىلدۈرىدۇ.
23. ... ... ... ... ... شادلاندۇرىدىغان
24. قاراڭغۇلاشماس (غۇۋۇلاشماس)،
چېچىلماس دياندۇر.]

25. (ئى ... ... ) ۋك كۆڭۈل ـ نۆك:
26. ئىگەسىز قورۇغ ـ ىن ئوكارسار:
27. (ئى... كە) لمەكسىز بارماقسىز:
28. ئىك ـ سىز بولۇپ ئامرىلسار::
[25. ... ... ... ... كۆڭۈلنىڭ
26. ئىگىسىز، قورۇقلۇقىنى سەزسە،
27. ... ... كەلمەيدىغان ــ بارمايدىغان،
(يەنى)
28. ئىككىسىز بولۇپ تىنچلانسا.]

29. (ئىچتىن سە) ڭار ئامرىلىپ:
30. ئىدەڭ قارارماق ـ ى بولماسار:
31. ئىنچىپ تاشتىن يالتىرىپ:
32. ئىدى ساچىلماق ـ ى يوق ئەرسەر::
[29. (ئىچكى تەرەپتىن تىنچلىنىپ،
30. قارايمىقى (پىكرىنىڭ تۇتۇقلىشىشى)

زادى بولمسا،
31. شۇ دائلا، تاشقى تەرەپتىن يالتىراپ،
32. (كۆڭلىنىڭ) چېچىلىشى زادى يوق
بولسا،]

33. ئادقاغ كۆڭۈل بىرلە بىرىكسەر:
34. ئامرىلىپ قارارمادىن يالتىرسار:
35. ئامۇرۇ ساچىلمادىن تۇرۇلسار:
36. ئادى بولۇر مۇنىڭ ديان تىپ::
[33. بىلىش ئوبىكتى بىلەن كۆڭۈل
بىرىكسە،
34. تىنچلىنىپ قارايماستىن يالتىرىسا،
35. تېپ-تىنچ بولۇپ چېچىلماستىن
سۇزۇلسە،
36. بۇنىڭ ئېتى ديان دەپ ئاتىلىدۇ.]

37. ئالتىنچ كۆڭۈل بىلىگ ئۆك:
38. ئارىـا ئاۋالوكدا ئىشۋارى ئادانۇر:
39. ئادىرا تۇيۇغلى بىلىگىگ:
40. ئانى تايشچى تىپ كۆلەيۈر::
[37. (ئالتىنچى ئاڭ-تۇيغۇ
38. ئاريا ئاۋالوكدا ئىشۋارى ئاتىلىدۇ.
39. (يەتتىنچى) ئېنىق ھېس قىلىنغان
ئاڭنى.
40. ئۇنى تايىشچى دەپ كۆيلەيدۇ.]

41. ئالايىئاۋىتيان بىل(مىگ) تىپ:
42. ئادانتاچى سەكىزىنچ بىلىگ-نىڭ:
43. ئادىرتل(ى)غ ئوتغۇراق ئۆز تۆزى:
44. ئابىتا بۇرخان ئول ئەرۈر::
[41. ئالاياۋىتيان بىلىش دەپ
42. ئاتىلىدىغان سەككىزىنچى بىلىشنىڭ
43. ئېنىق بەلگىلەنگەن ئۆز ماھىيىتى
44. ئابىتا بۇرخاندۇر.]

45. ئەمتى مۇنىتادا باسا-قى:
46. ئابىتا بۇرخان ئۇلۇش-ىن:
47. ئالتى ي(ى)گ(ى)رمى قولۇلاماق-ىغ:
48. ئاي-ا كۆركىتۈ بىرەلىم::
[45. ئەمدى مۇندىن كېيىنكى
46. ئابىتا بۇرخان دۆلىتىنى،
47. ئون ئالتە (تۈرلۈك (تەپەككۇر قىلىشنى
48. كۆرسىتىپ بېرەيلى.]

49. ئەڭىملكى كىم قايۇ تىنل(ى)غ-لار:
50. ئەمگەكلىگ سانسار-قا قورقسار-لار:
51. ئەرتىڭۈ مەڭىلىگ ئۇلۇش-تا:
52. ئەرگۈلۈك تاپ-لارى بولسا-لار::
[49. بىرىنچى (تەپەككۇر): قايسى جانلىقلار
50. ئازابلىق سانسارغا (چۈشۈشتىن) قورقسا،
51. ئىنتايىن راھەتلىك دۆلەتتە
52. (تۇغۇلۇش) ئارزۇلىرى بولسا،]

53. كۈنت(ە)گىر-لىگ بولتۇق-تا:
54. كۈن بادغالى بارتۇق-تا:
55. كۈسۈش ئۆرىتىپ ئول ئۆدتە:
56. كۆڭۈل-تە ئىنچا تىپ ساقىنغۇ ئول::
[53. كۈن (نۇرىنى چېچىپ) چىققاندا،
54. كۈن پاتقىلىۋاتقاندا،
55. ئارزۇسىنى قوزغىتىپ، شۇ چاغدا
56. كۆڭلىدە مۇنداق ئويلايدۇ:)]

57. يالتىرىيۇر ئەردىنىن ئىدگىلىگ:
58. ي(ا) رۇق كۈن ت(ە)گرى تىلگەن(ى):
59. ياپا چامبۇدىۋىپ ئۇلۇش-تا:
60. ي(ا) رۇدقۇلۇق ئىش-ى ئەرتۇكدۇكتە::
[57. يالتىرايدىغان گۆھەر بىلەن بېزەلگەن
58. نۇرلۇق كۈن تەڭرى چاقى
59. چامبۇدىۋىپ دۆلىتىدە
60. يورۇتۇش ئىشىنى قىلىۋاتقاندا،]

61. ئالقۇ-تا بو(... :)
62. (ئا... :)
[61. بارلىق ... ... ... ...
62. ... ... ... ... ...]

63. تۇرقارۇ ئابىتا بۇرخان-تە(ن:)
64. (تۇ... :)
65. تۇغماق-سىز نوم-نۇڭ تاپلاغ-ىن:
66. (تۇ... ::)
[63. دائىم ئابىتا بۇرخاندىن
64. ... ... ... ...
65. تۇغۇلمايدىغان نومنىڭ سەۋرى-تاقىتىنى
66. ... ... ... ...]
67. باقشىمىز ئابىتا بۇرخان-قا:
68. با(... :)
69. بارچە نوم تۆزىن تۇيۇنۇپ:
70. باشى(... ::)
[67. ئۇستازىمىز ئابىتا بۇرخانغا
68. ... ... ... ...
69. بارچە نوم ماھىيىتىنى چۈشىنىپ،
70. ... ... ... ...]

71. سامانتا بادىرى ئى-دۇ(ق بودىستۋ):
72. ساقىنۇ يىتىنچىسىز يورىغ-ىن:
73. ساچۇق-سۇز كۆڭۈل-ىن ( ... :)
74. ساشمادىن (ي) ورىيىن تىپ ساقىنغۇل::
[71. مۇقەددەس سامانتا بادىرى بودى-ساتۋا (نىڭ)
72. چۈشىنىپ يەتكۈسىز قىلمىشىنى
73. چىپچىلماس كۆڭۈل بىلەن...
74. بوشاشماستىن يۇرەي دەپ ئويلايدۇ.]

75. قولۇلاماق-تا (يارا) ت(ىنىڭلار:)
76. قولۇلاماق-ىغ قوتماڭ-لار:
77. قۇتىرۇلماق كۇس(ۇش) ل(ۇگ تۇزۇ) د-لەرە:

[75. تەپەككۇر قىلىشقا ئەمەل قىلىڭلار!
76. تەپەككۇر قىلىشتىن ۋاز كەچمەڭلەر!
77. ھەي، قۇتۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان تۈزۈنلەر (ئالىيجانابلار)! ھەي،]
78. ئىكىنتى قولۇلاماق-ىغ (ئۆرىتىپ:)
79. ئىنانۇ يىنچۇرۇ يۈكۈنۈپ:
80. ئىچتىن سىڭار كۆڭۈل-تە:
81. ئىنچىپ ساقىنغۇ ئول ئىنچا(::)
[78. ئىككىنچى تەپەككۇر پائالىيىتىنى قوزغىتىپ،
79. ئېتىقاد بىلەن باش ئۇرۇپ،
80. كۆڭۈلنىڭ ئىچكى قېتىدا
81. مۇنداق ئويلايدۇ:]

82. تولپ-تىن يىڭاق ئورۇنتا:
83. توپ تولۇ ئارىغ سۇۋ(لار:)
84. تۇرۇپ ئامرىلىپ سۇزۇلۇپ:
85. تۇرقارۇ ئامىل-ىن س(اقىنغۇ ئول::)
[82. ھەممە تەرەپتىكى ئورۇنلاردا،
83. تولغان پاكىز سۇلار
84. تىنىپ، سۇزۇلۇپ،
85. ھامان تىپ-تىنىچ تۇرىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ.]

86. يايىلماق يايقالماق-ى بولمادىن:
87. يانا ئەرگەچل(ەنمەكى بولمادىن:)
88. يادىلىپ ئۆڭى بارمادىن:
89. يالترىيۇ تۇر(ۇر ساقىنغۇ ئول::)
[86. يېيىلماي — چايقالماستىن،
87. يەنە دولقۇنلانماستىن،
88. تېشىپ باشقا يەرگە كەتمەي
89. يالتىراپ تۇرىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ.]
90. تۇرغىن سۇزۇك ئول سۇۋ-نۇڭ:

91. تۇرۇم ئارا تەگشىلىپ:
92. تويپۇلۇر ي(ا)رۇق ئۆدۈد-لىگ:
93. توكۇپ بۇر بولمىش-مىن ساقىنغۇ ئول::
[90. ئۇ تۇرغۇن سۆزۈك سۇنىڭ
91. شۇ ھالەتتە (دەرھال) ئۆزگىرىپ،
92. توگلاپ، يورۇق، سۆزۈك
93. مۇزغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ.]

94. ئامىتىقى مۇنى تەگ ساقىنچ-مىغ:
95. ئالقۇ ئۆدتە قولۇلاپ ساقىنسار:
96. ئابىتا بۇرخان ئۇلۇش-مىنتا:
97. ئادىرتل(ى) غ ئوتغۇراق تۇغارلار::
[94. ئەمدىكى مۇشۇنداق ئويىنى
95. ھەممە ۋاقىتتا تەپەككۇر قىلسا، ئويلىسا،
96. ئابىتا بۇرخان دۆلىتىدە
97. شەكسىز، چوقۇم تۇغۇلىدۇ.]

98. ئۈچۈنچ قولۇلاماق ئىچىنتە:
99. ئۆكدۈنكى ئول بۇز تەگشىلىپ:
100. ئۆدۈي ۋايتۇرد-لىغ ياغىز يىر:
101. ئۆزىن ئۆك بۈتمىش-مىن ساقىنىپ::
[98. ئۈچىنچى تەپەككۇر ئىچىدە،
99. ئىلگىرىكى مۇز ئۆزگىرىپ،
100. سۆزۈك ۋايتۇرلىق قوگ-ۇر يەر
101. ئۆزى بىلەنلا پۈتىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ.
(ئۆز تۈسىگە كېلىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ.)]

102. يىتى ئەردىنىلىگ بىر سىرۇق:
103. يىر — ىگ كۆتۈرۈ تۇرۇر-ىن:
104. يىنتەم سەكىز قىر-لار-ى:
105. يىتىنچسىز كۆركلە بولمىش-مىن::
[102. يەتتە گۆھەرلىك بىر بايراق
103. يەرنى كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى،
104. ئۇنىڭ سەككىز تەرىپى
105. يەتكۈسىز چىرايلىق بولىدىغانلىقىنى،]
106. سەكىز يۈزىنتە يۈزەر ئۆڭى:
107. سەۋىگلىگ ئەردىنى مونچۇق-لار:
108. سەتىرەكسىز تىۋا-لىغ باكدى-لىغ:
109. سەچە تاڭلارنچىغ ئىدىگلەر::
[106. ئۇنىڭ سەككىز يۈزىدە يۈز خىل
107. سۆيۈملۈك گۆھەر، مونچاقلار،
108. زىچ، تەگرىلىك زىننەتلىك
109. ئاجايىپ ھەيران قالارلىق بېزەكلەر
(بارلىقىنى)؛]

110. بىرەر ئەردىنى مونچۇق-تىن،
111. بىرىنتە مىڭەر ي(ا)رۇق-لار:
112. بىرتەم ئۇز كۆرۈ قانىنچسىز:
113. بىرگەرۈ يالتىرىيۇ ئۈنەر-لەر::
[110. ھەر بىر گۆھەر، مونچاقنىڭ
111. بىرىدىن مىڭ (خىل)نۇر(چېچىلىپ)،
112. ئۇلار بىرلىكتە يالتىراپ، پۈتۈنلەي ئۇز،
113. كۆرۈپ قانغۇسىز نۇر چاچىدىغانلىقىنى؛]

114. سەچىلىپ بىرەر ي(ا)رۇق-لار:
115. سەكىزەر (ت)ۈمەن تۆرتەرمىڭ:
116. سەۋىگلىگ ئۆڭلۈكىن يالترىيۇ:
117. سەرىلىپ تۇرمىش-مىن ساقىنغۇ ئول::
[114. ھەر بىر (خىل) نۇر تاللىنىپ
115. سەككىز تۈمەن تۆت مىڭ (خىل)
116. چىرايلىق① رەڭلىك بولىدىغانلىقىنى
117. ئۇلارنىڭ يالتىرىغان ھالەتتە تۇرىدىغان-
لىقىنى ئويلايدۇ.]

118. يانا مىڭ كولتى كۆن ت(ە)گرد-لەر:
119. ي(ا)رۇق-لاردىن بىرگەرۈ ئىدمىش تەگ
[118. يەنە مىڭ كولتى كۈن تەگرىلەر
119. نۇرلىرىنى بىرلىكتە چاچقاندەك،]

① ئەسلى نېگىزىدە سەۋىگلىگ (سۆيۈملۈك) دەپ بېرىلگەن.

120. بولم(... :)
121. (بو... :)
[120. ...............
121. ..............]

122. قولۇلا(ماق-تا ياراتىنگلار:)
123. (قولۇلاماق-ىغ قودماگلار:)
124. قۇترۇل(ماق كۇسۇشلۇگ تۇزۇنلەرە::)

122. تەپەككۇر قىلىشقا ئەمەل قىلىڭلار!
123. تەپەككۇر قىلىشتىن ۋاز كەچمەڭلەر!
124. هەي، قۇتۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان
تۇزۇنلەر!]

125. تۆرتۇ(نچ قولۇلاماق ئىچىنتە:)
126. (تۆ... :)
127. تۇزۇ ئەر(دىنىلىگ... :)
128. (تۇ... ::)
[125. تۆتىنچى تەپەككۇر ئىچىدە،
126. ... ... ... ... ...
127. پۇتكۇل گۆھەرلىك ... ...
128. ..............]

129. ئول سۆگۈت-لەر ئىدىزىن:
130. ئۇلۇنىن ياپىرغاق خۇا-لارىن(:)
131. ئۇلارتا بولمىش تۇش-لەرىنتىن:
132. ئۇساتى ي(ا)رۇق-لار ئۇنەر-ىن::
[129. ئۇ دەرەخلەرنىڭ ئېگىزلىكىنى،
130. شاخلىرىنى، يوپۇرماق (ۋە) گۈللىرىنى،
131. ئۇلاردا بولغان مېۋىلەردىن
132. دائىم نۇرلار چېچىلىدىغانلىقىنى؛]

133. ئۇلۇغ يىنچۇ-لۇگ تور-لارتا:
134. ئوردۇ قارشىلار بولمىش-ىن:
135. ئۇرى ت(ە)گرد-لەر ئولار-تا:
136. ئويۇن ئەدىزۇ تۇرمىش-ىن::
[133. ئۇلۇغ ئۇنچىلىك تورلاردا
134. ئوردا - سارايلار بولغانلىقىنى،

135. تەڭرى ئوغۇللىرى ئۇلاردا
136. نەغمە - ناۋا قىلىدىغانلىقىنى؛]

137. ئەتىۆزلەر-ىگە ياراشى:
138. ئەردىنىلىگ ئىدىگ تۆمەگىن؛
[137. بەدەنلىرىگە ياراشقان
138. گۆھەر(دىن ئىشلەنگەن)زىبۇ-زىننەتلىرىنى؛]

139. ئەگەيۇ يۇز يوچان ي(ا)رۇدۇر (:)
140. ئەسرىگۇ ي(ا)رۇق-لار ئۇنمىش-ىن
[139. (ئۇلاردىن) يۇزيوچان (ۋاقىت)
يورۇتىدىغان
140. رەڭدار نۇرلار چېچىلىدىغانلىقىنى؛]

141. ئول ي(ا) رۇق-لارتا كۆپ قالىن؛
142. ئۇلۇغ توغ كۇشاترى پرا-لار؛
143. ئۇلار-نىڭ ئىچىنتە ئۇلگۇسۇز:
144. ئونتىن سىگارقى بۇرخان-لار:؛
[141. ئۇ نۇرلاردىن كۆپ، قېلىن،
142. كاتتا توغ ئەلەم، يوپۇماقلار (هاسىل
بولىدىغانلىقىنى)،
143. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھېسابسىز -
144. ئون تەرەپ بۇرخانلىرى (ۋەئۇلارنىڭ)]

145. ئۇلۇش-ى بالىق-ى ئىل-لەر-ى؛
146. ئۇ پاكار ئاسىغلىغ-ئىشلەر-ى:
147. ئوتغۇراق بەكىز ب(ە) لگۈلۈگ:
148. ئۇساتى كۆسۇنۇر ساقىنغۇئول::
[145. دۆلىتى شەھىرى، ئەللىرى،
146. ئۇپاكار پايدىلىق ئىشلىرى:
147. چوقۇم ئېنىق بەلگىلىك (هالدا)
148. دائىم كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ.]

149. ئەردىنىلىگ سۆگۈت خۇا-لارىن:
150. ئەسرىگۇ ياپىرغاق تۆشلەرىدىن:

151. ئەۋرىلىپ يانا قاتتنايۇ؛
152. ئەدگۈتى قولۇلاپ كۆرگۈ ئول::
[149. گۆھەرلىك دەرەخ گۈللىرىنى،
150. رەڭدار يوپۇرماق، مېۋىلىرىنى؛
151. يېنىشلاپ، قايتا ـ قايتا
152. ياخشى تەپەككۇر قىلىپ كۆرىدۇ.]

153. بىشىنچ قولۇلاماق ـ ىغ ئۆرىتىپ؛
154. بىرتەم كىرتگۈنچىن سۆزۈلۈپ؛
155. بىلگە بىلىگىگ تۇرغۇرۇپ؛
156. بىر يىنتەم مۇنتاغ ساقىنغۇ ئول::
[153. بەشىنچى تەپەككۇرنى قوزغىتىپ،
154. پۈتلۈنلەي ئېتىقاد بىلەن (كۆڭلى) سۆزۈلۈپ،
155. ئەقىل ـ پاراسەتنى تۇرغۇزۇپ (ئىشـ لىتىپ)
156. هامان مۇشۇنداق ئويلايدۇ.]

157. ئالقۇ ئەردىنە ـ لەرىن ئىدىگلىگ؛
158. ئامرانچىغ كۆل يۇللار ئىچىنتە؛
159. ئاشتاڭگا ئۇپىت سۇۋ ـ لارى؛
160. ئامرىلىپ تولۇ تۇرۇر ـ ىن::
[157. بارلىق گۆھەرلەربىلەن بېزەلگەن
158. (كىشىنىڭ)زوقىنى كەلتۈرىدىغان كۆل‑ بۇلاقلار ئىچىدە
159. ئاشتاڭگا ئۇپىت سۇلىرى
160. تىپ ـ تىنچ هالدا تولۇپ تۇرىدىغانـ لىقىنى،]

161. يىتى ئەردىنىلىگ يىر ـ لەرتە(؛)
162. يىگ سوغانچىغ يۇل ـ لارتا؛
163. يى(ى)گ(ى)رمەر يوچان كىنك ئالقىغ؛
164. يىنتەم لىنخۇا چەچەكلەر::
[161. يەتتە گۆھەرلىك يەرلەردە،
162. ئاجايىپ ياخشى كۆللەردە،

163. يىگرمە يوچان كەڭ ـ پايانسىز
164. نىلۇپەر گۈللىرىلا (بارلىقىنى)؛ ]

165. ئالتمىشاركولتى لىنخۇا ـ نىڭ؛
166. ئاراسىنتىن سۇۋ ـــلار قۇدۇلۇپ؛
167. ئامرانچىغ ئۆگەن ـ كىي ـ ە ـ لەرتىن؛
168. ئاغىلىپ ئۇنەر سۆزۈلۈپ::
[165. ئاتمىشچە كولتى نىلۇپەرنىڭ
166. ئارىسىدىن سۇلار قۇيۇلۇپ،
167. (كىشىنىڭ)زوقىنى كەلتۈرىدىغان دەر‑ يالاردىن
168. ئېقىپ سۆزۈلۈپ چىقىدىغانلىقىنى؛]

169. ئۆگەن ـ كىي ـ ە ـ لەر تۆپ ـ ىنتە؛
170. ئۆكۈش تەلىم ۋ(ا)زىر ـــ لىغ؛
171. ئۆڭى ئۆڭى ئۆڭلۈگ قوم ـ لارى؛
172. ئۆزىن ئۆك ئۇزقىي ـ ا تۆلتەكلە(ر::)
[169. كىچىك دەريالار تۈۋىدە،
170. نۇرغۇن ـ كۆپ ۋازىرلىق،
171. خىلمۇ خىل رەڭلىك قۇملىرى
172. ئۆزلىرىنى كۆركەملەشتۈرگەن سامىلـ لار(نى ئويلايدۇ)]

173. ئاقدىنۇر ئىنەر سۇۋ ـ لار ـ نىڭ؛
174. ئامرانچىغ ئەتىنلىگ قۇشلار ـ نىڭ
175. ئانىڭ تىكى ـ سىنتە نوم ئۈنى؛
176. ئانتاغ ئەشىدىلۈر ئىنچا تىپ(::)
[173. ئۆرلەيدىغان ـــ چۈشىدىغان سۇلارنىڭ،
174. ئاۋازى يېقىملىق قۇشلارنىڭ
175. ئاۋازىدا نوم ئۈنى
176. مۇنداق ئىشتىلىدۇ؛]

177. ئوتغۇراق ئۈرلۈگسۈز ئەمگەك تىپ؛
178. ئۇزادى قۇرۇغ م(ە)ن ـ سىز تىپ(؛)
179. ئۇن پارامىت ـ لار باش ـ لاغ ـ لىغ؛

180. ئۇلۇغ بودىستۇ ـ لار يو(نىي تىپ::)
[177. شۇبھىسىز ۋاقىتلىق (تۇراقسىز) ئازاپ
دەپ،
178. ھامان قۇرۇق (ۋە)مەنىسىز دەپ،
179. ئون پارامىت ئاساسلىق
180. ئۇلۇغ بودىساتۋالار قىلمىشى دەپ،]

181. (ئىنچكە) تەرىك سوغانچىغ:
182. ئەشدگەلى ئەرتە ياراغ(لىغ:)
183. ئىدۇق نوملامىش نوم ئۇنى:
184. ئىنچىپ ئەشىدىلۇر (تاڭلانچىغ::)
[181. تەپسىلى، چۇڭقۇر، چىرايلىق،
182. ئىشتىشكە ناھايىتى يېقىملىق،
183. مۇقەددەس نوملانغان نوم ئۇنى
184 شۇ ھالدا ئىشتىلەر ئاجايىپ.]

185. بۇ ئۇنـ ـلەر ـ نىڭ ئىچىنتە:
186. بۇرخانـ ـىغ (... :)
187. بۇرساڭ قۇۋراغ ـ ىغ ئۆمەكىنگ:
188. بۇلارنى (... ::)
[185. بۇ ئۇنلەرنىڭ ئىچىدە
186. بۇرخاننى، (... نومنى)،
187. راھىپ جامائەتنى ياد ئېتىدىغان،
188. بۇلارنى (مەدھىيلەيدىغان ئۇنلەر بار.)]

189. قولۇلاماق ـ تا ياراتىڭلار:
190. قولۇلاماق ـ ىغ ق(ود) ە(اڭ)لا(ر:)
191. قۇترۇلماق كۆسۈش ـ لۈگ تۆزۈنـ ـلەرە:
[189. تەپەككۇر قىلىشقا ئەمەل قىلىڭلار!
190. تەپەككۇر قىلىشتىن ۋاز كەچمەڭلار!
191. ھەي، قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان
تۆزۈنلەر!]

192. ئالتىنچ قاماغ ئەردىنىلىگ:
193. ئادىرتلا(ى)غ سوء ـ لىغ چىسۇق ـ ا ـ
(ۋغ):
194. ئالتىن ياقىز يىر ـ ىنتە:
195. ئارتۇقراق كۆركەلى سەۋىگلىگ::
[192. ئالتىنچى (تەپەككۇر): بارلىق گۆ-
ھەرلىك،
193. ئېنىق چەك ـ چېگرىلىق،
194. تۆۋەندىكى قوڭۇر يەردە،
195. كۆرسە كىشىنى بەكمۇ سۆيۈندۈرىدىغان،]

196. بىشبەر يۈز كولتى ئەردىنىلىگ:
197. بىر تەگ قالىغ ئىسىر (قا) ـ لار:
198. بىرىنتە (... تەڭر) د ـ لەر:
199. بىرتە(م) ئۆلگۈسۈز ئەرۈر ـ لەر::
[196. بەش يۈزچە كولتى گۆھەرلىك،
197. بىر خىل قەسىر، راۋاقلار،
198. (ھەر) بىردە... تەڭرىلەر
199. ئوخشاشلا ھېسابسىز ئىكەنلىكىنى؛]

200. ت(ە)ڭرى ئو(... قا) ماقۇن:
201. تەگرىك ـ لەيۈ يىغىلىپ:
202. ت(ە)ڭرىدەم ئويۇن (بەدىز د)ن:
203. تەپرەتمىش ـ لەرىن ساقىنغۇ ئول::
[200. تەڭرىلەر ...... تامامەن
201. قورشاپ ـ يىغىلىپ،
202. تەڭرىلىك (ساماۋى) مۇزىكا ـ سازلىرىنى
203. تەڭكەش قىلغانلىرىنى ئويلايدۇ.]

204. يانا سانـ ـسىز ساق(ىش) سىز:
205. ياراشى ئويۇن بىۋلىك ـ لەر:
206. يالترىيۇ كۆك قالىـ ـتا:
207. ياپشىنۇ ئاسلۇ ئەرمىش ـ مىن::
[204. يەنە سان ـ ساناقسىز
205. كۆڭۈلگە ياقىدىغان ساز ـ چالغۇلار(؟)
206. كۆك ئاسماندا يالتىراپ ـ

207. چاقناپ ئېسلىپ تۇرغانلىقىنى (ئويلايدۇ).]

208. (كە)تىن يىڭاق مەڭ(ى)ل(ى)گ:
209. ككىر — سىز ئۇلۇش-تاقى كىلك ئالقىغ::
[208. غەرب تەرەپتىكى پاراغەتلىك،
209. كىرسىز (پاك) دۆلەتتىكى كەڭرى (كەتكەن)،]

210. يىتى ئەردىنىلىگ سۆگۆتۆگ:
211. يىنتەم ئەردىنىلىگ يىر-لەرىگ:
212. (يە)گ ئادرۇق كۆل-لەرىگ:
213. يىقۇد-سىنچا قولۇلامىش ئادانۇر::
[210. يەتتە گۆھەرلىك دەرەخلەرنى،
211. تەڭداشسىز گۆھەرلىك يەرلەرنى،
212. ناھايىتى ئېسىل كۆللەرنى
213. يۈزەلا تەپەككۇر قىلىدىغان دەپ ئاتىلىدۇ.]

214. ئالتىنچ (يۇ) مدارۇ قاۋشۇرۇپ:
215. ئالقۇ-نى قولۇلاماق ساقىنچىن:
216. (ئارتۇقراق مەڭىلىگ ئۇل)ۇشۇغ:
217. ئادىرتل(ى)غ قولۇلاماق بۇ تىتىر::
[214. ئالتىنچى (تەپەككۇر ئىچىدە)، بۇ توپلاپ-يىغىپ (يىغىنچاقلاپ)،
215. ھەممىنى تەپەككۇر قىلىش ئۈيى بىلەن
216. ئىنتايىن پاراغەتلىك دۆلەتنى
217. ئېنىق تەپەككۇر قىلىش دېيىلىدۇ.]

218. ئۆترۇ كىم قايۇ تىنل(ى)غ-لار:
219. ئۆزۆكسۆز مۇنتاغ ساقىنسار:
220. ئۆلگۆسۆز كولتى ك(ا)لپ-تاقى:
221. ئۆزتۆگلۆگ قىلىنچى تاردقار::
[218. قايسى جانلىقلار

219. ئۆزۆلدۆرمەي مۇشۇنداق ئويلىسا،
220. ھېسابسىز كولتى كالپتىكى
221. ئىنتايىن ئېغىر گۇناھى تۆگەيدۇ.]

222. ئامتىقى: كىشى-لەر ئۆلتۆكدە:
223. ئادىرتل(ى)غ ئوتقۇراق سىزنىكسىز:
224. ئابىتا بۇرخان ئۆكسىنتە:
225. ئالتۇن-لۇغ لىنخۇا-تا تۇقار-لار::
[222. ھازىرقى كىشىلەر ئۆلگەندە،
223. ئېنىق، جەزمەن، شۈبھىسىز
224. ئابىتا بۇرخان ئالدىدا
225. ئالتۇن نىلۇپەردە تۇغۇلىدۇ.]
226. يىتىنچ كىن-كى ئۆدتەكى:
227. يىرتىنچۇ-تەكى تىنل(ى)غ-لار:
[226. يەتتىنچى (تەپەككۇر): كېيىنكى چاغدىكى
227. دۇنيادىكى جانلىقلار]

228. يىگ ئۇستۇنكى بۇرخانىغ
229. يىنتەم كۆرگەلى كۆسەسەر::
[228. ھەممىدىن ئۇستۇنكى بۇرخاننى
229. كۆرۈشنى ئارزۇ قىلسا،]

230. يىتى ئەردىنىن ئىددىگلىگ:
231. يىر يۆزىنتە سەۋىگلىگ:
232. ي(ە)مە لىنخۇا-لىغ ئورۇنۇغ:
233. يىنچۇرۇ قولۇلايۇ ساقىنغۇ ئول::
[230. يەتتە گۆھەر بىلەن بېزەلگەن
231. يەر يۈزىدىكى ئەزىز
232. نېلۇپەرلىك ئورۇننى (نىلۇپەر تەختىنى)
233. چوقۇنغان ھالدا ئويلايدۇ، يادىتىسىدۇ.]

234. يانا لىنخۇا-لىغ ئورۇن-نۇڭ:
235. ياپىرغاق-لار-نىڭ ئىدىگىن:
236. ياپا ئەردىنىلىگ تام-ر — دىن:

237. يالتريىۇ ئۇنەر ي(ا)رۇق ـ مىن::
[234. يەنە نىلۇپەرلىك ئورۇننىڭ
235. يوپۇرماقلىرىنىڭ بېزىكىنى،
236. پۇتۇنلەي گۆھەرلىك تومۇرىنى
237. يالتىراپ چېچىلىدىغان نۇرلىرىنى
(ئويلايدۇ).]

238. (ئە ... ئىكى) يۈز:
239. ئەلىگەر يوچان ئۇلۇغ ـ مىن:
240. (ئە ... ) باكدى ـ لىغ:
241. ئەسرىگۈ ي(ا)رۇق ـ لار ئۇنمىش ـ مىن::
[238. (گۈل يوپۇزماقلىرىنىڭ) ئىككى يۈز
239. ئەللىكچە يوچان چوڭلۇقنى،
240. ........... زىننەتلىك
241. رەڭدار نۇرلار چاچىدىغانلىقىنى
(ئويلايدۇ).]

242. (كى ... ) بىلىڭگامانى:
243. كىنشۇك ئەردىنى براقمامانى:
244. كك(ىرىسىز) چىن يىنچۇ تور ـ لارى:
245. كىڭ ئالقىغ ئىدىگلىگ ساقىنغۇ ئول::
[242. ...... بىلىڭگامانى،
243. كىنشۇك گۆھەر، براھمامانى،
244. كىرسىز، ھەقىقىي ئۈنچەتورلىرى(بىلەن)
245. كەڭ (قىلىپ) بېزەلگەن دەپ ئويلايدۇ.]

246. توقبىلىغ كۆركلە كۆرىكار ـ لار:
247. توغ ئىدىش ـ لىگ تىرگۈك ـ لەر:
248. تورقۇ بىنتاۋىر كەرىكلەر:
249. تۈتچى ي(ا)رۇق ـ لۇغ ئىدىگ ـ لەر::
[246. كۆركەم ـ چىرايلىق كۆرىكارلار
(پەشتاقلار)،
247. تۇغلار ئېسىلغان تۈۋرۈكلەر،
248. تورقا پەردىلەر،
249. دائىم نۇرلۇق بېزەكلەر،]

250. بۇ ئەردىنىلىگ ئىدىگ ـ لەر:
251. بۇلىتەگ تۈزۈدە ياتىلۇ:
252. بۇلۇڭ يىڭاق ـ تا تاپ ئىيمىن:
253. بۇرخان ـ لار ئىش ـ مىن ئىشلەيۈ::
[250. بۇ گۆھەرلىك بېزەكلەر
251. بۇلۇتتەك تامامەن يېپىلىپ،
252. ھەممە تەرەپتە ئىستەك بويىچە
253. بۇرخانلار ئىشىنى ئىشلەپ،]

254. ئالقۇ تىنل(ى)غ ـ لارىغ قۇتقارىپ:
255. ئاسىغ ـ لىغ مەڭىلىگ قىلمىش ـ مىن:
256. ئادىرتل(ى)غ بەكىز ب(ە)لگۈلۈگ:
257. ئالامبان قىلىپ ساقىنغۇ ئول(::)
[254. بارلىق جانلىقلارنى قۇتقۇزۇپ،
255. پايدىلىق، خۇشاللىق (ئىش) قىلىدىغانلىقىنى،
256. ئېنىق، روشەن
257. ئالامبان (بىلىش ئوبيېكتى) قىلىپ ئويلايدۇ.]

258. ئۇنا بۇ يىتىنچ كەزد(گ .. :)
259. (ئۇ ... :)
260. ئولۇرغۇ ئەردىنى لىنخۇا ـ (.. :)
261. (ئو ... ::)
[258. مانا، بۇ يەتتىنچى قېتىم...
259. ...........................
260. ئولتۇرۇدىغان گۆھەر نىلۇپەر (بۇددا ئولتۇرۇدىغان نىلۇپەر تەخت)
261. ...........................]

262. بۇ ئورۇن ئەرسەر ئۆگرەك(ى:)
263. (بو ... ) تويىن ـ نىڭ:
264. بودى كۆڭۈل ـ ى ـ نىڭ كۈچىنتە (:)
265. (بو ...) ئورۇن ئول::
[262. بۇ ئورۇن بولسا، ئىلگىرىكى

263. ...... تويىنىڭ
264. بودى كۆڭلىنىڭ كۆچىدە
265. (نىلۇپەردىن قىلىنغان) ئورۇن
(تەخت) دۇر.]

266. ئازۇچا كىمـلەر كۇسەسەر:
267. ئابىتا (بۇرخانـىـ)غ كۆگەلى:
268. ئاشنۇـچا لىنقۇاـلىغ ئورۇنۇغ:
269. ئادىرتل(ىغـ... ساقىـ)نغۇ ئوم::
[266. ئەگەر كىملەر ئارزۇ قىلسا،
267. ئابىتا بۇرخاننى كۆرۈشنى،
268. ئاۋۋال نىلۇپەرلىك ئورۇننى (تەختنى)
269. ئىنىق ... ئويلايدۇ]

270. بىرۆك بۇ ساقىنچىغ كىم قايۇ:
271. بىشرۇنۇ (... ت)ۆكەدسەر:
272. بىش تۇمەن ك(ا)لىپ سانسارـتا:
273. بىرىم ئۆدە(ك) بىرگۆلۆك::
[270. ئەگەر بۇ پىكىرنى كىمكى
271. پىشىرىپ ... تۆگەتسە،
272. بەش تۇمەن كالپا سانساردا
273. گۇناھىدىن ئۆتكۆلۆك.]

274. ئاغىر ئايىغ قىلىنچـى:
275. ئارىيۇ كىتىپ تارىقىپ:
276. ئابىتا بۇرخان ئۆكسىنتە:
277. ئادىرتل(ىـ)غ تۇغغالى بولۇرـلار::
[274. ئېغىر، يامان قىلمىشى (گۇناھى)
275. تازىلىنىپ كېتىپ ۋە يوقىلىپ
276. ئابىتا بۇرخان ئالدىدا
277. جەزمەن تۇغۇلالايدۇ.]

278. قولۇلاماقـىتا ياراتىنىڭلار:
279. قولۇلاماقـىغ قوتماڭلار:
280. قۇترۇلماق كۇسۇشـلۇگ تۆزۈنلەر::
[278. تەپەككۇر قىلىشقا ئەمەل قىلىڭلار!
279. تەپەككۇر قىلىشتىن ۋاز كەچمەڭلەر!
280. ھەي، قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان
تۆزۈنلەر!]

281. سەكىزىنچ ئابىتا بۇرخانـىنىڭ:
282. سەرىلىپ تۇرداچى مەڭگۆلۆگ:
283. سەچە تاڭلانچىغ ئەتىئۆزدىن:
284. سەۋە (ئامراي)ۇ ساقىنغۇ ئول::
[281. سەككىزىنچى (تەپەككۇر): ئابىتا
بۇرخاننىڭ،
282. مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مەڭگۆلۆك
283. ئاجايىپ ھەيران قالارلىق تېنىنى
284. ياخشى كۆرۈپ، چوقۇنۇپ ئويلايدۇ.]

285. ئالقۇ قاماغ بۇرخانـلار:
286. ئارىغ نوم ئوغۇشـى تۆزلۆگ ئول:
287. ئانى ساقىنداچى ب...
288. ئاندىن ئۆڭى ي(ە)مە ئەرمەز::
[285. بارلىق بۇرخانلار
286. پاك نوم دۇنياسى تەبىئەتلىكتۇر،
287. ئۇنى ئويلايدىغان......
288. ئۇنىڭدىن باشقا ئەمەستۇر.]

289. نايراغ لاكشانـقا تۆكەللىگ:
290. ئادى ك(ۆترۆلمىش... :)
291. ئادىرتل(ىـ)غ كۆڭۆلـتىن بولمىشـقا:
292. ئانىن ئۆز كۆڭ(ۆ)ل(... ::)
[289. نايراغ، لاكشانغا ئىگە
290. نامى ئۇلۇغلانغان......
291. ئېنىق كۆڭۆلدىن بولغاچقا،
292. شۇڭا ئۆز كۆڭلى...]

293. ئانى بىلىپ تۆزۈنـلەر:
294. ئابىتا ت(ە)ڭرى بۇرخانـى(غ:)

296. ئاياپۇ بىر ئۇچلۇغ كۆڭۈل-مەن؛
296. ئالقۇ ئۆدتە قولۇلاپ ساقىنغۇ ئول::
[293. ئۇنى بىلىپ، تۈزۈنلەر (ئالىجانابلار)
294. ئابىتا تەڭرى بۇرخاننى
295. ھۇرمەتلەپ، بىر نىشانلىق كۆڭۈل بىلەن
296. ھەممە ۋاقىتتا ئويلايدۇ، ياد ئېتىدۇ.]

297. ئابىتا (... :)
298. (ئا...... :)
299. ئارتى ئوقشا (...... :)
300. (كۆ... ::)
[297. ئابىتا......................
298. ..........................
299. پۈتۈنلەي.....................
300. ..........................]

301. كۈن تەگ ي(...... :)
302. (كۈ...... :)
303. كۆنى باغداشىنۇ (ئولۇرۇر:)
304. (كۆ...... ::)
[301. كۈندەك.......................
302. ..........................
303. باداشقان قۇرۇپ تىك ئولتۇرىدۇ.
304. ..........................]

305. ئوساقى لىنە (خۇا... :)
306. (ئۇ... :)
307. ئۇلۇغ ئەرد (ىنى... :)
308. (ئۇ... ::)
[305. ئىلگىرىكى نىلۇپەر......
306. ..........................
307. ئۇلۇغ گۆھەر..........
308. ..........................]

309. سول ياندىنقى (... :)
310. (سو ... :)
311. سۆي-لۈغ تىنل (مە-لار... :)
312. (سۆ ... ::)
[309. سول ياندىكى........................
310. ..........................
311. گۇناكار جانلىقلار......
312. ..........................]

313. ئالتۇن ئۆ(رگۈن... :)
314. (ئا... :)
315. ئاداق-م(ن... :)
316. (ئا... ::)
[313. ئالتۇن تەخت......
314. ..........................
315. پۈتە-...................
316. ..........................]

317. ئوكدىن (... :)
318. (ئو... :)
319. ئۇز باقداش (منۇ... :)
320. (ئۇ... ::)
[317. ئوكدىن......................
318. ..........................
319. ئەپچىل هالدا باداشقان قۇرۇپ...
320. ..........................]

321. م(ا)خا ئاسدام (... :)
322. (ما... :)
323. م(ا)خا پۇرۇش (... :)
324. (ما... ::)
[321. ماها ئاسدام..........
322. ..........................
323. ماها پۇرۇش..........
324. ..........................]

325. ئۇچ (... ::)

326. (ئۇ... :)
327. ئۆترۇ (... :)
328. (ئۆ... :)
[325. ئۇچ ...............
326. ....................
327. كېيىن ..............
328. ....................]

329. ئابىتا ب(ۇ)رخان... :)
330. (ئا... :)
331. ئارىش م(ا)خايان (... :)
332. (ئا... ::)
[329. ئابىتا بۇرخان ......
330. ....................
331. پاك ماھايان ......
332. ....................]

333. كۆزىن ئاچد(... :)
334. (كۆ... :)
335. كۇنتۇز (تۇنلە... :)
336. (كۆ... ::)
[333. كۆزىنى ئاچـ...........
334. ..........................
335. كېچە ـ كۇندۇز .........
336. ..........................]

337. كۆڭۈل ـ ل(...) :)
338. (كۆ... :)
339. كۆپ قاماغ (... :)
340. (كۆ... ::)
[337. كۆڭۈلـ...................
338. ..........................
339. كۆپ، بارلىق ..............
340. ..........................]

341. ئۆتكۈرۈ قول(ۇلا... :)

342. ئۆ... :)
343. ئۆدەگۈلۈك (... :)
344. (ئۆ... ::)
[341. چوڭقۇر تەپەككۇر قىلـ....
342. ........................
343. ئۆتەڭۈلۈك ...............
344. ........................]

345. بۇ ئۇق (... :)
346. بۇ... ::
[345. بۇلا.....................
346. بۇ.......................]

347. ياقۇيۇ بارىپ ئاسۇن تاغـتا:
348. ياندۇرۇ بادىپ بۇ مۇنتا:
349. يانا گاۋيانا دىۋىپـتا:
350. ي(ا)رپ تۇقار ئەرسەر ئۇل ئادىتا ::
[347. يېقىن بېرىپ ھاياتلىق تېغىغا،
348. قايتىدىن پېتىپ بۇ يەردە،
349. يەنە گاۋيانا دىۋىپتا،
350. جەزمەن تۇغۇلسا ئۇ يەردە،]

351. ئانچۇلايۇ ئۇق م(ە)ن چىناشرى:
352. ئاياي(ۇ قۇت) قولۇنۇ تەگىنىپ:
353. ئازۇنـلار سايۇ قاسغانمىش:
354. ئا(لقۇ بۇيانـلارىغ ئەۋىرەرم(ە)ن::
[351. شۇنداق قىلىپ، مەن چىناشىرى
352. ھۆرمەت بىلەن بەخت تىلەپ،
353. ھاياتلىقىمدا قولغا كەلتۈرگەن
354. بارلىق ساۋاپلارنى بېغىشلايمەن.]

355. ئارتۇقراق مەڭىلىگ ئۇلۇشـتا:
356. (ئابىتا بۇرخان ئۇ)كىسنتە:
[355. ئىنتايىن شادلىق بولىدىغان (پاراـ
غەتلىك) دۆلەتتە،
356. ئابىتا بۇرخان ئالدىدا،]

## ئىزاھلار

(ئىزاھلىنىدىغان ئاتالغۇلار ئەسەرنىڭ نەچچىنچى قۇرىدا بولسا، شۇ قۇر نومۇرى بويىچە ئىزاھ بېرىلدى.)

1. تاي پاي لىن شى — خەنزۇچە 大白莲社 دېن كەلگەن. «ئۇلۇغ ئاق نىلۇپەر گۇرۇھى» دېگەن مەنىدە.

2. تايشىڭ — خەنزۇچە 大乘 دىن كەلگەن. سانسكرىتچە ماھايانا [Mahayana]، قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئۇلۇغ كۆلۈڭكۈ» (چوڭ ھارۋا دېگەن مەنىدە) دېيىلىدۇ. ماھايانا مەزھىپى مىلادى 1 - ئەسىر ئەتراپىدا شەكىللەنگەن.

نوم — سوغدىچە [nwm] دىن كەلگەن ① قانۇن، بۇددىزم قانۇنى، دىن ② كىتاب، بۇددىزم كىتابى (سۇترا) دېگەن مەنىدە.

5. ئابىتا — سانسكرىتچە [amitabha] دىن قىسقارتىلىپ كەلگەن بۇرخان (بۇددا) نامى. ئۇ بۇددىزمنىڭ «كىرسىز ئارىغ نورۇن» (پاك نۇرۇن) مەزھىپىنىڭ ئاساسلىق چوقۇنۇش ئوبيېكتى. ئۇ «غەربتىكى راھەت دۇنيا » (بۇددا دىنىدا بېھىشنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ دىنىي ئاساسچىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە «ئامىتايۇس» قاتارلىق 13 خىل ئىسمى بار. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۇنى ئۆزلىرى ئىلگىرى ئېتىقاد قىلغان مۇقەددەس تەڭرى نامى بىلەن ئابىتا تەڭرى بۇرخان دەپ ئۇلۇغلاپ ئاتىغان.

6. ديان — سانسكرىتچە [dhyana] دىن كەلگەن. «سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈش» (ئىستىقامەت قىلىش)، «يامانلىقتىن ۋاز كېچىش» دېگەن مەنىلەردە. بۇ ئاتالغۇ بۇددىستلارنىڭ تۇيغۇسىدىكى چوڭقۇر تەپەككۇرنى كۆرسىتىدۇ.

24. ئاچاگارخ — سانسكرىتچە [rajagrha] دىن كەلگەن. قەدىمكى ھىندىستاندىكى ماگات دۆلىتىنىڭ پايتەختى.

15. ئاچاتاشادۇرۇ — سانسكرىتچە [ajatasatru] دىن كەلگەن. ئۇ ماگات دۆلىتىنىڭ خانى Bimbisara ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى vaidehi دىن تۇغۇلغان. كېيىن خانلىق تەختىگە چىققان.

16. ۋايتىشى — سانسكرىتچە [vaidehi] دىن كەلگەن. ئاچاتاشادۇرۇ خانىنىڭ ئانىسى.

18. ئىنتايىن راھەتلىك دۆلەت — قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ئارتۇقراق مەڭىلىك ئۇلۇش» دېيىلگەن. يەنە بۇ ئەسەرنىڭ 46-، 96 - قۇرلىرىدا «ئابىتا بۇرخان ئۇلۇشى» (ئابىتا بۇرخان دۆلىتى)، 51 - قۇرىدا «ئەرتىڭۇ مەڭىلىك ئۇلۇش» (ئىنتايىن راھەتلىك دۆلەت)، 208 — 209 - قۇرلىرىدا «مەڭىلىك كىرسىز ئۇلۇش» (پاراغەتلىك، پاك دۆلەت) دېيىلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىدىكى بېھىش ھېسابلانغان «غەربتىكى راھەت دۇنيا» نى كۆرسىتىدۇ. سانسكرىتچىدا سۇكھاۋاتى [sukhavati] دېيىلىدۇ.

38. ئارياۋالوكىدا ئىشۋارى — سانسكرىتچە [Arya-avalokitesvara] دىن كەلگەن. ئۇ بۇددا دىنىدىكى بىر بۇدساتۋانىڭ نامى.

40. تايشىچى — سانسكرىتچە [Mahasthamaprapta] نىڭ خەنزۇچە مەنا تەرجىمىسى 大势至 دىن كەلگەن. بۇددادىنىدىكى بىر بۇدساتۋانىڭ نامى.

41. ئالايااۋىتيىان — سانسكرىتچە [ālaya-vijna] دىن كەلگەن. بۇددىزمدىكى بىر «بىلىش»نىڭ نامى.

59. چامبۇدۋىپ — توخرىچە [jambudvip]-دىن، توخرىچىسى سانسكرىتچە [jambudvipa]دىن كەلگەن بۇددا دىنى ئاتالغۇسى. بۇددا دىنىدا دۇنيا تۆت چوڭ بۆلەككە ئايرىلغان بولۇپ، چامبۇدۋىپ جەنۇبىي بۆلەكنى كۆرسىتىدۇ.

65. تۇغماقسىز نومنۇڭ تاپىلغى (تۇغۇلمايدىغان نومنىڭ سەۋر - تاقىتى) — خەنزۇچە «无生法忍»، سانسكرىتچە [anutpattika-dharma-ksānti] دېيىلىدۇ. ئۇ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، «تاپىلاغ» (سەۋر - تاقەت) «ھەقىقەت»كە بولغان رازىلىقنى بىلدۈرىدۇ ۋە «ئەقىل - پاراسەت»نىڭ باشقىچە ئاتىلىشى ھېسابلىنىدۇ. «تۇغماقسىز نوم» بۇددىزمنىڭ تۇغۇلۇش ۋە يوقىلىش بولماسلىق نەزەرىيىسىنى كۆرسىتىدۇ.

71. سامانتا بادىرى — سانسكرىتچە [samantabhadra] دىن كەلگەن. بۇددا دىنىدىكى بىر بودساتۋانىڭ ئىسمى. ئۇ جۇڭگو بۇددىزمىدىكى تۆت چوڭ بودساتۋانىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

100. ۋايتۇرى — توخرىچە [vaiduri]دىن كەلگەن، سانسكرىتچە [vaidurya] دېيىلىدۇ.

102. يەتتە ئەردىنى (ئەردىنى سانسكرىتچە [ratna]دىن كەلگەن. «گۆھەر» دېگەن مەنىدە) — بۇددىزم ئاتالغۇسى. ئۇ ئالتۇن، كۈمۈش، سىر (ساپال سىرى)، ئەينەك، مارجان، ھەقىق، تىرىداكنا (ئىسسىق بەلباغ دېڭىزدا ياشايدىغان يۇمشاق تەنلىك قاسىراقلىق ھايۋانات) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇددا نوملىرىدا، بۇ ھەقتىكى كۆزقاراش ئوخشاش ئەمەس. «سىر» (ساپال قاچىلارغا بېرىلىدىغان سىر) دېگەن مەنىدە.

108. تىۋالىغ باكدىلىغ — تىۋا — سانسكرىتچە [deva] («تەڭرى، ئاسمان» دېگەن مەنىدە)، باكدى — سانسكرىتچە [bhakti] («زىننەت، زىننەتلەش» دېگەن مەنىدە)دىن كەلگەن ۋە ئۇلارغا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىمدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە «-لىغ» قوشۇلغان.

118. كولتى — سانسكرىتچە [kolti]دىن كەلگەن. مەنىسى «يۈز مىليون».

142. كۈشاترى — توخرىچە [kusat(t)re]-دىن، ئۇ سانسكرىتچە [chattra]دىن كەلگەن، «يوپۇق» دېگەن مەنىدە.

پىرا — سوغدىچە [Pr]دىن كەلگەن. سانسكرىتچە [patākā] دېيىلىدۇ. مەنىسى «ئەلەم».

146. ئۇپاكار — سانسكرىتچە [upakara]دىن كەلگەن. «پايدىسى كۆپ» دېگەن مەنىدە.

159. ئاشتانگا ئۇپىت — سانسكرىتچە [astanga upeta]دىن كەلگەن ئاتالغۇ بولۇپ، «سەككىز خىل ساۋاب» دېگەن مەنىدە.

163. يوچان — سانسكرىتچە [yojana]دىن كەلگەن. قەدىمكى ھىندىستاننىڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى. پادىشاھلارنىڭ بىر كۈنلۈك ھەربىي يۈرۈشى بىر يوچان ھېسابلىنىدۇ.

170. ۋزىر — سانسكرىتچە [vajra] دىن كەلگەن. مەنىسى «ئالماس».

177 ــ 178. ئۇرلۇكسۇز (ۋاقىتلىق، تۇراقسىز)، ئەمگەك (ئازاب)، قۇرۇغ (قۇرۇق)، مەنىسىز ــ بۇددا دىنى ئاتالغۇلىرى بولۇپ، سانسكرىتچە anitya، duhkha، sunya، anatmaka؛ خەنزۇچە 无常、空、无我 دېيىلىدۇ.

قۇرۇق ــ شەيئىلەرنىڭ خىيالىي ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مەنىسىز ــ دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ مۇستەقىل بولغان ھەقىقىي ئۆز تېنى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

179. پارامىت ــ توخرىچە [paramit] دىن، توخرىچىسى سانسكرىتچە [paramita]دىن كەلگەن. «ئۆتۈش» دېگەن مەنىدە. ئۇ «كونا ئۆرپ ـ ئادەتنى تاشلاپ، ھايات ـ ماماتتىن ۋاز كېچىپ نىرۋانغا يېتىپ بېرىش»نى كۆرسىتىدۇ.

193. سومىلىغ ــ سوم توخرىچە [sim]دىن، توخرىچىسى سانسكرىتچە [sima] دىن كەلگەن. «چېگرا، پاسىل» دېگەن مەنىدە.

242. بىلىمگىلا مانى ــ خەنزۇچە 毗楞伽摩尼 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. خەنزۇچىسى سانسكرىتچە [sakrabhilagna mani]نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

بىر خىل ئېسىل گۆھەرنىڭ نامى.

243. كىنشۇك ــ سانسكرىتچە [kimsuka]دىن كەلگەن. مەنىسى «قىزىل ياقۇت».

246. كۇرىكار ــ توخرى تىلى A [kurekar]، B [kwrakar]دىن كەلگەن. سانسكرىتچە [kutagara] دېيىلىدۇ (توخرىچىسى سانسكرىتچىدىن كەلگەن). مەنىسى «پەشتاق».

براھماماني ــ سانسكرىتچە [brahmamani] دىن كەلگەن. «ساپ مەرۋايىت» دېگەن مەنىدە.

257. ئالامبان ــ توخرىچە [alambam]دىن، توخرىچىسى سانسكرىتچە [alambana] دىن كەلگەن.

«بىلىش ئوبيېكتى» دېگەن مەنىدە.

264. بودى كۆڭۈل ــ بودى سانسكرىتچە [bodhi] دىن كەلگەن بولۇپ، «كۆزى ئېچىلىش، ئەقىل ـ پاراسەت، پىكرى ئېچىلىش» دېگەن مەنىدە. بودى كۆڭۈل ــ «ھەممىنى تويغۇچى كۆڭۈل» دېگەن مەنىدە.

272. ك(ا)لپ ــ سانسكرىتچە [kalpa] دىن كەلگەن. ناھايىتى ئۇزۇن بىر دەۋرنى كۆرسىتىدۇ.

سانسار ــ سانسكرىتچە [samsara] دىن كەلگەن. «ھايات ـ ماماتلىق ئايلىنىش» دېگەن مەنىدە. بۇددىزم ئەقىدىسى بويىچە، جانلىقلار ھايات ـ مامات دۇنياسىدا توختىماستىن ئايلىنىپ تۇرىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

289. نايراغ ــ سانسكرىتچە [anuvyanjana] دېيىلىدۇ. «ئۆزگىچىلىك، ئالاھىدىلىك» دېگەن مەنىدە.

لاكشان ــ توخرىچە [laksam] دىن، توخرىچىسى سانسكرىتچە [laksana] دىن كەلگەن. «بەلگە، نىشان، ئالامەت» دېگەن مەنىدە.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، شاكيامۇنى تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ قىياپىتىدە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان 32 تۈرلۈك ئېنىق بەلگىسى بولغاندىن تاشقىرى، يەنە ئاسان كۆرۈۋالغىلى بولمايدىغان 80

تۇرلۇك ئالاھىدىلىكى بولغانىكەن. نايراغ بىلەن لاكشان بۇددانىڭ شۇ بەلگىلىرىگە قارىتىلغان.
321، م(ا) خا ئاسدام — سانسكرىتچە [maha - sthama] دىن كەلگەن. بۇددا دىنىدىكى
بىر بودساتۋا.
323. م(ا)خا پۇرۇش — سانسكرىتچە [mahapurusa] دىن كەلگەن. «ئەر، ئەزىمەت»
دېگەن مەنىدە.
349. گاۋيانا دىۋىپ — سانسكرىتچە [Godaniyadvipa]دىن كەلگەن. قەدىمكى ھىندىستاننىڭ دۇنيا قارىشى بويىچە، دۇنيا تۆت چوڭ قىتئەگە ئايرىلغان. گاۋيانادىۋىپ غەربىي چوڭ قىتئە ھېسابلىنىدۇ.
351. جىناشرى — سانسكرىتچە [jinasri] دىن كەلگەن. مەزكۇر ئەسەرنى باستۇرغۇچىنىڭ دىنىي لەقىمى. ئۇ ئائىلىسىدىكى قازا تاپقان كىشىنىڭ روھىغا ئاتاپ بۇ كىتابنى باستۇرغان.

## سۆزلۈك

### ئا

| | |
|---|---|
| ئاد | ئات، ئىسىم |
| ئاداش- | ئاتالماق |
| ئاداق | پۇت |
| ئادرۇق | باشقا، باشقىچە، پەرقلىق |
| ئادقاغ | بىلىش ئوبيېكتى |
| ئادىر — | ئايرىماق |
| ئادىرتلىغ | ئېنىق، چۈشىنىشلىك |
| ئارتۇقراق | ئىنتايىن، بەك |
| ئارد- | ئازلىماق، ئېرىغدىماق |
| ئارىتى | پۈتۈنلەي، تامامەن |
| ئارىش | تازا، پاكىز |
| ئارىغ | تازا پاكىز |
| ئازۇچا | ياكى |
| ئازۇن (~ئاسۇن) | ھاياتلىق، مەۋجۇدىيەت، دۇنيا |
| ئاسىغلىغ | پايدىلىق |
| ئاسىل- | ئېسىلماق |
| ئاشنۇچا | ئاۋۋال، ئالدى بىلەن |
| ئالتمىشار | ئاتمىشچە |
| ئالتى | ئالتە |
| ئالتىن | ئاست، تۆۋەن |
| ئالتىنچ | ئالتىنچى |
| ئامرا- | ياخشى كۆرمەك، ئامراقلىق قىلماق |
| ئامرانچىغ | ياخشى كۆرىدىغان، ئامراق، مۇھەببەتلىك |
| ئامرىل- | تىنچلانماق |
| ئامۇرۇ | تىنچ ھالدا |
| ئامىل | تىنچ |
| ئانتا | ئۇ يەردە |
| ئانتاغ | ئانداق، شۇنداق |
| ئانچۇلايۇ | شۇنداق قىلىپ |
| ئانىن | شۇنىڭ بىلەن |
| ئاي- | ئېيتماق |
| ئايا | ھەي، ئەي |
| ئايا- | ھۆرمەتلىمەك |
| ئايىغ | يامان |

### ئە

| | |
|---|---|
| ئەتۆز | تەن، بەدەن |
| ئەتىنلىگ | ئاۋازلىق، ئۈنلۈك |

ئەدگۈلى ياخشى
ئەدىز- چالماق (ساز چالماق)
ئەر- ①...-دۇر ② بولماق
ئەرت- ئۆتكۈزمەك
ئەرتە ئۆتكۈنچى
ئەرتىۋ ناھايىتى، ئىنتايىن
ئەردىنى گـۆھەر (سانسكرىتچە [ratna]دىن كەلگەن)
ئەردىنىلىگ گۆھەرلىك، گۆھەر بىلەن بېزەلگەن
ئەسرىڭۇ خىلمۇ خىل، رەڭگارەڭ
ئەشىد- ئىشىتمەك، ئاڭلىماق
ئەشىدىل- ئىشىتىلمەك، ئاڭلانماق
ئەۋرىل- ئۆرۈلمەك، بۇرۇلماق
ئەۋىر- ئۆرمەك (بېشىدىن)، بېغىشلىماق

ب

باخشى ئۇستاز
باد- پاتماق، چۆكمەك
بارچا بارچە، ھەممە
بارماقسىز بېرىش يوق
باسا كەيىندىن، ئارقىدىن
باساقى كەيىندىكى، ئارقىدىكى
باشلاغلىغ ئاساسلىق
باغداشىن- باداشقان قۇرماق
باكدىلىغ (سانسـكرىتچـە [bhakti] + لىغ) بېزەلگەن، زىننەتلەنگەن
بسالىق شەھەر
بەكىز ئېنىق، روشەن
بەلگۈلۈگ بەلگىلىك، ئېنىق
بۇرخان بۇددا (نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى)
بۇرسالاڭ راھىب

بۇز مۇز
بۇلۇڭ تەرەپ، نىشان
بۇلىت بۇلۇت
بۇيان (سانسكرىتچە[punya] دىن كەلگەن) ساۋاب؛ بەخت
بۇز- پۈتمەك
بىشرۇن((bisrun -) يېتىلمەك، چېنىقماق
بىنتاۋىر پەردە
بىر — بەرمەك
بىرتەگ بىردەك، ئوخشاش
بىرتەم بىرلىكتە، بىردىن، بىرلىك
بىرگەرۇ بىرگە، بىللە، بىرلىكتە
بىرلە بىللە
بىرۆك ئەگەر
بىرىم قەرز
بىشەر بەشچە
بىشىنچ بەشىنچى
بىۋلىك(؟) چالغۇ ئەسۋابى (؟)

ت

تاپ ئارزۇ، ئىستەك
تاپلاغ سەۋرى-تاقەت
تارىق- تارقالماق، يوقالماق
تاشتىن سىرتتىن، تېشىدىن
تاقشۇت شېئىر
تالۇلا- تالىلماق
تامىر تومۇر
تاڭلانچىغ ھەيرانقالارلىق، ئاجايىپ
تەپرەت- تەۋرەتمەك، چالماق (ساز)
تەگ ...دەك،...تەك
تەگرىكلە- قورشىماق، ئەتراپىغا يىغىلماق

تەردلك تىرەن چوڭقۇر

تەكشلە ـ تۈزگەرمەك

تەگمە ـ ئېردشمەك، مۇيەسسەر بولماق (تۆۋەن مەرتىۋىلىكلەر يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەرگە سۆز قىلغاندا قوللىنىدىغان ياردەمچى پېئىل)

تەلىم كۆپ، نۇرغۇن، جىق

توپ تولۇ لىپمۇ لىق، اىق تولغان

تورقۇ تورقا (يىپەك توقۇلما)

توقىلىغ مۇراسىملىق

تولۇ تولغان هالدا

توك ـ توكلىماق

تويىن (خەنزۇچە 道人 دىن كەلگەن) راهىب، بىكسۇ (تولۇق پەرھىز تۇتقان ئەر راهىب)

تۆرتەر تۆتچە

تۆرتۈنچ تۆتىنچى

تۆز ماهىيەت، خاراكتېر

تۆزلۈگ ماهىيەتلىك، خاراكتېرلىك

تۆزۈن ئالىيجاناب

تۆزى پۈتۈن پۈتكۈل

تۆلتەك ساهىل

تۆتچى دائىم

تۆرغۇر ـ تۇرغۇزماق

تۆرغىن تۇر:

تۆرقارۇ دائىم

تۆرۇلا ـ سۇزۇلمەك، تازلانماق

تۆرۇم هالەت

تۇش ۋاقىت

تۇغماقسىز تۇغۇش بولمايدىغان

تويۇغلى تويغان، هېس قىلغان

تويۇد ـ تويماق، هېس قىلماق

توپ تۆۋى، تېگى

تۆزۈ پۈتكۈل، تامامەن، ھەممە

تۇش مېۋە

تۆكەد ـ تۈگەتمەك

توكەللىگ تۈگەللىك

تۆمەگ زىننەت، بېزەك

تۆنەر ـ قاراڭغۇلاشماق

تۆنلە كېچە، تۈن

تىنلىغ جانلىق

تە ـ دېمەك

تىتە ـ دېيىلمەك، ئاتالماق

تىرگۈك تۈۋرۈك

تىكى ئاۋاز، ئۈن

تىلگەن چاق

تىۋالىغ تەڭرىلىك، ئىلاهىي، ساماۋى (سانسكرىتچە [deva] + لىغ) ب

## چ

چامبۇدۋىپ سانسكرىتچە [Jambudvipa] دىن كەلگەن ئاتالغۇ. بۇددا دىنىدا دۇنيا 4 چوڭ قىتئەگە بۆلۈنىدۇ. چامبۇدۋىپ جەنۇبىي قىتئەنى كۆرسىتىدۇ.

چەچەك گۈل، چېچەك

چىسۇقلۇغ سىزىقلىق، چېكىرلىك

## خ

خاتۇن خانىش، مەلىكە

خۇا گۈل (خەنزۇچە 花 دىن كەلگەن)

## س

| | |
|---|---|
| ساچۇقسىز | چېچىلماس |
| ساچىل - | چېچىلماق |
| ساچىلماق | چېچىلىش، چېچىلماق |
| ساش - | بوشاشماق |
| ساقىشسىز | ساناقسىز |
| ساقىن - | ئويلىماق |
| ساقىنچ | پىكىر، خىيال، تەپەككۇر |
| سايۇ | ھەر |
| سەتىرەكسىز | زىچ، ئاراچسىز |
| سەچە | ئالاھىدە |
| سەچىل - | تاللانماق |
| سەرىل - | توختىماق، توختالماق |
| سەكىزەر | سەككىزچە |
| سەكىزىنچ | سەككىزىنچى |
| سەۋ - | سۆيمەك، ياخشى كۆرمەك |
| سەۋىنگلىگ | سۆيۈملۈك، سۆيۈندۈرىدىغان |
| سوغانچىغ | سۆيۈملۈك، شادلاندۇرىدىغان |
| سوملىغ | چېگرىدلىق، پاسىللىق |
| سۆكۈت | دەرەخ |
| سۈۋ | سۇ |
| سۈيلۈغ | گۇناھلىق |
| سىرۇق | خادا، توقماق، |
| سىڭار | تەرەپ، يان |
| سىڭارقى | تەرەپتىكى، ياندىكى |
| سىزىكسىز | شۈبھىسىز، شەكسىز |

## ق

| | |
|---|---|
| قاتىنايۇ | قايتىلانغان، تەكرار |
| قارار - | قارايماق |
| قارارماق | قارىيىش، قارايماق |
| قارشى | ئوردا، ساراي، قەسىر |
| قاسغاق - (~ قازغاق -) | قازانماق، ئېرىشمەك |
| قالىغ | ئاسمان، قەسىر |
| قالىن | قېلىن، ئورغۇن |
| قاماغ | بارلىق، ھەممە |
| قانىنچسىز | قانمايدىغان |
| قاۋشۇر - | قوشماق، يىغماق، جۈپلىمەك |
| قايۇ | قايسى |
| قود - (~ قود -) | قويماق، ۋاز كەچمەك |
| قولۇلا - | تەپەككۇر قىلماق |
| قولۇلاماق | تەپەككۇر قىلىش |
| قولۇن - | تىلىمەك |
| قۇتىرۇلماق | قۇتۇلۇش |
| قۇتغار - | قۇتقۇزماق |
| قۇدۇل - | قۇيۇلماق |
| قۇرۇغ | قۇرۇق، بوش |
| قۇۋراغ | جامائەت، گۇرۇھ |
| قىلىنچ | قىلمىش |

## ك

| | |
|---|---|
| كەرىگ | پەردە |
| كەزىگ | رەت، تەرتىپ |
| كەلمەكسىز | كەلمەيدىغان، كېلىش يوق |
| كۆترۇل - | كۆتۈرۈلمەك |
| كۆركلە | چىرايلىق، گۈزەل |
| كۆركىت - | كۆرسەتمەك |
| كۆسۈن - (~ كۆزۈن -) | كۆرۈنمەك، پەيدا بولماق |
| كۆك | ئاسمان، كۆك |
| كۆنى | توغرا، دۇرۇس |
| كۆسە - | ئارزۇ قىلماق |
| كوسۇش | ئارزۇ، ئىستەك |
| كوسۇشلۇگ | ئارزۇلۇق، ئىستەكلىك |
| كۆل - | مەدھىيىلىمەك، كۈيلىمەك |
| كۆن تەڭرى | كۈن تەڭرى، قۇياش |

كۈنتۈز — كۈندۈز

كىتە ـ — كەتمەك

كىتىن — غەرب

كىرتكۈنچ، — ئىشەنچ، ئېتىقاد

كىنكى — كېيىنكى

كىلڭ — كەلڭ

## ل

لىنخۇا — ئېلۇپەر (خەنزۇچە 蓮 花 دىن كەلگەن)

لىنخۇالىغ — ئېلۇپەرلىك

## م

مەڭىلىگ — خۇشاللىق، شادلىق

مۇنچۇق — مۇنچاق،

مىڭەر — مىڭچە

## ن

نوملا ـ — نوملىماق، نوم تەپسىر قىلماق، نومدىن تەلىم بەرمەك

## ئو

ئوتغۇراق — جەزمەن، چوقۇم

ئوردۇ — ئوردا، ساراي، قەسىر

ئوساقى — ئىلگىرىكى، بۇرۇنقى، ئوزاقى

ئوق — سۆز ئورامىنى كۈچەيتكۈچى

ئوڭدىن — ئوڭدىن، ئوڭ تەرەپتىن

ئوڭار — ھېس قىلماق، چۈشەنمەك

ئول — ئۇ

ئولۇر — ئولتۇرماق

ئونتىن — ئولدىن

ئويۇن — ئويۇن، مۇزىكا

## ئۇ

ئۇچلۇغ — ئۇچلۇق؛ مەخسۇس

ئۇرى — ئوغۇل

ئۇز — ئۇز؛ چېۋەر، ئۇستا

ئۇزادى (~ئۇساتى) — دائىم، ھامان

ئۇزقىيا — ئۇزغىنە،

ئۇغۇش — ساھە، دۇنيا

ئۇلۇش — دۆلەت

ئۇلۇن — شاخ

ئۇنا — مانا، ئەنە، ھە

## ئۆ

ئۆترۇ — كېيىن

ئۆتكۈرلۇ — چوڭقۇر

ئۆد — ۋاقىت

ئۆدە ـ — ئۆتىمەك

ئۆدەك — قەرز

ئۆدۈى — سۆزۈك (نۇر ئۆتكۈزۈچان)

ئۆرتۈگلۈگ — يوپۇقلۇق، يېپىقلىق

ئۆركۈن — تەخت

ئۆرىتە ـ — قوزغىماق، تۇرغۇزماق

ئۆك — سۆز ئورامىنى كۈچەيتكۈچى

ئۆگەنكىيە — كىچىك دەريا

ئۆمەك — ئويلاش، ياد ئېتىش

ئۆڭ — تۆڭ، رەڭ، شەكىل

ئۆڭدىلىكى ئالدىدىكى، ئىلگىرىدىكى
ئۆڭرەكى ئىلگىرىدىكى، بۇرۇنقى
ئۆڭى باشقا

## ئۈ

ئۈچۈنچ ئۈچىنچى
ئۈرلۈكسۈز ئۇراقسىز، ۋاقىتلىق
ئۈزلۈكسۈز ئۈزۈلدۈرمەي، توختاتماي
ئۈس- (~ئۈز-) ئۈزمەك، بۇزماق
ئۈكس ئالد، هۇزۇر
ئۈكۈش كۆپ، نۇرغۇن، جىق
ئۈلگۈسۈز هېسابسىز

## ئى (٢)

ئىد- ئەۋەتمەك، چاچماق
ئىدۇق مۇقەددەس
ئىسرقا راۋاق
ئىناز- ئىشەنمەك، ئېتىقاد قىلماق
ئىنچا مۇنداق

## ئى

ئىچتىن ئىچىدىن، ئىچىدە، ئىچىدىكى
ئىدەك زادى، هەرگىز
ئىدى زادى، هەرگىز، قەتئى
ئىدىز ئېگىز
ئىدىشلىگ ئېسىلغان، قادالغان
ئىدىگ بېزەك، زىننەت
ئىكىسىز ئىككىنسىز، ئىككىلىسى يوق

ئىدىگلىگ بېزەلگەن، زىننەتلەنگەن
ئىكىنتى ئىككىنچى
ئىگەسىز ئىگىسىز
ئىل ئەل، دۆلەت
ئىلىگ خان، پادىشاھ
ئىنىد- چۈشمەك
ئىنچىپ مۇنداق قىلىپ
ئىين ئەگىشىپ، بويىچە

## ي

ياپا پۈتكۈل، پۈتۈن
ياپشىن- چاقىنماق
ياپىرغاق يوپۇرماق
يادىل- يېيىلماق
ياراتىن- ئەمەل قىلماق، ئورۇندىماق
ياراشى مۇناسىپ، يېقىملىق
ياراغلىغ مۇناسىپ، يارايدىغان
ياغىز قوڭۇر
ياڭ خىل، شەكىل، ئۇسۇل
يالتىرىد- يالتىرىماق، يورۇماق
يالتىر- يالتىرىماق، پارلىماق
يانا يەنە
ياندۇرۇ قايتىدىن
ياندىنقى ياندىكى
يايقالماق چايقالماق، چايقىلىش
يايىلماق بېيىلماق
يرپ (~يارپ) جەزمەن، چوقۇم، قەتئىي
يرۇد-(~يارۇد-) يورۇتماق
يرۇق(~يارۇق) يورۇق، نۇرلۇق
يگىرمىرەر يىگىرمىچە
يرلىقا-(~يارلىقا-) ① يارلىق قىلماق
② يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەر تۆ-

ۋەندىكىلەرگە سۆز قىلغانلىـ
قىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىـ
دىغان ياردەمچى پېئىل.

| | |
|---|---|
| يە | ھەم، يەنە، تېخى |
| يورد ـ | يۈرمەك |
| يورىغ | قىلمىش، ھەرىكەت |
| يۈل (yuul) | بۇلاق، كۆل |
| يۈمدار ـ | يىغماق، ئومۇملاشتۇرماق |
| يۈزەر | يۈزچە |
| يۈكۈن ـ | يۈكۈنمەك، باش ئۇرماق |

| | |
|---|---|
| يىغۋى | قوپال، يۈزە |
| يىڭاق | تەرەپ |
| يىتى | يەتتە |
| يىتىنچ | يەتتىنچى |
| يىتىنچسىز | يەتكۈسىز، |
| يىر | يەر، يەر شارى |
| يىرتىنچۇ | دۇنيا |
| يىگ | ① ياخشى ② خام، يۇمران |
| يىنتەم | دائىم، پەقەت، بىردىن بىر |
| يىنچۇ | ئۈنچە، مەرۋايىت |
| يىنچۈر | چوقۇنماق |

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاخبارات نەشرىيات مەھكىمىسى بۇ يىل 9 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە ژۇرناللار كۆرگەزمىسى ئېچىشنى قارار قىلدى

تەھرىر بۆلۈمىمىز خەۋىرى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاخبارات نەشرىيات مەھكىمىسى بۇ يىل 9 ـ ئايدا، بېيجىڭدا مەملىكەت بويىچە ژۇرناللار كۆرگەزمىسى ئېچىشنى قارار قىلدى. بۇ قېتىمقى ژۇرناللار كۆرگەزمىسى مەملىكىتىمىزدە ئېچىلغان تۇنجى قېتىملىق كۆرگەزمە پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ژۇرنالىستلىق خىزمىتىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان ژۇرناللارغا قويۇلىدىغان تەلەپ تۆۋەندىكىچە:

1. بۇ كۆرگەزمىگە مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرىغا ئىگە، ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ھەرقانداق تۈردىكى ژۇرناللار قاتناشتۇرۇلىدۇ. بۇ قېتىمقى قىسقارتىش، تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا قالدۇرۇلغان، توختىتىلغان ژۇرناللار قاتناشتۇرۇلمايدۇ. بىرلەشتۈرۈۋېتىش قارار قىلىنغان ژۇرناللار بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى سانىنى قاتناشتۇرسا بولىدۇ.

2. كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان ژۇرناللار 1990 ـ يىلى نەشر قىلىنغان (يىللىق توپلامدىن باشقا) بولۇشى كېرەك. ھەربىر خىل ژۇرنالدىن ئىككىدىن ئۈچ سانغىچە، ھەربىر ساندىن ئىككى پارچىدىن ئەۋەتسە بولىدۇ.

3. كۆرگەزمىگە ئەۋەتىلىدىغان ژۇرناللارنى ئەستايىدىل تاللاپ چىقىش لازىم، مەزمۇن جەھەتتە سىياسىي، ئىلمىي خاتالىقلاردىن خالىي بولۇشى، تۈپلەش، لايىھەلەش تېخنىكىسى ۋە باسما سۈپىتى ئىنتايىن ياخشى بولۇشى كېرەك.

# نەسىمى غەزەللىرىدىن

سەئىد ئىمادىددىن نەسىمى مىلادىنىڭ تەخمىنەن 1369 — 1370 - يىللىرى ئارىلى-
قىدا ئەزەربەيجاننىڭ شەماھى شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ مەدرىسىلەردە ئەينى دە-
ۋرنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرى ۋە مۇتەپەككۇر شائىرلىرىنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ، ئۆز زامانى
بويىچە يۇقىرى مەلۇمات ھاسىل قىلغان ۋە ئۆزىگە خاس پەلسەپىۋى قاراشقا ئىگە ئىس-
تېداتلىق شائىر بولۇپ يېتىشكەن. ئۇنىڭ ئىنسانىي ھۆرلۈكنى، پاك - سەممىيلىكنى، ھە-
قىقەت، ئادالەتنى كۈيلەپ، خەلقنى ھايات گۈزەللىكلىرى ۋە بەخت - سائادەتلىرىدىن بەھ-
رىمەن بولۇشقا چاقىرغۇچى ئوتلۇق مىسرالىرى ۋە زامان رەزىللىكلىرىگە ئاشكارا جەڭ
ئېلان قىلغۇچى ئۆتكۈر سىياسىي لىرىكىلىرى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. ئۇنىڭ شېئىر-
لىرى، تارىلىپ بارغانلا يەردە خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولسا، رىئاكسى-
ئون ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ غالجىرانە قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. شا-
ئىرنىڭ ھاياتى زوراۋان تەبىقىلەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇ ئۆز ۋەتىنىنى تەرك
ئېتىپ، باغداتقا كەلگەن. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىراق، تۈركىيە، شام قاتارلىق ئەل-
لەردە سەرسان بولۇپ يۈرۈپ پاناھلانغان. نەسىمى ھەلەب شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا
مىسىر سۇلتانى مۇئەييىدنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ، 1417 - يىلى پاجىئە-
لىك ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن.

ئۆز ئۆمرىنىڭ نەۋباھار پەسلىنى ئىنسانىيەت باھارىنى كۈيلەشكە بېغىشلىغان بۇ ئوت
يۈرەك شائىر گەرچە ياشلىق دەۋرىدىلا دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز خوشلاشقان بولسىمۇ، لې-
كىن ئۇنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنغا، باي پەلسەپىۋى پىكىرگە ۋە يۇقىرى بەدىئىي سەنئەتكە
ئىگە گۈزەل شېئىرلىرى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى خەلق بىلەن بىللە ياشاپ كەلدى. ئۇنىڭ
ئەسەرلىرى ئەزەربەيجان ئەدەبىياتىغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىيا-
تى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغىمۇ خېلى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلۇغ مۇتە-
پەككۇر شائىرلاردىن لۇتفى ۋە ئەلىشىر نەۋائىي نەسىمى ئەسەرلىرىنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭغا يۇ-
قىرى باھا بەرگەن. بىز نەسىمى شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۇنىڭ مەزمۇن ۋە ئۇسلۇب
جەھەتتىن كېيىنكىلەرگە ئۈرنەك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بۇ سانىمىزدا ئۆز-
بېكىستان پىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى خالىد رەسۇل تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان
«نەسىمى ئەسەرلىرى» ناملىق كىتابچىدىن بىر قىسىم غەزەللەرنى تاللاپ تونۇشتۇردۇق.

مۇھەررىردىن

ئەي خەستە كۆڭۈل، دەردىڭە دەرمان تەلەب ئەيلە،
گەر جان تىلەر ئېسەڭ، يارى جانان تەلەب ئەيلە.
چۇن خىزر ھەياتى ـ ئەبەدىي بولماق تىلەرسەن،
جان تەندە ئىكەن، چەشمەئى ھەيۋان تەلەب ئەيلە.
ئەي بۇلبۇلى قۇدسى، نە گىرىفتارى قەفەسسەن،
سىندىر قەفەسىن، تازە گۇلىستان تەلەب ئەيلە.
تەھقىق خەبەردۇر بۇكى، «ئەلجىنسى مىنەلجىنس»،
زىنھار كەل، ئەي ئادەمى، ئىنسان تەلەب ئەيلە.
دىۋ ئىلە مۇساھىب ئولەلىك دىنە خەتادۇر،
ئىنسانە ئەرش، سۇھبەتى رەھمان تەلەب ئەيلە.
گەر بەندەئى تالىبسەنۇ مەتلۇب تىلەرسەن،
فەرمانە بويىن سۇن، ئۇلۇغ سۇلتان تەلەب ئەيلە.
ئەركانىسىز ئۇلەنلەرە رەفىق ئولمە، نەسىمىي،
يول ئەھلى، كۆزەت، سەن ئەدەب ـ ئەركان تەلەب ئەيلە.

* *

ھەبىبا، فۇرقەتىڭ سالدى مەلالە،
كەباب ئولدى يۈرەكىم، ھەمچۇ لالە.
نەسىب ئولمىش ماڭا ھەقدىن، نىگارا،
دىلىمدە كېچە ـ كۈندۈز ئاھۇ نالە.
قاشىڭ مېھرابىنە قىلدىم سۇجۇدى،
ۋەلې، مۇنكىر ئولەن تۈشدى زەلالە.
رەقىبىڭ ئولماسۇن مەقسۇدى ھاسىل،
ئەلىفدەك قەددىمى ئول سالدى دالە.
بويىڭ تۇبا، لەبىڭدۇر ئابى كەۋسەر،
يۈزىڭ تەئنە قىلار شەمسۇ ھىلالە.
مەن ئولغەۋۋاس تاغىن جان تەركىن ئەتدىم،
سېنىڭ چېھرىڭدەكى ئول خەتتۇ خالە.
يەر ئىلە كۆك بىنا ئولمەسدىن ئەۋۋەل،
نەسىمىي ئاشىق ئەردى ئول جەمالە.

* *

بەھار ئولدى، كەل ئەي دىلبەر، تەماشە قىل بۇ گۇلزارە،
بۇراقدى غۇنچەلەر پەردە بەشارەت بۇلبۇلى زارە.
شەقايىق پەردەدىن چىقدى، بۇياندى باغ ئىلە بوستان،
ئېرىشدى گۇلشەنى ھۇسنىڭ، بۇياندى رەڭگى ئەزھارە.
مېنى مەنئ ئەتمە، ئەي زاھىد، قۇۋانمە زىكرە، ئەي سۇفى،
كى سەن مەغرۇرسەن زىكرە، مەنەم مۇشتاقى دىدارە.
كى ھەر بەلھۇم ئەزەل بىلمەس، نەدۇركىم ئىشقىنىڭ ئەھۋالى،
ئېرىشمەس قاسىرىن ئەقلى بۇ مۇغلەق سىررى ئەسرارە.
ئەبرۇ مۇشكى ئەنبەردەك رەياھىندىن چەمەن تولدى،
سېھىردە تەن ئېتەر ساچىڭ نەسىمي مۇشكى تاتارە.
كى چىقدى غۇنچەدىن سۇنبۇل، گېرىبان چاك ئېتەر مەندەك،
تىلىندى غۇسسەدىن باغرىم، سەن ئەتمە يۈرەكىم يارە.

چەمەنلەر مۇستەلىق ئولدى ھەزار ئەلۋان چىچەكلەردىن،
ئاچىلدى لالەيۇ نەسرىن، شۇكۇفە كەلدى ئاشكارە.
ئاچىلدى نەرگىزۇ لالە، تۇتۇبدۇر ياسۇمەن چادىر،
سۆيۇدلەر، ئەرغوۋان تىترەر، قامشىلەر مىندى ئەنھارە.
بىنەفشە، گۇل تەماشاسى غەنىمەت بىلكى، بەش كۇندۇر،
ساتۇر مەئشۇقە گۇل ھۇسنىن، خەرىدار ئول بۇ بازارە.
ياقىلدى جانىنە جانى، دىلى ئىيسا نەسىمىنىڭ،
ۋىسالى دەردىنە دەرمان ئېرىشدى جانى بىمارە.

* *

جەمالىڭنى كۆرەن، دىلبەر، بولۇر سەرمەستۇ ئەۋۋارە،
كۆزىڭگە كىم نەزەر قىلسە، فەراكەندە ئولۇر يارە.
لەبى لەئلىڭ نە شەربەتدۇر، نەباتنى مات ئېتۇر قەندى،
مۇئەييەن ئابى ھەيۋاندۇر، بولۇر زۇلمەتدە ئاشكارە.
يۈزىڭدىن ئالسە ئەل بۇرقەئ قوياش يۈز كۆرسەتۇر خەلقە،
كۆڭۇل شادان ئولۇر، خۇررەم، جەھان غەرق ئولۇر ئازارە.
نە سىپھر ئەفسۇن ئېتەر ئافەتكى، بەرمەس ئاشىقە راھەت،
كىمەكىم، قىلسە ئول ھۇرمەت، تۇشەر فەرياد ئىلە زارە.
خالىڭ، زۇلفىڭ، قاشىڭ، غەمزەڭ ئەجەب فەتتاندۇر، ئەي دىلبەر،
كىم ھەركىم تۇشسە چەڭگىگە، قىلالماس دەردىگە چارە.
زىھى ئاشقكى قويمىشدۇر يولىڭدە باش ئىلە جانىنى،
مۇقەييەد بولمەس ئول ھەرگىز بۇ يولدە نامۇسۇ ئارە.
لەسىمىي زىكر ئېتەر، سۆيلەر جەمالىڭ ۋەسفىنى يا رەب،
تۇنۇ كۇن فىكر ئېتىلمىشدۇر كىرىشماقچۇن يانە كارە.

* *

رەھمەتى كەلدى ئېرىشدى فەزلى رەھمانىنىڭ يەنە،
چىچەكى ئاچىلدى، كۇلدى شول گۇلىستانىنىڭ يەنە.
كۆڭلىمىڭ ئەھۋالىنى، كەلدى كەرەمدىن سوردى يار،
ئاۋنى ئېردى دەردە يانگەن جانگە دەرمانىنىڭ يەنە.
كەلدى رۇھئەفزا لەبىندىن سۇۋسەمىش جانگە سەلام،
خىزرە ئىنئامى ئېرىشدى ئابى ھەيۋانىنىڭ يەنە.
فۇرقەتىڭ دەۋرانى كەچدى، كەلدى، ئەييامى ۋىسال،
مۇددەئى دەۋرى تۇگەندى- ئاچچى ھىجرانىنىڭ يەنە.
گۇل كۆتەردى پەردە، يۈزىڭدىن ئاچىلدى نەۋ بەھار،
رەۋنەقى كەلدى، تىرىلدى باغۇ بوستانىنىڭ يەنە.

زۇلمەتىددىن لەيلەتۇل ـ ھەجرىڭ ماڭا ئايرۇ نەغەم،
نۇرى چۇن تۇشدى ماڭا شول ماھى تابانىڭ يەنە.
زۇلفىنىڭ ئەقدىنىددىن ئىستە دىلبەرىڭ بۇيى ۋەفا،
ئەنبەرى يايىلدى شول زۇلفى پەرىشانىڭ يەنە.
باشىمە قۇتلۇ ئاياغىن، كەلدى، باسدى ئول نىگار،
كۆلكەسى تۇشدى ماڭا سەرۋى خىرامانىڭ يەنە.
ئەھدى پەيمانىگدىن، ئەي يار، ئىستەدى جان ئەل يۇماق،
قويمەدى مىھرىڭ ۋەفاسى ئەھدۇ پەيمانىڭ يەنە.
ئەي قەمەر، ئەينىڭ بەلا، يەتمەسمەدى ئالەمدەكىم،
فىتنە ئولدى ھەلقەئى زۇلفى ئەنبەر ئەفشانىڭ يەنە.
چۇن نەسىمىينىڭ سۇۋسەمىش قانىنە يارىنىڭ لەبى،
تولدى، ئەي مۇنكىر، ساڭاكىم قايىنادى قانىڭ يەنە.

* *

سەن سانە گەر يار ئىبسەڭ، بار، ئەي كۆڭۈل، يار ئىستەمە،
يارۇ دىلدار ئول ماڭا، سەن يارۇ دىلدار ئىستەمە.
بىۋەفادۇر چۇن بۇ ئالەم، كىمدىن ئىستەرسەن ۋەفا،
بىۋەفا ئالەمدە سەن يارى ۋەفادار ئىستەمە.
گۇل بولالماس بۇ تىكەنلى دۇنيانىڭ باغىندا چۇن،
ئەيسەم ئول، بىھۇدە گۇلسىز يەردە گۇلزار ئىستەمە.
مەئرىفەتدۇر خالىس ئالتۇن تەمغەسى فەزلۇ ھۇنەر،
ئالتىنى تانى دەغەلدىن، ئارى دىنار ئىستەمە.
خەلقە مۇنكىردۇر فەقىھ، ئىنانمە ئول شەيتانگەكىم،
يوقدۇر ئول جىن خىلقەتىن زاتىندە ئىقرار، ئىستەمە.
توغرى سۆزلىك، ئەي كۆڭۈل، ھەقگويلەر نۇتقىدەدۇر،
ھەر دىلى ئەگرىدە يوقدۇر، ئارى، گۇفتار ئىستەمە.
بۇ ئۆلۈمتىك دۇنيانىڭ تالىبلەرى نامى كىلاب،
بولمە ئىت، ئانىڭكى، بولدى نامى مۇردار ئىستەمە.
شەربەتى ئاغۇلدۇر فانى جەھانىنىڭ، سەن ئانىڭ،
شەربەتىندىن نۇشدارۇ كۇتمە زىنھار، ئىستەمە.
دۇنيانىڭ سەۋگىسى ئاغىر يۇك ئىمىش مەندىن ئىشىت،
نەفسگە يۇك ئەتمە ئانى، ئەي سەبۇكبار، ئىستەمە.
ئىستەگەن مۇردارنى قۇزغۇن مۇدام، ئەي تۇرفە قۇش،
خىزىردەك شەھبازى بولگىل، داغى مۇردار ئىستەمە.
بىر ئەمىن مەھرەم بولالماس، ئەي نەسىمي چۇن بۇ كۇن،
خەلققە فاش ئەتمە بۇ سىرنى، كەشفى ئەسرار ئىستەمە.

* *

قويمه يۈزىڭنى نىقاب ئىچىندە،
رەڧ ئولدى ئادەم ھىجاب ئىچىندە.
داغىتمە ياناغىڭ ئۈزرە زۇلفىڭ،
نەيلەر بۇ قۇياش سەھاب ئىچىندە.
كۆردۈم سىنى ھەم فەلەكدە يۇلدۇز،
بىلدىم سىنى بۇ كىتاب ئىچىندە.
ۋەسلىڭ بۇ فەسلدە قولگە كىردى،
مىسلىڭمى بار ئۇشبۇ باب ئىچىندە؟
مۇشكىن ساچىڭگە سۇجۇد قىلدىم،
مۇسا كەبى شول تەناپ ئىچىندە.
جادۇ كۆزۈڭ ئۇيقۇدەن ئويياندى،
فىتنە قىلۇر ئول بۇ خاب ئىچىندە.
مەن چەڭ كەبى ئىككى قەت ئولۇپ،
نەۋھە قىلۇرەم رۇباب ئىچىندە.
گەھ ئىشقىڭ ئىلە كۆزىم تولە جام،
تەرقىق ئىتەرەم شەراب ئىچىندە.
گاھ دەم كەبى دەم ئولۇر يانۇرمەن،
پىشار جىگەرىم كەباب ئىچىندە.
تەئرىنى ئىتەرەمكى، سەنسەن ئەئراف،
ئۇرفىڭ تانىدىم ھىجاب ئىچىندە.
ھەركىم ساڭا مۇنكىر ئولدى، ئەي جانە
قالدى ئەبەدىي ئەزاب ئىچىندە.

* *

بەرگى نەسرىن ئۈزرە مۇشكىن زۇلفىڭى دام ئەيلەمە،
ئاشىقى ئاشۇفتەنى بىسەبرۇ ئارام ئەيلەمەك!
شول مۇغۇلچىن كۆزلەرىڭگە چۇن مىنى سەيد ئەيلەدىڭ،
بەغرىمى جەۋرىڭلە پۇرخۇن، ئەي، دىلئارام، ئەيلەمە!
كىمسە چۇن يارىن ۋىسالىن بىلمەدى تامات ئىلە،
ئەبسەم، ئەي خىلۋەتنشىن، ئەندىشەئى خام ئەيلەمە.
ئاشىقى سادىق تۇزاغىڭ قۇشى، ئەي زاھىد ئەمەس،
دانە تىزمە تەسبەھى سەججادەئى دام ئەيلەمە.
زۇلفۇ رۇخسارىدۇر ئانىڭ زىكرىم ئۇش ھەر سۇبھۇ شام؛
زىكرىسىز ھەرگىز، ئىلاھا، سۇبھىمى شام ئەيلەمە!
ۋەئدە چۇن بەرمىش بىزە ھەق سەلسەبىلى ھۇرى ئەين،
قويمە قولدىن شاھىدى، تەركى مەيى جام ئەيلەمە!
چۇن نەسىمىنىڭ مۇرادى سەنسەن، ئەي ئارامى جان،
خەلق ئىچىندە ئانى دۇشمەن كامۇ بەدكام ئەيلەمە!

* *

تۇشمىش مۇئەنبەر سۇنبۇلىڭ خۇرشىدى تابان ئۈستىنە،
شول رەسمدلە مۇشكىن خالىڭ گۇلبەرگى خەندان ئۈستىنە.
كۆڭلىمى ۋەيران ئەيلەدىم، مىھرىڭ يېرىنى جان ئەيلەدىم،
ئىشقىڭ مەنە شان ئەيلەدىم، تۇشدى غەمىڭ جان ئۈستىنە.
دەردىمۇ مىھنەت ئاشىقە دەرمان ئىتەر، بار، ئەي ھەكىم،
ھەردەم ماڭا بىر دەرد ئىلەن ئاتتىرمە دەرمان ئۈستىنە.
رۇخسارىڭ ئۈزرە زۇلفىڭى ھەركىمسەكىم كۆردى، دېدى،

كۇفرى سىياھدۇر سانەسەن، داغىتمىش ئىمان ئۈستىنە.
ياقۇتى رەيھاندۇر خەتىڭ، ئەي قۇتى جان لەئلى لەبىڭ،
شول رەسم تۈشمىشدۇر خىزىر ئول ئابى ھەيۋان ئۈستىنە.
نۇرى تەجەللى سىررىنى يۈزىڭدە كۆردى كۆزلەرىم،
كۆركىم نە سۇرەت باغلامىش بۇ چەشمى گىريان ئۈستىنە.
ئىشقىڭدىن، ئەي ئارامى جان، گەرچە نەسىمىي خاك ئولۇر،
تۇرمىش سىنىڭلە تائەبەد شول ئەھدۇ پەيمان ئۈستىنە.

*     *

كەلگىلكى، مۇشتاق بولمىشەم شىرىن لەبىڭ گۇلقەندىنە،
كەلگىل، لەبىڭ قەندىن ئىلىتكۇل ئانلەرىڭ كۇل قەندىنە.
ھەرقايدەكىم شەرھ ئەيلەيەم شىرىن دوداغىڭ قەندىنى،
رۇھلەر قانۇر تۇتى كەبى ئول لەئلى شەككەر خەندىنە.
شەھلا كۆزىڭ مەنددىن كۆڭۈل ئايدىيۇ ئانت ئىچەركى بۇ،
بولسۇن كەفارەت جانۇدىل ئول گەرچەگىڭ سەۋگەندىنە.
مۇشكىن ساچىڭ بەنددىن مىنى كەسدىيۇ پەيۋەند ئەيلەدى،
تەھسىن ئانىڭ كەسكەنىگە، رەھمەت ئانىڭ پەيۋەندىنە.
زۇلفىلە قاشى قارەدۇر سەرۋى خىرامان دىلبەرىڭ،
قاشلەرىگە قۇربان ئولەم يا تۇررەئى دىل بەندىنە.
ئەي ۋائىز، ئەبسەم ئول، ماڭا تائەتىگى پىش ئەيلەمە،
مەن ئاشىق ئولدىم، كىرمەگۇم ھەرقىسسەخانىڭ پەندىنە.
ئەي ئىشقنى ئىنكار ئەيلەيەن، چۇنۇ چەراۋۇ چەندنى قوي،
ئىچۇن تۈشەرسەن ئاشقىڭ چۇنۇ چەراۋۇ چەندىنە.
زۇلفى كەمەندىندىن كۆڭۈل قۇتۇلماس ئايرۇ، شويلە بىل،
سەۋداسىگە بەل باغلەمىش، ھەم كۆز قارارتمىش بەندىنە.
چۇن شەھرىيارىڭ شەھرىنە بۇكۇن نەسىمىدۇر مەلىك،
بۇيرۇق ئانىڭدۇر، ھۇكم ئانىڭ ھەم شەھرىنە، ھەم كەندىنە.

*     *

شەنبە كۈنى مەن ئۇچرادىم ئول سەرۋى رەۋانە،
شەيدا قىلىبان سالدى مىنى جۇملە جەھانە.
يەكشەنبە كۈنى مەجنۇن ئولۇپ، ھەيرانى ئولدىم،
كۆردىم يۈزىن، ئوخشەتدىم ئانى ماھى تابانە.
دۇشەنبە كۈلى رازى دىلىمنى دىبدىم ئاخىر،
ئول كۆزلەرى نەرگىز، ئۆزى گۇل، قاشى كەمانە.
سىشەنبە كۈنى سەيياد ئولىپ، سەيرانە چىقدىم،

مەن سەيد ئولبان، قۇربان ئولەم پىستە دەھانە.
چارشەنبە كۈنى يار كېزە كەلدى چەمەن ئىچرە،
بۇلبۇل دەخى كۆردى يۈزىنى، تۈشدى فىغانە.
پەنجشەنبە كۈنى يارە دېدىم، پەندىم ئىشتىگىل،
فاش ئەتمە بۇرازى دىلىمى ياخشى-يامانە.
ئازىنە كۈنى كۆردى جەمالىنى نەسىمى،
ئىچدى لەبى لەئلىن شەكەرىن ئولقانە-قانە.

* *

ئەجەب لەئلىڭمى شول، يا جانى ئەھباب؟
مەنىم بەختىمىدۇر، يا چەشمى پۇر خاب؟
ئەجەب زۇلفىڭمى، يا زەنجىرى پۇرتاب؟
كۆزىمدىن ئاققان، ئەي دىلبەر، غەمىڭدىن،
ئەجەب يۈزىڭمى شول، ياخىرمەنى گۈل،
ئەجەب خۇنابەمى، يا ئەشكى ئۈنناب؟
ئەجەب تىشىڭمى شول، يا لۇئلۇئى ناب؟
ئەجەب قەددىڭمى شول، يا سەرۋى بوستان،
ئەجەب ئەيىنىڭمى شول، يا سېھرى بابىل،
ئەجەب خەتتىڭمى شول، يا ۋەردى سىيراب؟
ئەجەب قاشىڭمى شول، يا تاقى مېھراب؟
نەسىمىنىڭ كۆزى يارىڭ غەمىدىن،
ئەجەب شول مەستى سەۋدايى موغۇلچىن،
دۇرىڭ دۇرجىمىدۇر، يا بەھرى سىيماب؟

* *

بەھار ئولدىيۇ ئاچىلدى يۈزىڭدىن پەردە گۈلزارىڭ،
يېتىشدى غۇنچەنىڭ دەۋرى، زەمانى قالمەدى خارىڭ،
گۈلىستان تۇرى قۇدس ئولدى، بەھارىڭ نۇرى نارىندىن،
كەل، ئەي مۇسا، كۆر ئاسارىن شەكەردە نۇر ئىلە نارىڭ.
فەرەھدىن غۇنچەنىڭ گۈلگۈن ياناغى كۈلدى، ئاچىلدى،
كى مەنزۇرى يانە گۈلدۇر چەمەندە بۇلبۇلى زارىڭ.
چېچەكلەر مۇختەلىف ئەلۋان، نە مەئنىدۇر ئانى بىلكىم،
بوياقچى بەرمىش چۈنكىم بۇ ئەنۋارىڭ، بۇ ئەزھارىڭ.
ئەبىرىندىن چەمەن، كۆركىم، نەدەپ ئافاقە كەلتۇرمىش،
كىم ئولمىش بۇيى ئەترىندىن مەشامى تازە ئەتتارىڭ.
نە ئەنبەردۇر تۇتەن يا رەب، شەقايىق مەجمەرىندىنكىم،
كى بۇيىندىن ئانىڭ قەدرى ساچىلمىش مۇشكى تاتارىڭ.
كەل، ئەي سىيمىن بەدەن ساقى، ماڭا سۇن جامى سەھبايى،
كى كەلدى رەۋنەقى گۈلگۈن دېمەي گۈلرەڭگى خۇمارىڭ.
ئەگەرچە سۇمبۇلۇ نەرگىس بەيانى «كۇنتۇ كەنز» ئېيلەر،
قاچان «بەلھەم ئەزەل» بىلسۇن ئىشاراتىن بۇ ئەسرارىڭ؟
بۇ كۈن گەر ئالەمۇل-غەيبىنىڭ ۋۇجۇدىن كۆرمەك ئىستەرسەن،
رەياھىن ئۈش بەيان ئەيلەر زۇھۇرىن چەرخى سەييارىڭ.

بۇ مۇسقىدىن، ئەي ساقىي، ساقىي گەر نەرسە كەشق ئولدى،
مەقاماتىنىڭ بەيان ئەيلە، ئۇسۇلىن كۆرسەت ئەدۋارىنىڭ.
ئەگەر سەۋسەن كەبى ئەبكەم ئەمەسسەن، نۇتقە كەل، سۆيلە،
بۇ ھەرفۇ نۇقتە تەركىبى نە يەردىندۇر بۇ گۇفتارىنىڭ.
جەھان جەنناتى ئەدن ئولمىش ئانىڭ سەھنىندە ھۇرلەر،
بىزەنمىش ھۇللەدىن بوستان، كۆزى ئاچىلمىش ئەشجارىنىڭ.
بۇ كۇن بازار ئىتەر گۇلشەن سۇمەندىن، لالەۋۇ گۇلدىن،
غەنىمەت كۆركى، بەش كۇندۇر تەماشاسى بۇ بازارىنىڭ.
نەسىمىنىڭ سۆزى گەرچە دەمى ئىسادۇر، ئەي مۇنكىر،
ساقىي كار ئەيلەمەس نىچۇنكى، يوقدۇر ھەققە ئىقرارىنىڭ.

*   *

كۆرۈشكەندىن بىرى، دىلبەر جەمالىنىڭ،
كۆزىمدىن كەتمەدى بىرلەھزە خالىنىڭ.
نەچە ۋەسفىئەيلەسەمسىنى مەن، ئەي دوست،
نە كەلدى، نە كېلۇۋچىدۇر مىسالىنىڭ.
يۈزىڭ گۇلدۇر، لەبىڭ مۇلدۇر، تىشىڭ دۇر،
بىنەفشە، لالە ئىلە خەتتۇ خالىنىڭ.
قەدىڭ تۇبا، لەبىڭ كەۋسەر، نەجا نىسەن،
كى يەكتۇرۇر بىزە جاندەن ۋىسالىنىڭ.
نەسىمىنىڭ مۇرادى بۇ جەھاندە،
ھەمىن ئۇشە جەمالىڭدۇر، جەمالىنىڭ.

*   *

بۇ نە ئادەتدۇر، ئەي تۈركى پەرىزاد،
غەمىڭدىن ئولمادىم بىرلەھزە ئازاد.
سىياھ دىل كۆزلەرىڭ قان تۆكمەك ئۈچۈن،
چېكىپدۇر تىغىنى مانەندى جەللاد.
رەۋامى كۆڭلۇمىڭ شەھرىندە سەندىن،
فىراغۇ غۇسسەيۇ غەم تۇتدى بۇنياد.
بۇ بىدادى ماڭا ئىشقىڭ قىلىپدۇر،
جەھاندە قىلمادى نەمرۇدۇ شەدداد.
كەل، ئەي شىرىن دەھەن، ئىشقىڭ يولىندە،
مەنەم ئۇ كوھكەن، بىچارە فەرھاد.
نەزەرقىل، كەل، بۇ ۋەيران كۆڭلىمە، شاھ،
قىلۇر سۇلتان ئولەن ۋەيراننى ئاباد!
ياخشى ئات قالدىرگىن فانى جەھاندە،
ئۇلۇغلەردىن جەھاندە قالدى بىر ئات.
نەسىمىنىڭ كەلامىندىن ئىشىتگىل،
ۋەفاسىزدۇر جەھان، سەن قىلمە بىداد.

*   *

ھەسرەت ياشى ھەرلەھزە قىلۇر بەزمىمىزى ساز،
بۇ پەردەدە بىر يار بىزە ئولمەدى دەمساز.
«ئۇششاق» مەيىندىن قىلەكۆر ئىشرەتى «نەۋرۇز»،
تا «راست» كېلە «جەڭگى» «ھۇسەينىي» دە سەرئاۋاز.
بەر «چارگاھى» لۇتف قىلە ھۇسنى «بۇزۇرگى»،
«كىچىك» دەھانىندىن بىزە، ئەي دىلبەرى «شەھناز».
«زەڭگۇلە» سىفەت نالە قىلەم زارى «سىگاھە»،

چۇن ئەزەمى «ھىجاز» ئەيلەسە مەھبۇبى خۇش ئاۋاز،
ئاھەڭگى «ىسفەھان» قىلۇر ئول ئەيى «ئىراق»،
«رەھاۋى» يولىندە يالە جانىم قىلۇر پەرۋاز،
چۇن شۇئۇرگە كېلىپ ئىشق سۆزىن دېرسە ئەسىمى،
زەۋقىندىن ئانىڭ جۇشكە كېلۇر سەئدىئى شىراز،

*　　*

ئەي، ئەزەلى جان ئىلە جانانىمىز،
ئىشقى رۇخىڭدۇر ئەبەدى شانىمىز!
كەئبە يۈزىندە بىزە، ئەي فەزلى ھەق،
زۇلفۇ رۇخىڭ قىبلەۋۇ ئىمانىمىز.
پەردە يۈزىڭدىن كۆتەر، ئەي سۇرەتىڭ
ئەرشى ئىلاھى ئىلە قۇرئانىمىز!
ئىگىنىمە سەنسىز تىكەن ئولدى جەھان،
قايدەسەن، ئەي، تازە گۇلستانىمىز.
جان نېچە تەرك ئەيلەسىن، ئەي جان، سېنى،
چۇنكى جانىڭ جانىسەن، ئەي، جانىمىز!
كىمكى سۇجۇد ئەيلەمەدى ھۇسنىڭە،
دېۋى لەئىن ئولدىيۇ شەيتانىمىز.

مۇئمىنە ھەق دۇنيانى زىندان دېدى،
مۇئمىنە كۆپ قالمەگەي زىندانىمىز.
ھۇدھۇدى بىلقىسگە رەسۇل ئەيلەدى،
نامەنى يوللەدى سۇلەيمانىمىز.
ۋەجھىنە يازدى ئوتتۇز ئىككى ھۇرۇف،
ھېكمەت ئىلە مۇنىشئى ئەركانىمىز.
كۆنمەدى ئارىف سۆزىگە ۋائىزىڭ،
دېۋە مۇتېئ ئولمەدى ئىنسانىمىز.
تا بىلەسەنكى نە ئېمىش، ئەي فەقىھ،
ئادەمى خاكى ئىلە ئېھسانىمىز.
جەۋر ئىلە ياندۇردى نەسىمى تېنى،
بۇ ئىدىمۇ دوست ئىلە پەيمانىمىز؟

*　　*

فۇرقەتىڭ دەردى، نىگارا، باغرىمى قان ئەيلەدى،
روزىگار ئولدى مۇخالىف ۋەسلى ھىجران ئەيلەدى.
جانىمى يەئنى ۋىسالىڭ مەندىن ئايىردى فەلەك،
كەل، بۇ جانسىز ئاشىقى كۆركىم، نە بىجان ئەيلەدى.
باغرىمىڭ قانىن كۆزىمدىن ئاقىزەر ھەردەم غەمىڭ،
ئەي سەنەم، كۆركىم مېنى شەۋقىڭ نە گىريان ئەيلەدى.
سەندىن ئايرۇ تۇشكەنىم تەقدىر ئىمىش، مەندىن ئەمەس،
ھەقدۇر، ئەي جان، ھەرنەكىم تەقدىرى يەزدان ئەيلەدى.
سىررى ئىشقىڭ گەنج ئىمىش ئانىڭ يېرى ۋەيرانەدۇر،
يىقدى ئىشقىڭ كۆڭلىمى ئول گەنجى ۋەيران ئەيلەدى.
جانىنى بەردى نەسىمى چۇن ساچىڭ زەنجىرىنە،
نېچۇن ئانىڭ مەسكەنىن زەنجىرۇ زىندان ئەيلەدى؟

*　　*

ئەي قىلەن دەئۋاكى شاھەم، ئەدلۇ ئىنسافىڭ قەنى؟
چۇن سەفا ئەھلىندىن ئولدىڭ، مەشرەبى سافىڭ قەنى؟

هەرقۇشنىڭ ئولماس سەئادەتلى هۇمادەك كۆلكەسى،
چۈنكى سىمۇرغەم دېيۇرسەن لامەكان قافىلىڭ قەنى؟
رەتب ئىلە يابىس نەكىم، بار ئادەمىڭ زاتىندەدۇر،
گەرسەن ئانىڭ نۇسخەسىسەن، رەتب ئىلە جافىلىڭ قەنى؟
ئەهلى ئۇرفانىنىڭ يىرى ئۇقبادە چۈن ئەئراف ئىمىش،
چۈن بۇ ئارىفلەردەن ئولدىڭ، ئۇرفۇ ئەئرافىلىڭ قەنى؟
مۇهتەسىب بازارگە كىردى، هەققى باتىلدىن چۆچىر،
قەلبىم ئاردىدۇر دېگەن، شول ئوغرى سەررافىلىڭ قەنى؟
باشىمى توپ ئەيلەبان مەيدانگە كىردىم، ئوينەرەم،
ئەي بۇ مەيداندىن قاچەن، شول ئۇردۇغىنىڭ لافىلىڭقەنى؟
لۇتف ئەگەر هەقدىن تىلەرسەن، كۆرسەت ئىهسان، لۇتف قىل،
لۇتفۇ ئىهسانىڭدىن ئۆنگەن يارگە ئەلتافىلىڭ قەنى؟
كافۇ نۇن ئەمرىندىن ئولدى كۆن ئىلە فەيەكۆن،
گەر بۇلەۋهنىڭ ئەبجەدىسەن، نۇن ئىلە كافىلىڭ قەنى؟
ئەي نەسىمي، شەش جىهەتدىن چۈن ئۇلاشدىڭ يار ئىلە،
بىجىهات ئولدى هۇدۇدىڭ، هەددۇ ئەترافىلىڭ قەنى؟

* *

هۇسنىڭ ۋەرەقى لىسانە كەلدى،
يەتمىش ئىككى تەرجىمانە كەلدى.
زۈلفىڭدەگى كافۇ نۇن نە سۆزدۇر،
كىم ئايەتى كۆن فەكانە كەلدى.
ئەي جەۋهەرى بىئەرز نە جانسەن؟
جىسمىڭ شەرەفى بۇ كانە كەلدى.
سورسەم سەنى خىزرمىسەن، ئەي جان،
ئاغزىڭ يىرى جاۋىدانە كەلدى.
بىر سەن كىبى گۈل گۈزەل يەگانە،
ئىشىتمەمىشەم جەهانە كەلدى.

سىڭدۇردى جىگەر قانىن بۇ چەشمە،
غەمزەڭ ئوقى چۈن نىشانە كەلدى.
ئەسرارى رۇمۇز ئىدى سىفاتىڭ،
بۇ مەنتىق ئىلە بەيانە كەلدى.
كىم دېدى ساڭاكى قاف قۇرئان،
سىمۇرغ ساڭا ئاشيانە كەلدى.
بۇ دەئۋىئى مۇنكىر ئولدى كافىر،
قەراردى يۈزى چۇ يانە كەلدى.
مەن ساڭا بەهاسىز ئولمىشەم قۇل،
بۇ غەملى قۇلە بەهانە كەلدى.

* *

دۇنيا قۇياشى، دۇنيادا ئىمانىم ئەفەندى،
ئالەملەر ئۇمىدى ماهى تابانىم ئەفەندى.
كۆڭلىم، كۆزىمىڭ نۇرى، ۋۇجۇدىمدە هەياتىم،
هەردەم تومۇرۇمدا يۈرۈگەن قانىم ئەفەندى.
جەننەت چەمەنىندە سالىنگەن قۇرى لەئىمىنىڭ،
گۈل رويىهالى سەرۋى خىرامانىم ئەفەندى.

گۇلنارىمۇ ناردم، چېچەكىم، مېۋەلى باغىم،
لالەم، سۇمەنىم، سۇنبۇلۇ رەيھانىم ئەفەندى.
باغىم، ئېرەمىم، رەۋزە ئىلە ھۇرى جىنانىم،
بۇلبۇل كۈچۈن، ئەي تازە گۇلستانىم ئەفەندى.
قانىم، گۆھەرىم، مەئدەنى ياقۇتى رەۋانىم،
قىيمەتلى ئولەن لەئلى بەدەخشانىم ئەفەندى.
ئىشقىڭدە نەسىمي چۇ قىلۇر جانىنى قۇربان،
قۇربانىڭە قۇربان ئولايىن جانىم ئەفەندى.

* *

باغرىمنى تىلۇر ناۋەكى ھىجرانى فەلانى،
قانىمنى تۆكۆر سىپھر ئىلە چەشمانى فەلانى.
باشدىن ئاياغىـە كۈللى ۋۇجۇدىم ئوتە ياندى،
يا رەب، يارەسە دەردىمە دەرمانى فەلانى.
شاھنىڭ قۇلىمەن ئەيلەمىشەم يۈز كەررە ئىقرار،
بەل باغلەمىشەم مەندە بەفەرمانى فەلانى.
سۇندىم ئەلىمى، دامەنىگە بەسكى تۇتىبدىم،
باغلەدى قاپۇ، قويمەدى دەربانى فەلانى.
بىللاھ، سەرۇ جان جۇملە بەشۇكرانە بىرەرىدىم،
گەر ئولسە ئىدىم بىر كېچە مېھمانى فەلانى.
ئەنبەر ساچىلۇر زۇلفىڭى گەر شانە قىلۇرسە،
شەككەر تۆكىلۇر ئەزلەبۇ دەندانى فەلانى.
بۇ شەھرى كۆيىپ تېزدە كېتەر خەستە نەسىمي،
بەد نامى جەھان ئولدى بەدەۋرانى فەلانى.

* *

فۇرقەتىڭدىن ياندى باغرىم، يۈرەكىم قان ئولدى، كەل،
كەلكى، دىيدارىڭ بۇ دەردى جانە دەرمان ئولدى، كەل.
دۇنيانىڭ نازۇ نەئىمى باغۇ بوستانى ماڭا،
سەنسىز، ئەي سۇلتانى خوبان، بەندى زىندان ئولدى كەل.
ئىستەدى لەئلىڭ فىراقى جانىمى ياقماق، ۋەلې،
ئىشقە يانمىش جانگە ۋەسلىڭ ئابى ھەيۋان ئولدى، كەل.
ئول كۈڭۈلكىم دائىما ئىشى سېنىڭلە ۋەسل ئىدى،
ياندى شەۋقىڭدىن ئەسىرى دەردى ھىجران ئولدى، كەل.
جانىمىڭ جانى ۋىسالىڭدۇر، ۋىسالىڭدىن ئانى،
تاكىم ئايىردى، فەلەك بىچارە بىجان ئولدى، كەل.

ئاشىقلىق باغى گۈلىستانى يۈزىڭ گۈلزارىدۇر،
قايسى گۈلزارىڭ ئاتى گۈلىسىز گۈلىستان ئولدى، كەل.
مۆئجىزاتىڭدىن يانائىڭ، مۆھكەماتىڭدىن ساچىڭ،
خارۇ خاشاكى جەھانىڭ دەردۇ رەيھان ئولدى، كەل.
ھەجر بىپايانە شەۋقىڭ جانىمى غەرق ئەيلەدى،
كۆر، نە بىداد ئەيلەدى ھەجرىڭ نە تۇفان ئولدى، كەل.
جەننەتىڭ سەھنىندە تۇبا ۋالەۋۇ ھەيرانۇ مەست،
قامەتىڭ ھۆسنىڭدىن، ئەي سەرۋى خىرامان ئولدى، كەل.
تا مېنى تەقدىرى يەزدان ئەيلەدى سەندىن جۇدا،
كۆڭلۈمىڭ ھالى پەرىشان، دىيدە گىريان ئولدى، كەل.
چۈن نەسىمى سەندىن ئايرۇ بىلگەنىم يوقدۇر ۋۇجۇد،
دەردۇ دەرمان ۋەسلۇ ھىجران، جۇملە يەكسان ئولدى، كەل،

* *

ئەي گۈلۈم، ئەي سۈنبۈلۈم، ئەي سەۋسەنىم، ئەي ئەنبەرىم،
ئەي مەنىم نۇقلىم يەنە خەببىم، نەۋاتۇ شەككەرىم.
ئەي تەبىبىم، ئەي ھەبىبىم ئەي جانىم، ئەي ھەمدەمىم،
ئەي رەفىقىم، ئەي شەفىقىم، ئەي بېگىم، ئەي دىلبەرىم.
ئەي بەھارىم، ئەي نىگارىم، ئەي شىكارىم، شاھىدىم،
ئەي ھەرىفىم، ئەي زەرىفىم، ئەي شەرىفىم سەرۋەرىم.
ئەي گۈلىستانىم، گۈلۈم سەرۋى گۈلئەندامىم مەنىم،
ساغەرىم، شەمئى شەبىستانىم، مەلائىك مەنزەرىم.
ئەي رەياھىن، راھىمۇ رۇھى رەۋانىم، لۇتفى ئىلە،
سەرفەرازىم، سەركەشىم، شوخۇ سەئادەت ئەختەرىم.
ئەي مەنىم خۇرشىدۇ ماھىم، ئەي چىراغىم، فايىزىم،
شوخ چەشىم، ئەلتافى شاھىم، ئەي مۇبارەك پەيكەرىم.
ئىشقىڭ ئالدى ئەقلۇ ھۇشۇم، كۆڭلۈمى يەغمالەدى،
سۆيلە ئاخىر ئەي نەسىمى، جانۇ دىلدىن، بىھتەرىم.

* *

يۈزىڭدە سۈرەتى رەھمانىنى كۆردۈم،
قاشىڭدە قاف ۋەل ـ قۇرئانىنى كۆردۈم.
ئوقىدىم دەرسى ھۆسنىڭ ئايەتىنى،
يەدى مۇسھەفدەكى فۇرقانىنى كۆردۈم.
مۇھەممەد ئۇممەتىدىن سەن يارالدىڭ،
سېنى گۆزەللەرىڭ سۇلتانى كۆردۈم.

خەلىلۇللاھ ئىلە ئىشقىڭ ئوتىندە،
چۇ ياندىم، گۈل كەبى رەيھانىنى كۆردۈم.
سەلامىم نۇھە يېتۇرسەن مەنىمكىم،
ئانىڭلە غەرق ئولىپ تۇفانىنى كۆردۈم.
رەۋادۇر خىزر ئىلە قالسام باقىكىم،
لەبىڭدە چەشمەئى ھەيۋانىنى كۆردۈم.

كىرىپ دەرياىى ئىشقە ھەسلى غەۋۋاس،
كى لەئلۇ گەۋھەرۇ ئۇدىمانىنى كۆردىم.
بىزىم مەقسۇدىمىز دىيدارىڭىزدۇر،
ئوقىدىم، دەفتەرۇ دىۋانىنى كۆردىم.

*

ئەگەرچە جاندەسەن، جاندىن نىھانسەن،
ئەمەسسەن جاندىن ئايرۇ، بەلكى جانسەن.
كىشى بەرمەس نىشان سەندىن ئەگەرچە،
يەرۇ كۆك توپ-تولا كۆللى نىشانسەن.
نىچە دەي ياشىرىن مەندىن سىنىكىم،
قەيانكىم، باقەمەن ئاندە ئەيانسەن.
خىجىل ئەيلەر رۇخىڭ ھۇسن ئىلە ئاينى،
مەگەرسەن فىتنەئى ئاخىر زەمانسەن.
ئەرەب نۇتقى تۇتىلمىشدۇر تىلىڭدىن،
سىنى كىمدۇر دىگەنكىم، تۈركمانسەن.

زىلەيخادەك بۇ كۆن دەردگە گىرىفتار،
ھەزاران يۇسۇفى كەنئانىنى كۆردىم.
نەسىمىدەك بۇكۆن ھەركىم بىرۇرجان،
ياقىندۇر گەر دىسە جانانىنى كۆردىم.

*

جانى تەرك ئەيلەدىم، بەزدىم جەھاندىن،
سىنى بىلدىمكى جان ئىلە جەھانسەن.
كۆرەن سەنسەن، كۆرىنگەنسەن كۆزىمدە،
نە بار سۆيلەمەسەڭ كۆللى لىسانسەن.
ھەقىقەت ۋەھيى مۇتلەقدۇر بۇ سۆزلەر،
بۇ سۆزنى بىلكىم ئاندىن تەرجىمانسەن.
ئىتەگىڭ سىلك، ئەلىڭ، بۇ كۆن فەكاندىن،
نە ئاخىر زۇبدەئى كەۋنۇ مەكانسەن.
نەسىمي چۇن بۇ كۆن دەۋران سىنىڭدۇر،
جەھاندە خۇسرەۋى ساھىب زەمانسەن.

*

*

مەۋسۇمى نەۋرۇزى نەيسان ئاشكار بولدى تاغىن،
شەھرىمىز شەيخى بۇكۆن خۇش بادەخار بولدى تاغىن.
غۇنچەدىن گۈل باش چىقاردى، ئالدى يۈزىدىن نىقاب،
بۇلبۇلى شەيدا خەتىبى لالەزار بولدى تاغىن.
ئەسكى ئالەم ياڭى خىلئەت كىيدى بۇ مەۋسۇمدە خۇب،
چىھرەسى ھەم خۇد بۇكۆن نەقشى نىگار بولدى تاغىن.
بادە ئىچمەك رەۋزىدە گەر سەن تىلەرسەن ھۇر ئىلە،
يار قولىن تۇت، باققە كىرگىن ، نەۋبەھار بولدى تاغىن.
ساقىيا، جامنى كۆتەرگىل، مەن ئۇشاتدىم تەۋبەنى،
ئەسكى تەئلىمىم بۇ كۆن بىئېتىبار بولدى تاغىن.
سەن نەسىمي رازىنى ئەي تاڭ يىلى، بار، يارگە دە،
سەنكى يوق ھالى پەرىشان، بىقەرار بولدى تاغىن.

*

*

مەن مۇلكى جەھان، جەھان ئۆزىمەن،
مەن ھەققە مەكان، مىكان ئۆزىمەن!
مەن ئەرش ئىلە فەرشۇ كافۇنۇنمەن،
مەن شەرھى بەيان، بەيان ئۆزىمەن.

مەن كەۋنى مەكانۇ «كۆن - فەكان» مەن،
بىلگىلكى، نىشان! نىشان ئۆزىمەن!
مەن سۇرەتى مەئنادە ھەقمەن، ھەق،
مەن ھەققە ئەيان، ئەيان ئۆزىمەن.

بىرگەۋھەرى ئەھدەممەن ئەزەلدەمەن،
ئەي گەۋھەرگە كان، كان ئۆزىممەن!
مەن ئاتەشى ئىشقى نۇرى ھەقمەن،
مۇساگە زەبان، زەبان ئۆزىممەن!
مەن جۇملە جەھانۇ كائىناتمەن،
مەن دەھرى زەمان، زەمان ئۆزىممەن.
مەن ئايەتى مۇسھەفۇ كىتابمەن،
ئەي نۇقتە دەھان، دەھان ئۆزىممەن.
مەن غەۋس ئىلە ھەم كەمانى تىرەمەن،
ئەي، تىرۇ كەمان، كەمان ئۆزىممەن!
جەمشىدى زەمانۇ ئالەم بولدىم،
جەمشىدى زەمان، زەمان ئۆزىممەن.
مەن نەقشى خەيالۇ خەتتى خالمەن،
مەن ھەرفۇ لىسان، لىسان ئۆزىممەن!
مەن گەنجى نىھانى خەزىنەدۇرمەن،
مەن رۇھ ئىلە جان، جان ئۆزىممەن.
مەن كافىرگە ماتەمۇ مۇسىبەت،
مۇئمىنگە ئىمان، ئىمان ئۆزىممەن.
مەن جەننەتۇ ئابى كەۋسەر ئولدىم،
ئەي، سەمنى جىنان، جىنان ئۆزىممەن.
مەن بەھرى مۇھىتۇ ھەم كەرانمەن،
ئەي، بەھرى كەران، كەران ئۆزىممەن.
مەن سىرمەنۇ تەۋھىدەن، ھەدىسمەن،
ھەم غەيبۇ گۇمان، گۇمان ئۆزىممەن!
ئىنسانۇ بەشەرسەن، ئەي، نەسىمي،
ھەقدۇركى، ھەمان، ھەمان ئۆزىممەن.

*

ئەي نۇرى دىلۇ دىدە،
دىدارىڭە مۇشتاقمەن.
ۋەي يارى پىسەندىدە،
دىدارىڭە مۇشتاقمەن.

ئەي ماھى پەرى پەيكەر،
ۋەي ھۇرى مەلەك مەنزەر،
ئەي لەئلى لەبى شەككەر،
دىدارىڭە مۇشتاقمەن.

ئەي شەمسۇ قەمەر يۈزلى،
شىرىن دۇداغىڭ تۈزلى.
ۋەي شەھدۇ شەكەر سۆزلى،
دىدارىڭە مۇشتاقمەن.

ئەي دەردىمە سەن دەرمان،
مەن بىر تەنۇ، ئىشقىڭ جان!
ئەي تازە گۇلى خەندان،
دىدارىڭە مۇشتاقمەن.

ئەي دىلبەرى پىنھانىي،
سەنسىز نىچەرەم جانى،
ۋەي يۇسۇفى كەنئانىي،
دىدارىڭە مۇشتاقمەن.

*

ئەي دىلبەرى دىلدارىم،
سەنسەن ئەبەدىي جانىم.
ۋەي يارى ۋەفادارىم،
دىدارىڭە مۇشتاقمەن.

ئەي ھۇسنى بىدايەتسىز،
ۋەي لۇتفى نىھايەتسىز،
بىللاھكى، بەغايەتسىز،
دىدارىڭە مۇشتاقمەن.

ئەي رەھمەتى لىللاھى،
سەنسەن يەرۇ كۆك ماھى.
ۋەي قامۇ خۇبان شاھى،
دىدارىڭە مۇشتاقمەن.

ئەي چەشمەئى ھەيۋانىم،
سەنسىز نىچەرەم جانىم؟
ۋەي شاھىمۇ سۇلتانىم،
دىدارىڭە مۇشتاقمەن.

ئەي جۇملە جەھان جانى،
ئاشىقلەرىنىڭ ئىمانى،
ۋەي سىيمۇ گۇھەر كانى،
دىدارىڭە مۇشتاقمەن.

ئەي ساھىبى تەختۇ تاج،
جانلەر جانىڭە موھتاج!
ئەي كۆركلى يۈزىڭ مىئراج،
دىيدارىڭە مۇشتاقمەن!

ئەي نۇرى سەماۋاتى،
ۋەي مەزھەرى ئاياتى،
ۋەي جانۇ جەھان زاتى،
دىيدارىڭە مۇشتاقمەن!

ئەي ئىشقى دۇرەفشانىم،
ۋەي بۇلبۇلى داستانىم،
ئەي تازە گۈلىستانىم،
دىيدارىڭە مۇشتاقمەن.

ئەي بويى بەھارىستان،
ۋەي ھۇرى نىگارىستان،
ۋەي دىلبەرى سەرمەستان،
دىيدارىڭە مۇشتاقمەن.

ئەي چەشمەئى ھەيۋانىم،
سەنسىز ياشاماس جانىم!
ۋەي بەھرى گۆھەر كانىم،
دىيدارىڭە مۇشتاقمەن.

ئەي دىلبەرى سىيمىن تەن،
سەن جانۇ نەسىمى تەن!
ئەي سەرۋى گۈلى گۈلشەن،
دىيدارىڭە مۇشتاقمەن.

* *

لەئلى نابىڭ چەشمەسىندە ئابى ھەيۋان ياشرىن،
دۇرجى ياقۇتىڭدە، ئەي جان، دۇررۇ مەرجان ياشرىن.
لەبلەرىڭ، شىرىن دەھانىڭدىن ئەگەرچە رەمز ئىلە،
ئاچار ئەسرارىنۇ لېكىن سىررى پىنھان ياشرىن.
جانىمىڭ جانى غەمىڭدۇر شول سەبەبدىن، ئەي نىگار،
شاد بولۇر جانىمكى، جاندە دائىم ئول جان ياشرىن.
شول خەدەڭكى غەمزەڭنىكىم جانىمە ئۇردى كۆزىڭ،
قان كېتەر يۈرەكدىن ئەمما زەخمى پىنھان ياشرىن.
ئەنبەرىن زۇلفىڭدە يۈزىڭ ياشرىنىسە نە ئەجەب،
شەب نىقابىندە ھەمىشە ماھى تابان ياشرىن.
ئەي تەبىبى ئامى، قول سىلىك چارە قىلماقدىن ماڭا،
ئاشىقىڭ جانىندە دائىم دەردى جانان ياشرىن.
قانىئ ئۇلدى دەرد ئىلە سەندىن نەسىمى، ئەي نىگار،
شول سەبەبدىنكىم سېنىڭ دەردىڭدە دەرمان ياشرىن.

* *

قىبلەدۇر يۈزىڭ نىگارا، قاشلەرىڭ مىھرابلەر،
سۇرەتىڭ مۇسھەف، ۋەلې مۇشكىن خەتىڭ ئەئرابلەر.
چېھرەڭىز ئەكسى ئەزەلدىن تاشە چىقمىش پەردەدىن
تۇشدى ئانىڭ شۇئلەسىدىن ئايۇ كۈنگە تابلەر.
ئاشىقىڭ ئەھۋالىنى ئاشىقلەرە ئايتىكى، بىلۇر،
سورمە، ئىللاھ ئىشق ئوتىگە يانمەگەن بىخابلەر.

ئىشق ئوتى تۇتەشدى شەمئىنىڭ جانىنە كۆركىم، نېچە،
ھەم يانەر، ھەم كۆزلەرىڭدىن ئاقىزەر سېلابلەر.
شەرھ ئەگەر قىلسام جەمالىڭ دەفتەرىدىن بىر ۋەرەق،
ھەرسۆزى مىڭ فەسل ئولۇر، ھەر فەسلى نەچچە بابلەر.
ئاشىقلىق جىگەر قانىندىن شەربەتى بار، ئەي ھەكىم،
قاتمە ئانىڭ شەككەرىنە قەند ئىلە ئۇننابلەر.
چۈن نەسىمىي جاۋىدانى يار ئىلە بولدى ۋىسال،
قوي نەچە ئايلەنسە كەزىسىن بۇ ياشىل دولابلەر.

*           *

دېدىم: ئەي نازلى سەنەم، زۇلفىڭ ئەجەب مەئۋادۇر،
دېدى: دىلدار دېگەنى — جىسمى پۈتۈن زىيبادۇر.
دېدىم: ئالەمدە تاپىلماس كاكىلىڭ ئوخشەشى ھېچ،
دېدى: قەددىمدە گۈزەللىكدە قەرىب يەكتادۇر.
دېدىم: ئۈمر ئۆزى ھەم ئالەمدە شىرىندۇر ھەمەگە،
دېدى: يار بىرلە كۈن ئۆتسە، جۇدە پۇر مەئنادۇر.
دېدىم: ئاھ، كۆزلەرىڭ، ئەي، خەستەسىمەن، جەزمەن مەن،
دېدى: ھېچ ئاينىمەگىن، چۈنكى بۇ خۇش سەۋدادۇر.
دېدىم: ئىشق ئالەمى خۇب جىلۋەلى بىر ئالەمدە،
دېدى: مەن بولمەسەم ئىشق ئالەمى بىر رۇئيادۇر.
دېدىم: ئەي بىتتە تەمەننام بار! جاۋاب بەردىكى يار؛
ئەي، نەسىمىي، بۇ تەمەننا نەقەدەر ئەئلادۇر.

*           *

يۈزىڭنى سۈرەتى رەھمان ئوقۇرلەر،
خەتىڭنى سۇمبۇلۇ رەيھان ئوقۇرلەر.
ئەلىفدەك جەۋھەرى يەكتا بويىڭدۇر،
دوداغىڭ چەسمەسىن ھەيۋان ئوقۇرلەر.
بويىڭ تۇبا دېمىشلەر ئەھلى مەئنى،
بېلىڭ ئىنچە، لەبىڭ مەرجان ئوقۇرلەر.
ئەزەلدىن چۈن يۈزىڭدۇر مىسرى جامى،
يۈزىڭنى جۇملەسىن قۇرئان ئوقۇرلەر.
يۈزىڭ باغىندە بۇلبۇل، تۇتى، قۇمرى،
كېزەركەن ساز ئىلە داستان ئوقۇرلەر.
يۈزىڭ نۇرىنە مۇنكىر ئولدى مەلئۇن،
ئۇگە لەئنەت، ئاتىن شەيتان ئوقۇرلەر.
بۇ كۈن چۈن ھۆسنىڭىزنى ياد ئەدەنلەر،
يۈزىڭ شەمسۇ مەھى تابان ئوقۇرلەر
نە ھېكمەتدۇر، ئايا ئەي ھۆسنى زىيبا،
سېنى زىيبالەرە سۇلتان ئوقۇرلەر.
فىدا قىل جانىڭى سەن، ئەي نەسىمىي،
كى جاننى يار ئۈچۈن قۇربان ئوقۇرلەر.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت.

غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1977 - يىلى نەشر قىلىنغان «نەسىمىي ئەسەرلىرى» ناملىق كىتابىچىدىن.

# «قۇتادغۇبىلىك»تىكى «بايات» دېگەن ئاتالغۇ ھەققىدە مۇلاھىزە

(بۇ ماقالە 1989 - يىل 10 - ئايدا قەشقەردە ئېچىلغان ئىككىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان).

قۇربان ۋەلى كرورانى

«قۇتادغۇ بىلىك» تە ئەسلى تېكىست (D)، كېيىن قوشۇلغان نەسرى مۇقەددىمە (A)، نەزمىي مۇقەددىمە (B) لارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 6774 بېيىت بار. بۇ بېيىتلاردا ئىسلام ئىلاھىنىڭ نامى 235 قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ②؛ 173 بېيىتتا «بايات» دەپ ئاتىلىدۇ③؛ 26 بېيىتتا «تەڭرى» دەپ ئاتىلىدۇ④؛ 21 بېيىتتا «ئىدى» (ياكى «ئىزى»، مەنىسى: ئىگە) دەپ ئاتىلىدۇ⑤؛ 6 بېيىتتا «ئىلاھ» دەپ ئاتىلىدۇ⑥؛ 9 بېيىتتا «رەب» دەپ ئاتىلىدۇ⑦. مەسىلەن:

بايات ئاتى بىرلە سۆزۈگ باشلادىم،
تۆرەلتگەن ئىگىتگەن كەچۈرگەن ئىدىم.

مەنىسى: نامىنى «بايات» — مېنى تۆرەلدۈرگەن، پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن، كەچۈرگەن ئىگەم دەپ تىلغا ئېلىپ سۆزنى باشلىدىم.

(تېكىست D — 1)

ياغىز يەر، ياشىل كۆك، كۈن، ئاي بىرلە تۈن،
تۆرۈتتى خەلايىق ئۈد ئۆدلەك بۇ كۈن.
تىلەدى تۆرۈتتى بۇ بولمىش قامۇغ،
بىر ئۆك بول تەدى بولدى قولمىش قامۇغ.

مەنىسى: (ئۇ) قوڭۇر يەرنى، يېشىل ئاسماننى، كۈننى، ئاي بىلەن تۈننى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى، زاماننى، ۋاقىتنى ياراتتى ۋە ئارزۇ قىلغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى «بول» دەپلا «بار» قىلدى⑧.

(تېكىست D ـ 3 - 4)

ئوغان بىر بايات ئول قامۇغدا ئوزا،
ئۆكۈش ھەمدۇ ئۆگدى ئاڭار ئوق سەزا.

مەنىسى: ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغۇچى بىردىنبىر باياتتۇر، سانسىز ماختاش ـ مەدھىيە ئۇنىڭغىلا مۇناسىپتۇر.

(تېكىست B ـ 1)

تەڭرى ئەززە ۋە جەللە ئۆگدىسىن ئايۇر

مەنىسى: ھەممىدىن ئەزىز ۋە ئۇلۇغ بولغان تەڭرىنىڭ مەدھىيىسى بايانى

(تېكىست D نىڭ ماۋزۇسى)

ھەمد ـ ۇ سىپاز ـ ۇ مىننەت ۋە ئۆكۈش ئۆگدى
تەڭرى ئەززە ۋە جەللەقا كىم ئۇلۇغلۇق ئىدىسى
تۆكەل قۇدرەتلىغ پادىشاھ تۇرۇر يەرلى كۆكلى
ياراتغان قاموغ تىنلىغلارقا رۇزى بەرگەن
نەنى كىم تىلەدى ئەرسە قىلدى يەمەنەنى تىلەسە قىلۇر

مەنىسى: ھەمدۇ ـ سانا، مىننەت ۋە سانسىز مەدھىيىلەر تەڭرى ــ ھەممىدىن ئەزىز ۋە ئۇلۇغ بولغان مۇتلەق ئۇلۇغلۇق ئىگىسىگە بولسۇن. ئۇ يەر بىلەن ئاسماننى ئۆزى ياراتقان، ئۇنىڭدىكى بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلارغا ئوزۇقلۇق بەرگەن، نىمىنى ئارزۇ قىلغان بولسا شۇنى ياراتقان ۋە نېمىنى ئارزۇ قىلسا شۇنى يارىتىدىغان قۇدرەتلىك پادىشاھتەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

(تېكىست A ـ 1 ـ 5)

قىيامەتتە كۆركىت تولۇن تەگ يۈزىن
ئەلىگ تۇتتاچى ئىلاھى ئۆزىن

مەنىسى: ئەي ئىلاھ، قىيامەت كۈنى ماڭا (رەسۇلۇللاھنىڭ) تولۇن ئايدەك يۈزىنى كۆرۈشنى، ئۇنىڭ ئۆز قولىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى كىشى بولۇشنى نېسىپ قىلغىن!

(تېكىست D ـ 48)

يا رەب ئۇستە دەۋلەت تۆكەل قىل تىلەك،
قاموغ ئىشتە بولغىل سەن ئارقا يۆلەك.

مەنىسى: ئەي رەببىم، (بۇ كىتابقا ئىسمى يېزىلغان خاننىڭ) بەخت ـ دۆلىتىنى ھەممىدىن زىيادە قىلغىن، ئارزۇيىغا يەتكۈزگىن، ھەممە ئىشتا ئارقا تىرەك بولغىن!

(تېكىست D ـ 117)

يۇقىرىدىكى نەقىللەردىن مەلۇمكى، «قۇتادغۇبىلىك» تە ئىلاھنىڭ نامى «باياt» دەپ ئاتالغان. شۇنداقلا «باياt» دېگەن نامنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەزەلدىن ئاتاپ ئادەتلەنگەن ئىلاھنىڭ نامى «تەڭرى» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ياكى قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى «ئىدى» (ئىگە) دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ياكى ئۇيغۇرلار ئىسلام شارائىتىدە ئەرەبچىدىن يېڭى قوبۇل قىلغان «ئىلاھ»، «رەب» دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن سۈپەتلەپ چۈشەندۈرگەن.

بۇنىڭدىن يەنە شۇنداق بىر تارىخىي پاكىت مەلۇم بولۇۋاتىدۇكى، «قۇتادغۇبىلىك» يېزىلغان زاماندا (ئىسلام دىنى ئىجات قىلىنغىلى ئاللىقاچان 4 ئەسىر بولغان ۋە قاراخانىلار دائىرىسىگە تارقىلىپ كەلگىلىمۇ بىر ئەسىردىن ئاشقان زاماندا⑨) ئۇيغۇرلار ئىسلام

دىنىنىڭ ئىلاھىنى ئۆز نامى بىلەن «ئاللاھ⑪» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنمەي، بەلكى داۋاملىق تۈردە شۇ زامانىنىڭ خاقانىيە تىلى بىلەن «بايات» دەپ ئاتاۋەرگەن. ھەتتا ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسساﻻمنىمۇ، «رەسۇلىللاھنىڭ» (مەنىسى: ئاللانىڭ ئەلچىسى) دېيىشكە ئادەتلەنمەي، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى تىلى بىلەن «ياﻻۋاچ» (مەنىسى: ئەلچى)⑪ ياكى «ساۋچى» (مەنىسى: سۆزلەپ بىلدۈرگۈچى)⑫ ياكى «ئوقىچى» (مەنىسى: دەۋەتچى)⑬ دېگەن ناملار بىلەن ئاتاۋەرگەن.

بۇ ھېچبىر ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، چۈنكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇنمۇ باشقا دىنلارنى قوبۇل قىلغاندا ھامان ئالدى بىلەن قوبۇل قىلماقچى بولغان دىنىنىڭ ئىلاھىنىڭ نامىنى ئۆزلىرى ئەزەلدىن ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ۋە ئاتاپ ئادەتلەنگەن ئىپتىدائىي شامان دىنىنىڭ (كۆك تەڭرى دىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىلاھىنىڭ نامى «تەڭرى» بىلەن ئاتاپ، بۇ دىننى ئۆز ئېتىقادى بىلەن يېقىنلاشتۇرۇۋېلىپ، ئاندىن بىرلەشتۈرۈپ راۋاجلاندۇرغان. مەسىلەن: زوراستى دىنىنىڭ ئىلاھىنىڭ نامىنى «تەڭرى تەڭرىسى خورمۇزدا» دەپ ئاتىغان؛ بۇددا دىنىنىڭ ئىلاھىنىڭ نامىنى «تەڭرى تەڭرىسى بورخان» دەپ ئاتىغان؛ مانى دىنىنىڭ ئىلاھىنىڭ نامىنى «تەڭرى تەڭرىسى مانى بۇرخان» دەپ ئاتىغان. ھەر قېتىم ھەربىر دىننى تاشلىغاندا ھامان ئۆزلىرىنىڭ «تەڭرى» سىگە ئېتىقاد قىلىپ قېلىۋەرگەن.⑭ ۋەھالەنكى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىمۇ مۇشۇنداق بىر خىل شەكىلنى قوللانغان، لېكىن بۇنىڭ ئىلگىرىكى شەكىللەردىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، بۇ قېتىم ئالدى بىلەن ئۆزلىرى يېڭىدىن قوبۇل قىلغان ئىسلام ئىلاھىنىڭ نامىغا «تەڭرى» نى قوشۇپ ئاتىماي، بەلكى ئۆز ئالدىغا نام قويۇپ «بايات» دەپ قوبۇل قىلىپ، ئاندىن تەدرىجىي ئۆزلەشتۈرگەن.

«بايات» دېگەن نام ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى قايسى بىر دەۋرلەردە ئېتىقاد قىلغان بىرەر دىنىنىڭ ئىلاھىنىڭ نامى ئەمەس، بەلكى ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا چۈشەندۈرۈلگەندەك «22 ئۇرۇقتىن تەركىب تاپقان ئوغۇزلارنىڭ ۋەسىنىڭ نامى»⑮ تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا «بۇ ناملار شۇ ئۇرۇقلارنى قۇرغان ئەڭ قەدىمكى بوۋىلىرىنىڭ نامى»⑯ ئىدى. دېمەك، ئۇيغۇرلار شۇ زاماندا «بايات» دېگەن ئاتالغۇنى ئۆزلىرى ئاڭلىق ھالدا تالLاپ ۋە خالاپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ يېڭىدىن قوبۇل قىلغان دىنى — ئىسلام دىنىنىڭ ئىلاھىنىڭ نامى قىلىپ قوللانغان. جۈملىدىن «قۇتادغۇبىلىك» بىزگە «بايات» دېگەن ئىلاھ نامى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ چەتتىن قوبۇل قىلىدىغان ھەرقانداق بىر يېڭى مەسىلىكنى ياكى مەدەنىيەتنى ھامان ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىسى ئاساسىدا قوبۇل قىلىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت بىر خىل «ئۇيغۇر ئەنئەنىسى» نى گەۋدىلىك ھالدا يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى.

قاراخانىلار دەۋرىدىكى «بايات» دېگەن ئىلاھ نامى، «قۇتادغۇبىلىك» تىن كېيىن يېزىلغان كىتابلاردا مەلۇم بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، چاغاتاي خانلىقى دەۋرى يېتىپ كېلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن پارس ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئۆگىنىش يولغا قويۇلغانلىقتىن ئىبارەت بىر يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەنگەندە پارسچە «خۇدا» دېگەن

ئاتالغۇ بىلەن ياكى ئەرەبچە «ئاللاھ» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن، شۇنداقلا «تەڭرى»، «ئىگە»، «رەب»، «ئىلاھ» ۋە «ھەق» دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ياكى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىلىشقا باشلىغان.

ئىزاھاتلار:

④ 1984 - يىلى 5 - ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كىتاب.

② نەزمىي يەشمىسىدە قاپىيە ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىش كۆرۈپ، ئەسلى تېكىستتىكى ئىلاھ ناملىرى كۆپىنچە ھالدا «خۇدا» (بەزىدە «ھەق») دېگەن كېيىنكى زامانلاردا ئادەتلەنگەن ئاتالغۇغا ئۆزگەرتىپ قوللىنىلغان. شۇڭلاشقا يەشمىدىكىسى ئەمەس، بەلكى تېكىست (ترانسكرىپسىيە) دىكى ئىلاھ ناملىرى ئاساس قىلىندى.

③ B - 1، B - 32، D - 1، 36، 41، 42، 51، 90، 124، 151، 752، 753،
1021، 1030، 1084، 1250، 1251، 1253، 1256، 1267، 1269، 1272، 1279،
1329، 1342، 1343، 1348، 1430، 1451، 1479، 1507، 1520، 1525، 1531،
1561، 1686، 1740، 1761، 1782، 1797، 1799، 1801، 1818، 1873، 1877،
1922، 1933، 1940، 1978، 1980، 1983، 2007، 2158، 2163، 2227، 1560،
2755، 2856، 3066، 3117، 3120، 3122، 3188، 3189، 3190، 3196، 1884،
3250، 3251، 3256، 3262، 3294، 3316، 3349، 3353، 3354، 3358، 2598،
3464، 3520، 3524، 3526، 3592، 3657، 3662، 3663، 3696، 3715، 3200،
3741، 3747، 3749، 3762، 3764، 3794، 3897، 3919، 3921، 3928، 3404،
4254، 4370، 4372، 4416، 4689، 4712، 4777، 4858، 4872، 4880، 3716،
5120، 5130، 5165، 5191، 5193، 5194، 5239، 5273، 5278، 3987، 4236،
5402، 5437، 5611، 5613، 5644، 5647، 5667، 5722، 5761، 4957، 5119،
5880، 5888، 5895، 5900، 5934، 5947، 5952، 5988، 6066، 5306، 5306،
6156، 6182، 6190، 6192، 6193، 6246، 6250، 6251، 6261، 5832، 4854،
6311، 6373، 6386، 6395، 6408، 6409، 6411، 6500، 6520، 6093، 6136،
6637، 6631، 6541، 6540، 6296، 6306 - بېيىتلەرگە قاراڭ.

④ A - 1، S - 1، D - 1022، 1555، 3249، 3332، 3684، 3697، 4202،
4494، 4526، 4868، 5020، 5131، 5195، 5489، 5598، 5855، 6046، 6176،
6239، 6287، 6307، 6416، 6475، 6479، - بېيىتلەرگە قاراڭ.

⑤ A - 2، B - 2، D - 1، D - 5، D - 24، 34، 61، 1262، 1271، 1364،
2228، 4764، 6247، 6377، 6510، 6511، 6516، 6558، 6563، 6564، 6574 -
بېيىتلەرگە قاراڭ.

⑥ B - 77، D - 47، 48، 3117، 6501، 6604 - بېيىتلەرگە قاراڭ.

⑦ D-116، 3051، 3116، 3341، 5442، 5612، 6544، 6563، 6644-
بېيتلەرگە قاراڭ.

⑧ بۇنىڭدىكى «بار» ۋە «بول» دېگەن سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى كۆز قاراش قەدىمكى ئارىيانلارنىڭ «ئاس» (مەنىسى: بار) ۋە «بۇۋ» (مەنىسى: بول) دېگەن سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى كۆز قاراشقا تامامەن ئوخشايدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىپادىلەنگەن «تۆت تادۇ» (ئوت، سۇ، هاۋا، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت ماددا) نەزەرىيىلىرىمۇ ئارىيانلاردىن ئۇيغۇرلارغا مىراس قالغان. «تادۇ» دېگەن سۆز — نىگىز دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

⑨ ئىسلام دىنى ئادەتتە مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ 40 يېشىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىدىن باشلاپ مەدىنىگە هىجرەت قىلغان ۋاقىتلىرىغىچە بولغان زامان (مىلادى 610—622-يىللار) دا ئىجاد قىلىنغان دەپ قارىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىلار دائىرىسىگە تارقالغان ۋاقتى بولسا ساتۇق بۇغراخان (مىلادى؟ — 955 - يىللار) زامانىسى دەپ قارىلىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» مىلادى 1069 — 1700 - يىللاردا يېزىلىپ، شەرقىي قاراخانىلار خانلىرىدىن مىلادى 1074 — 1102 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان تاۋغاچ بۇغراخان ئەبۇ ئەلى هەسەنگە تەقدىم قىلىنغان.

⑩ 1981 - يىلى شائخەي لۇغەت نەشرىياتى تەشىر قىلغان «دىنلار لۇغىتى» نىڭ «ئىسلام دىنى» غا بېرىلگەن ئىزاهاتىدا ئېيتىلىشىچە، ئىسلام دىنىنىڭ ئىلاهىنىڭ نامى «لائىلاهە ئىللەللاھ» (مەنىسى: بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق) دېگەن كەلىمىدىن «ئەل ئىلاھ» (بىردىنبىر ئىلاھ مۇشۇ) دەپ قىسقارتىلغان. ئادەتتە ئېغىز تىلىدا «ئاللاھ» دەپ ئاتىلىدۇ.

⑪ - 52-بېيىتقا قاراڭ.

⑫ - 34 - بېيىتقا قاراڭ.

⑬ - 36 - بېيىتقا قاراڭ.

⑭ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 86 - يىل 3-5-6- دېكابىر سانلىرىدىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى دىنىي ئېتىقادلىرى هەققىدە سىلىشتۇرما مۇلاهىزە» دېگەن ماقالىغا قاراڭ.

⑮ «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى. 1 - توم. 78 - بەت.

⑯ يۇقىرىدىكى كىتاب 80 - بەت.



# شائىر غەيرەتى

ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنىي مىراسلار ئۈزلۈكسىز ھالدا تېپىلىپ، خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان يەنە بىر ۋەقە يۈز بەردى. 1989 - يىل 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بىز بۇلاق ژۇرنىلىغا ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ قول يازمىلار بۆلۈمىدىكى ماتېرىياللارنى كۆزدىن كۆچۈرۈۋاتقىنىمىزدا، «باياز» ناملىق بىر قول يازما تېپىلدى. بۇ قول يازمىغا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ «مۇھەممەد بەشىر ئىبنى شاھئەردە شىر. 1229-(مىلادى 1813-1814) يىل» دېگەن خېتى بار تامغىسى بېسىلغان. بۇنىڭدىن بۇ «باياز» نىڭ XIX ئەسىر نىڭ باشلىرىدا تۈزۈلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

«باياز» ئىچىدىكى شېئىرلارنىڭ ئاپتورلىرىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، دەسلەپكى قەدەمدە 33 نەپەر شائىرنىڭ تەخەللۇسى ياكى ئىسمىنى بايقىدۇق. بۇلار: سەلاھى، شەمسى، شەۋقى، ئەبدۇۋاب بەگ، نەۋائى، لۇتفى، ھۇۋەيدا، سۇفى ئاللايار، مەشرەب، ھافىز شىرازى، نەۋبەتى، ۋەجدى، ئەرشى، فۇتۇھى، مەھمۇدى، ئايازى، رەشىدى، گۇدازى، قول سۇلەيمان، ۋەفائى، رىزائى مەشھۇرى، فىراقى، قەرارى، ھۇزۇرى، غەيرەتى، ئابىد، زۇھۇرى، مەزھەرى، ئەمىنى، باقى، ئەبدۇرەھمانى، نىيازى قاتارلىقلار. قول يازمىدا يەنە بىر قىسىم شېئىرلارغا شائىرنىڭ تەخەللۇسى سېلىنمىغان. بۇ قول يازمىغا يۇقىرىقى شائىرلاردىن بەزىلىرىنىڭ بىرەر يۈز پارچىدىن، يەنە بەزىلىرىنىڭ بىر نەچچە پارچىدىن شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇلار ھەققىدە ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر. بىز ھازىرچە بۇ شائىرلار ئىچىدىن غەيرەتىنى تونۇشتۇرىمىز.

شائىر غەيرەتى تەخمىنەن 18- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەننىڭ ئىلچى شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. گەرچە ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە ئېنىق ۋە تەپسىلىرەك مەلۇمات ھازىرچە تېپىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن «باياز» نىڭ تۈزۈلگەن ۋاقتى ۋە شائىر غەيرەتىنىڭ شېئىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم مەنبەلەردىن ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتىگە دائىر بەزى يىپ ئۇچلىرىنى بايقاشقا بولىدۇ. «باياز» غا غەيرەتىنىڭ «خۇبمۇكىن» دېگەن رادىپتا يېزىلغان بىر مۇخەممىسى كىرگۈزۈلگەن. مۇخەممەس جەمئىي 48 كۇپلېت (240 مىسرا) دىن ئىبارەت بولۇپ، يەكەندە يېزىلغان ۋە شائىرنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق مەشۇقىسىگە بېغىشلانغان. بۇنى شائىرنىڭ:

يارکەند شەھرىدە مەنزىلگاھ سىز،
تا تىرىكمەن بىر قىلنىڭ پەرۋاھ سىز،
جىلۋە ئەيلەپ ئۆتسىڭىز ناگاھ سىز،
دەھر ئېلى ئەنجۇم كۆرۈلگەي، ماھ سىز،
ئاھ دەپ ئىشقىڭدا ئۆلسەم خۇبمىكىن.

دېگەن مىسرالىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. شائىرنىڭ يەنە:

بولدى ئۈچ يىل ئىلچىدىن بىز كەلگەلى،
يارنىڭ كويىدا مەن ئەمگەلگەلى،
كېچە - كۈندۈز يادىدا جان بەرگەلى،

تىل ئۇچىدا ھەر زەمان دان بەرگەلى،
يەم بېرىپ يۇرتۇمغا يانسام خۇبمۇكىن.

دېگەن مىسرالىرىدىن ئۇنىڭ يەكەنگە ئىلچى شەھىرىدىن كەلگەنلىكى ۋە بىرنەچچە مۇددەتتىن كېيىن يەنە يۇرتىغا قايتىش نىيىتىدە ئىكەنلىكى مەلۇم. ئېھتىمال شائىر يەكەنگە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى XV، XVI ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان يەكەن شەھىرى سەئىدىيە خانلىقىدىن كېيىنمۇ يەنە بىر مەزگىل ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇستەھكەم ئورنىنى ساقلاپ قالغان. XVI ۋە XVII ئەسىرلەردە خوتەندە ئۆتكەن مۇھىم شائىر ۋە ئەدىبلەردىن كۆپىنچىسى يەنىلا يەكەندە ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ جەھەتتە شائىر نەۋبەتى، مەھزۇن، مىسكىن ۋە موللا نىياز قاتارلىقلارنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە غەيرەتىمۇ يۇقىرىقى شائىرلارغا ئوخشاش ئىلىم ئىزدەپ يەكەنگە كەلگەن ۋە شۇ يەردىكى تالىپلىق دەۋرىنىڭ مۇھىم خاتىرىلىرىدىن بىرى بولغان بۇ مۇخەممەسنى يازغان.

غەيرەتىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيەت مىراسلىرى تېخى تېپىلمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى، بەدىئىي ئىستېداتى ۋە ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا نىسبەتەن باھا بېرىش قىيىن. لېكىن شائىرنىڭ بۇ مۇخەممەسىدىكى ئىدىيەۋى ھېسسىياتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ پاك مۇھەببەت، سەممىي ساداقەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، ۋاپادارلىق يولىدا چەككەن جاپالارنى راھەت دەپ بىلىدىغان، رېئال ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرنى قەدىرلەيدىغان ئىلغار پىكىر ئىگىسى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

خەستە جانىمنى ساڭا سەرپ ئەتمەسەم،
خىزمەتىڭدە زەررە لەب تەبرەتمەسەم،
چەۋرۇلۇپ مەقسەدلەرىمگە يەتمەسەم،
ئۇشبۇ دەردىڭنى يامان دەپ كەتمەسەم،
ئاخىرى ئارزۇمغا قانسام خۇبمۇكىن.

دېگەن مىسرالاردا شائىرنىڭ سۆيگۈ يولىدىكى مۇستەھكەم ئىرادىسى بايان قىلىنغان.

غەيرەتىنىڭ بۇ مۇخەممەسىدە گۈزەل، ساددا ۋە قايناق شېئىرىي ھېسسىيات مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىپادىلەنگەن.

كۆرگەلى كەلدىم جەمالىڭنى سېنىڭ،
سەرۋ قەد، نازۇك نىھالىڭنى سېنىڭ،
سەير ئېتەرگە باغۇ راغىڭنى سېنىڭ،
ئالغالى ئالما-ئانارىڭنى سېنىڭ،
ئالما دەپ ئالسام، ياشۇرسام خۇبمىكىن.

بۇ مىسرالاردىكى لىرىك تۇيغۇ ئاددىي تىل ۋە ساددا ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ناھايىتى راۋان ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. ئومۇمەن ساددا ئىدىيەۋى ھېسسىيات ۋە ساددا بەدىئىي ئۇسلۇب غەيرەتىنىڭ بۇ مۇخەممەسىدىكى بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك. بۇ شېئىردا مۇرەككەپ ۋە يۇقىرى سەنئەتكە ئىگە بەدىئىي ۋاستىلەر ئىشلىتىلمىگەن. لېكىن بۇ بىر پۈتۈن شېئىرنى ئوقۇغان كىشى ئىختىيارسىز ھالدا گۈزەل ۋە يېقىملىق بىرخىل شېئىرىي تۇيغۇغا چۆمىدۇ.

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا بۇ مۇخەممەسنى ئېلان قىلدۇق. كەڭ ئاممىنىڭ ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە غەيرەتىنىڭ يەنە باشقا ئەسەرلىرىنىمۇ تېپىلىپ قالار دېگەن ئۈمىدتىمىز.




(داستان)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەمتىلى سايىت

راۋىيانى ئەخبار ۋە ناقىلانى ئاسارلار ئانداغ رىۋايەت قىلىپدۇرلاركىم، مىسىر شەھـ رىدە بىر پادىشاھ بار ئىردى. ئول پا- دىشادىنىڭ ئاتى كەيخۇسرەۋ ئىردى. ئۈچـ يۈز ئاتمىش ئالتە شەھەرگە پادىشاھ ئىردى، تەختى دەۋلەت، ئىززەت-ھۆرمەت ۋە شەئـ نى-شەۋكىتى ھەددىن تاشقىرى ئىدى. بۇ پادىشاھ دەۋلەت-پەراغەت بىرلە ئۆتـ سىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ ھېچ پەرزەندىسى يوق ئىردى. ئەدلى-ئادالەتتە بىنىھايەت ياخشى ئىردى. ئەرزدارلارنىڭ ئەرزىنى ئادىللىق بىـ لەن سورار ئىردى. ئۇنىڭ قىرىق خاتۇنى بار ئىدى.

كۈنلەردە بىر كۈن پادىشاھ قولىغە ئايىنە ئېلىپ كۆردىكى، ساقالىغا ئاق سانـ چىپتۇر. ياشىنى ھېساب قىلىپ باقسە، ئاتـ مىشقا يېتىپتۇر. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: «ۋادەرىغ، مېنىڭ ئۆمرۈم ئاتمىشقا يەتسە، تېخى بىر پەرزەندىم بولمىسا، مەن ئۆلسەم بۇ تەختى بەختىم كىمگە قالغۇسىدۇر» دەپ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، پادىشاھلىق تەختىنى تاشلاپ، كۆزىنى ياشلاپ خۇدايىتەئالانىڭ دەرگاھىغا سىغىنىپ، پەرزەند تەلەبىدە ئىبادەتكە مەشـ غۇللۇق قىلماقچى بولدى. بىر كېچىدە شاھـ لىق لىباسىنى تاشلاپ، ئۇچىسىغا جەندە، باشىغا كۇلاھ كىيىپ، قولىغە بىر سولتە ئېـ لىپ ئوردىسىدىن چىقىپ كەتتىلەر. بۇ ئارا- لىقدا ئۈچ كۈن ئۆتتى.

خۇسرەۋ شاھىنىڭ قاسىم ۋەزىر دەپ بىر ۋەزىرى بار ئىدى. ھەر كۈنى سالامغا كىرەر ئىدى، «ئۈچ كۈن بولدى، پادىشاھ كۆرۈنمەيدۇ،» دەپ، ۋەزىر قاسىم ھەرەم سارايغا كىردى، پادىشاھ يوق ئىردى. ئۇ ئەركانى دۆلەت بىرلە پادىشاھنى قوغلاپ ئۈچ كۈنلۈك يەرگە بارغاندا يەتتىلەر. بار- غانلار:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ساراڭ بول- دىڭىزمۇ، شۇنچە پادىشاھلىقنى تاشلاپ قە- يەرگە بارىسىز؟ — دېدى. پادىشاھ ئايدىكى:

—مەن بىر پادىشاھ بولسام، بۇ ۋاقىتـ قىچىلىك مەندە بىر پەرزەند بولمىسا، خۇدا- يىتەئالانىڭ دەرگاھىدا پەرزەند تەلەبىدە بولغايمەن، — دېدى.

ۋەزىر قاسىم پادىشاھنىڭ ئالدىنى تو- سۇپ تۇرۇپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سىز پەر- زەندىم يوق دەيسىز، سىزلەردىن مۇقەددەم ئۆتكەن نەچچەند پەيغەمبەر، ماشايىخ، ئەۋ- لىيالارمۇ پەرزەندسىز ئۆتكەن ئىكەن، — دەپ تەسەللى خاتىر بەرمەك ئۈچۈن نېمە دەي- دۇ قېنى:

پادىشاھىم ئەرزىم ئېشىت،
كىملەر ئۆتمىدى ئوغۇلسىز.
بىر خۇدانىڭ مەشھۇر دوستى،
مۇرسەل ھەم ئۆتتى ئوغۇلسىز.

نەفسى بىلەن جەڭلەر قىلغان،
ئىنجىل ئاڭا نازىل بولغان،
ئاسماندا مەكان تۇتقان،
ئەيسا ئۆتتى ھەم ئوغۇلسىز.

ئۈممەت ئۈچۈن زارى قىلغان،
كېچە - كۈندۈز يىغلاپ يۈرگەن،
رەسۇلۇللاھ خىرقىن كىيگەن،
ئۇۋەيس قىران ئۆتتى ئوغۇلسىز.

چاھ ئىچىندە شاھى زەندە،
چىن ئاشىقلار كىيەر جەندە،
بەھاۋىدىن نەقشىبەندە،
ئۇلار ئۆتتى ھەم ئوغۇلسىز.

بۇ ئالەمگە پادىشاھ بولغان،
دىۋ - پەرىگە ھۆكۈم سۈرگەن،
ھەق ئەمرىگە بويۇن سۇنغان،
سۇلەيمان ئۆتتى ئوغۇلسىز.

تۇر تاغىدا رازىن ئايغان،
تەۋرات ئاڭا نازىل بولغان،
ئاساسىنى ئەژدەر قىلغان،
مۇسا ئۆتتى بىر ئوغۇلسىز.

سەھرالارنى كېزىپ يۈرگەن،
بىر خۇداغا جانىنى بەرگەن،
مىلك ئۆلۈپ، مىڭبىر تىرىلگەن،
جەرجىس ئۆتتى بىر ئوغۇلسىز.

بىر خۇدانىڭ مەشھۇر دوستى،
ئانىڭ ئۈچۈن قىلدى بېھىشتى،
بارچىلارنىڭ مەھبۇب دوستى،
مۇھەممەد ئۆتتى ئوغۇلسىز.

قاسىم دەرلەر قۇل ئاتىنى،
قۇلاق سالغىل پەريادىنى،
ئىگەم بەرسۇن مۇرادىنى،
كىملەر ئۆتتى بىر ئوغۇلسىز.

پادىشاھ ئايدىكى:

— پەرزەندىسىز ئۆتكەن ماشايىخلارنىمۇ خوپ بىلىۋرمەن. ئامما بىر ئارمانىم قالمىسۇن، - دەپ پادىشاھلىقنى قاسىم ۋەزىرگە تاپشۇرۇپ يولغا راۋان بولدى. ئۈچ كۈنلۈك يەرگە بارغاندا ئالدىغا بىر مەردىكالان ئاقساقال كىشى ئۇچرىدى. دېدىكى:

— ئەي خۇسرەۋ، قەيەرگە بارۇرسىز؟

پادىشاھ بۇ مەردىكالان كىشىگە قاراپ تۇرۇپ نېمە دەيدۇ قېنى:

پىراق ئوتىدا كۆندە يالىمەن،
خۇدادىن بىر ئوغۇل تىلەپ يىغلارمەن،
ئەلدىن ئايرىلغان غەرىب گەدامەن،
ماڭا بىر ئاچىلغان گۇل دەپ يىغلارمەن.

كىمگە ئايتاي باشىمدىكى غەممىنى،
قەزا فەلەك ئەزدى يۈرەك - باغرىمنى،
بۇلبۇل ئېردى، خەزان ئۇردى باغىمنى،
ماڭا پەرزەند ئەتا قىل دەپ يىغلارمەن،

ئاللاھ سالدى غېرىبلىقنىڭ جەبرىگە،
قەزارىم يوق مېنىڭ تۇگىدىن - سولۇمگە،
تاپشۇردۇم تەختىمنى ۋەزىر قولۇمگە،
بىر پەرزەندسىز ئۆتكەنىمگە يىغلارمەن.

خۇسرەۋ ئايتۇر كۈنۈم ئاھ بىلەن كېچەر،
ئۆزۈم ئۆلگەن كۈنۈم چىراغىم ئۆچەر،
ئەجەل كېلىپ بىر كۈن تونۇمنى پىچار،
ماڭا ئوغۇل پەرزەند بەرگىل دەپ يىغلارمەن.

ئول يولۇققان كىشى ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسەلام ئېردىلەر. دېدىكىم:

— مەن بىر دۇئا قىلاي. سەن ھەزرىتى

ئەلىنىڭ قەدەم جايلارىنى ئىستەپ تاپىپ
مەدەد ئىستىئانەت تىلەگىل، — دەپ غايىب
بولدى.

پادىشاھ ھەزرىتى ئەلىنىڭ قەدەم جاي-
لىرىنى ئىستەپ تېپىپ، تەھارەت تازا قىلىپ،
ئىككى رەكئەت نەماز ئۆتەپ ھەزرىتى ئەلىنىڭ
روھىناتلىرىدىن مەدەد تىلەپ بۇ بېيىتنى
ئوقۇيدۇر:

تەڭرىنىڭ مەھبۇبى ئەھمەدى مۇختار،
سەن ئۇلارنىڭ نايىبى بولغان ئەلىسەن.
قۇدرەت بىلەن ئالدىڭسەن شەھرى خەيبەرنى،
كۇفرىلارنى دىن يولىغە سالغان ئەلىسەن.

دىن ئۈچۈن ئۆزۈڭنى سالدىڭ ئول سەۋدا،
كۇفرى ئەھلى بىلەن قىلدىڭ ماجەرا.
رەسۇلىللاھ باردى گۇنبەزى خۇزرا،
چىھىلتەنلەر سەردارى بولغان ئەلىسەن.

كەۋسەرنىڭ ساقىسى مەھشەر كۈنىدە،
يېشىل تۇغ قولىدا رەسۇل يانىدا،
ئالتىنچى كۆكدە مېئراج تۈنىدە،
رەسۇلىللاھ يۈگەنىن ئالغان ئەلىسەن.

غەرىب خۇسرەۋ ئايتۇر سىفاتلارىدىن،
بىر زاتى شەرىفى ئەرەب زەمىندىن،
نەچچە نەۋبەت كاپىرلارنىڭ قولىدىن،
ھۆكمى خۇدا بىرلە چىققان ئەلىسەن.

پادىشاھ ئول كېچە تەۋەججۇھ قىلىپ
ئولتۇردىلەر. كۆزى ئۇيقۇغە باردى. تۈشى-
دە كۆردىكى، ھەزرىتى ئەلى شاھىمەردان
ھازىر بولۇپ ئايدىكىم:

— ئەي خۇسرەۋ، ساڭا دەرگاھى
ھەقدىن پەرزەند تىلەپ بېردىم. ساڭا خۇ-
دايىتەئالا تۆرت پەرزەند ئەتا قىلدى، ئۈچ
ئوغۇل، بىر قىز. ۋە لېكىن بۇ ئوغۇللار ئون
تۆرت ياشىدا ئالەمدىن كېتۇر، — دېدىلەر.

پادىشاھ ئاھ تارتىپ ئويغانسە تو-
شى. پادىشاھ دېدىكىم: «بۇ ۋەقتىغىچىلىك
پەرزەندىم يوق دەپ يىغلاسام، ئەمدى خۇ-
دايىتەئالا پەرزەند بەرسە ئون تۆرت ياشقە
كىرگەندە ئۆلسە، مەن پەرزەند داغىدا نە-
چۈك تاقەت قىلۇرمەن. بۇنداق پەرزەند
بولغانىدىن بىپەرزەند ئۆتكەنىم ياخشىدۇر.
ئەمدى ئوردا‌غە بارىپ، پادىشاھلىقنى تاش-
لاپ، خاتۇنلارنى تالاق ئېتەيىن. بۇ خاتۇن-
لاردىن پەرزەند ۋۇجۇدغە كەلسە داغى
پەرزەند بولغۇدەكمەن» دەپ ئۆيىگە كەل-
گۈنچە بىپايانى پەرزەندىنىڭ ئېتىبارى نېمە
بولادۇر، دەپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

ۋالەئى كۆڭلۈم بۇ تۈشىگە گول بولما،
پايانى يوق پەرزەندىنىڭ ئېتىبارى ئولماس،
باشىڭ ئالىپ كەتكىل، بۇ يەردە تۇرما،
ئەمدى ساڭا لازىمى روزگار ئولماس.

بۇ كۆڭلۈم تىنمايدۇ بۇزارمەن بارىن،
بارىپ تاراج ئېتەيىن خانلىق دەپتەرىن،
ئوتلارغە سالاي دۇنيانىڭ بارىن،
مۇندا ئەمدى ماڭا روزگار ئولماس.

بىپايان پەرزەندنى كۆرۈپ نېتەيىن،
بارىپ خاتۇنلارنى تالاق ئېتەيىن،
ئۆلگۈنچە تەڭرىگە قۇللۇق ئېتەيىن،
ھەقغە قۇللۇق ئەتكەن ناموس-ئار ئولماس.

نە مۇشكۇلدۇر تەڭرىم پەرزەند بەرمىسە،
بەرگەن پەرزەند قىرىغۇنچە تۇرمىسە،
مىسكىن خۇسرەۋ ئۆلسە ھېچكىم كۆرمىسە،
كىشى مۇندىن ئارتۇق شەرمساز ئولماس.

ن ئەلقىسسە، پادىشاھ مىسرىغا يېنىپ كەل-
دى. خاتۇنلارنىڭ ئالدىغە كېلىپ دېدىكىم:

— ئەي خاتۇنلار، خۇدايىتەئالا ماڭا
سىزلەردىن پەرزەند بەرسە، ئون تۆرت ياش-
قە كىرگەندە ھەزرىتى ئەزرائىل ئەلەيھىسسە-
لام جانىنى ئالۇر ئىمىش. ئەمدى سىلەر ئۆز

ئەۋقاتىڭلارنى قىلىڭلار، — دەپ تەلاقىنى قولىغە بەردى. ئاندىن ئېمە دەيدۇ قېنى:

كېتەر بولدۇم كەئبەگە
سىزلەر ماڭا يار ئولماڭىز،
بۇ مېنىڭ كەسافەتىمگە
سىزلەر گىرىفتار ئولماڭىز.
بۇ كۈنى مۇندا بولۇپ،
مەن خەستەغە ھەمراھ بولۇپ،
قېرىلىقدا گەدا بولۇپ،
سىزلەر ماڭا يار ئولماڭىز.

دەپ ئىدى. جەمئى ئەركانى دەۋلەت، تاجدار ھاكىملار: «بىزلەرمۇ كەئبەگە بىرگە بارامىز» دەپ ئايدى.

پادىشاھ ۋەزىرى قاسىمغا ئايتتىكى:

ماڭا بىر جايى خىلۋەت راست قىلىپ بەرگىل. ئاندا ئىبادەت قىلاي، — دېدى. بىر جايى خىلۋەت راستلاپ بەردى.

پادىشاھ بىر كۈنى ئىستىبراھ شىكەستىگە كېلىپ بىر كېسەكدە ئىستىبراھ قىلىپ تۇرار ئېردى. قەزارا بىر چايان كېلىپ پادىشاھنىڭ ئالەتىگە زەھرىنى سالدى. پادىشاھنىڭ نالەئى زارەسى ئاسمانغە ئۆرلەدى. ۋەزىرى قاسىم پادىشاھنىڭ قاشىغە كىرىپ ھال سورىدى. پادىشاھ ۋاقىئەنى بەيان قىلدى. ۋەزىر قاسىم پادىشاھنى ئورداغە ئالىپ كەلدى. پادىشاھ بارچە ھۆكەمالارنى يىغىپ:

— بۇ دەردىمغە بىر ئىلاج قىلىڭلار، — دەپ ئىدى، ھۆكەمالار مۇجامىئەتكە بۇيرۇدى. پادىشاھ تەقدىرغە تەدبىر تاپالماي بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

رازى ئېردىم تەگرىم ئالسە بۇ جانىمنى،
باشدا ماڭا مۇنداغ كېپىل ئولماسە.
كۆڭۈل كەچمەي بۇ دۇنيانىڭ زەۋقىدىن،
كىشى تەبىب سۆزىگە ئەمەل قىلماسە.

باشدا مۇنداغ پۈتۈلگەندۈر قىسمەتىم،
جانغە ئافەت تۈشتى، يوقتۇر تاقەتىم،
كۆڭلۈمدە يوق ئېردى مۇنداغ نىيەتىم،
مەگەر ئەمدى جانغە زەرەر ئولماسە.

خۇسرەۋ ئايتۇر فەلەك بۇزدى شەئنىمنى،
ئوتقە سالدى گەۋھەر بىلە كانىمنى،
رازىدۇرمەن تەگرىم ئالسە جانىمنى،
بىر زەمان دۇنيادا ھايال بولماسە.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئىككى زەئىفەلەرىنى نىكاھ قىلدۇرۇپ، ھەر قايىسلارى بىرلەن مۇجامىئەت قىلدىلار. دەردى كۈندىن-كۈنگە دەفئ بولدى. تەقدىر ئىلاھى بىرلەن ئىككىلاسى ھامىلەدار بولدى. توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەتدە تەۋەللۇد قىلدى. چوڭ خاتۇنى ئىككى ئوغۇل تۇغدى. چوڭ ئوغلىنىڭ ئاتىنى شاھ ئەندۇق، كىچىكىنى شاقاسىم قويدى.

كىچىك خاتۇنى بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغدى. ئوغلىنىڭ ئاتىنى ھەمراھ قويدى، قىزىنىڭ ئاتىنى گۈلجەمىلە قويدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ بۇ پەرزەندلىرىنىڭ باشىدىن ئالتۇن-كۈمۈش، دۇررى-جەۋاھىراتلارنى نىسار قىلىپ، فەقىرلەرغە بېرىۋېردى.

بىر كۈنى پادىشاھ پەرزەندلەرىنىڭ ئۆمرىنى ھېساب قىلىپ باقسە ياشى ئون ياشقە كىرىپدۇر، تۆرت يىل ئۆمرى قالىپدۇر. مىسالى تۆرت كۈندۇر، دەپ زار-زار ئەبرى نەۋبەھار يىغلاپ ۋەزىر قاسىمنى چىرلاپ ئايتتىكى:

— ئەي قاسىم، بۇ فەرزەندلەرىنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغە يېتىپدۇر. بىر يىراق يەرگە ئالىپ بارغىل. ئۆلگەنىنى كۆزۈم كۆرمىسۇن، قولاقىم ئېشىتمەسۇن. مۇندا ئۆلسە مەن بىتاقەت بولۇرمەن، — دەپ، بەش يۈز تەۋەگە

ئاشلىق يۈكلەپ، قاسىم ۋەزىرنى قوشۇپ چىن ماچىنغە سوداغە بۇيرۇدى. كەيىندىن شەھەر خەلقى بىرلەن زار-زار چۇن ئەبرى نەۋ-بەھار يىغلاپ نېمە دەيدۇ قېنى:

مۇندىن كېتەر بولدۇڭ چىن-ماچىنغە،
بۇ ئۈچ پەرزەندىمنى ئاللاغە تاپشۇردۇم.
ئاللا سالدى جۇدالىقنىڭ دەردىگە،
قوزى-قوچقارىمنى ئاللاغە تاپشۇردۇم.

يېقىن يەتتى بىزلەرگە دېگەن مۇددەتى،
مەن نەيلەيىن پايانى يوق دەۋلەتى.
كۆزۈمنىڭ رەۋشەنى بىلىم قۇۋۋەتى،
كۆكۆل مەدارىمنى ئاللاغە تاپشۇردۇم.

پاياننى يوق پەرزەندنى خۇدا بەرمەسۇن،
يىراق كەتسۇن، بۇ يەرلەردە تۇرماسۇن.
ئۆلگەننى بەلكى كۆزۈم كۆرمەسۇن،
بۇ قوش چىنارلارنى ئاللاغە تاپشۇردۇم.

بوستان سالىپ سايەسىدە ياتمادىم،
كۆكسۈم ئاچىپ شادمان بولۇپ كۈلمەدىم.
پەرزەند تاپىپ مۇرادىمغە يەتمەدىم،
پەرزەندىمنى ئاللاھ ساڭا تاپشۇردۇم.

قاچان كېتەر مۇندىن يۈرەك ياراسى،
قۇشۇم ئۇچتى قولۇمدىن يوقتۇر ۋەفاسى.
قاراپ ئىزلەر يولۇڭغە كۆزۈم قاراسى،
بۇ ئۈچ پەرزەندىمنى ئاللاغە تاپشۇردۇم.

خۇسرەۋ ئايتۇر تەڭرىم تۇرۇر تەبىبىم،
مەدەد قىلۇر رەسۇلىللاھ ھەبىبىم.
ئەجەب ئىرمەس ئاللاھ بەرسە نەسىبىم،
شۇكقار-لاچىنلارىمنى ئاللاغە تاپشۇردۇم.

دەپ زار-زار يىغلاپ خوشلاشتى، ھەمرانىڭ ئاناسى كېلىپ، يۈزىگە تۇپراق ساچىپ يىغلاپ نېمە دەيدۇ قېنى:

ئەۋۋەل خۇداغە تاپشۇردۇم،
مەن سېنى جانىم بالام.

ئاندىن پىرىمغە تاپشۇردۇم،
مەن سېنى جانىم بالام.

گۈل ئاندا گۈل بولمادى،
غۇنچەسى ئاچىلمادى.
ئاچىلىبان ساچىلمادى،
غۇنچە كەبى جانىم بالام.

ئاتاڭنى سەن كىمگە قويدۇڭ،
ئاناڭنى سەن كىمگە قويدۇڭ.
يۈرەكىمنى داغدا قويدۇڭ،
بۇلبۇل كەبى جانىم بالام.

قان يىغلاسۇن جانىڭ ئاناڭ،
باشىڭدىن ئۆرۈلسۇن ئاتاڭ.
قايداغ قىلۇرسەن يوق ئۈكاڭ،
شىرىن سۆزلۈك جانىم بالام!

مېنى قويدۇڭ ھەمرا داغدا،
تاشلاپ كەتتىڭ ئاخىر چاغدا.
بۇلبۇل سايرار گۈزەل باغدا،
تاشلاپ كەتتىڭ جانىم بالام.

خىزىر بابام يولداش بولسۇن،
ئەلى پىرىم مەدەد قىلسۇن.
مەدەد قىلىپ يولىغە سالسۇن،
خوش كەتتىڭىز جانىم بالام.

مېھرىبان ئاناڭ ئەمدى نېتەر،
سەن يوق بىزدىن دەۋلەت كېتەر.
كۈندىن-كۈنگە بولدۇق بەتتەر،
خوش كەتتىڭىز جانىم بالام.

ئەلقىسسە، گۈل ئالسىڭىز گۈمۈش، تۇپراق ئالسىڭىز ئالتۇن بولسۇن، دەپ نەچچەند تاغار ھەمرانىڭ باشىدىن ئۆرۈپ فەقىرلەرغە ئۈلەشتۇرۇپ بەردى. ئاندىن ھەمرانىڭ سىڭلىسى گۈلجەمىلە ئاتاسىنىڭ خەزىنەسىدىن بىر گەۋھەرى شەب چىراغ ئالىپ كېلىپ ھەمراغە بەردى.

— ئەي ئاكا، بىر يەردە مۈشكۈل ئىش باشىمىزغە كەلسە سەدىقە قىلۇرسىز. قەزايى ئەملاق كەلسە دەفئى بولۇر. قەزايى مۇتلەق كەلسە ئاڭا ھېچ چارە يوقتۇر، — دەپ نېمە دەيدۇ قېنى:

ئۈچ ئاكام قاسىم بىلەن يولغە كىردى،
ھەمرا قېرىنداشىم ئاكام كەتتى.
چىن شەھىرى دەپ بىر چۆلگە كىردى،
ھەمرا قېرىنداشىم ئاكام كەتتى.

دەرد يەتتى، دەرمان كەتتى،
ئەملى ئايتغان مۇددەت يەتتى.
ئەۋبەت ئەمدى بىزگە يەتتى،
ھەمرا قېرىنداشىم ئاكام كەتتى.

ئۇتلار تۇشتى يۈرەكلەرغە،
پىچاق سالدى بىلەكلەرغە.
كېسىپ، توختار سۆڭەكلەرغە،
ھەمرا قېرىنداشىم ئاكام كەتتى.

گۈلچەمىلە سۆزلەرىدىن،
ياشلار ئاقسۇن كۆزلەرىدىن.
ھۇش كەتتى ھەم ئۆزلەرىدىن،
ھەمرا قېرىنداشىم ئاكام كەتتى.

دەپ زار-زار چۇن ئەبرى نەۋبەھار يىغلادى. ئاسمان-زېمىن نالەگە كەلدى. ھەمرا ئاتا-ئانىسى، سىڭلىسىغا قاراپ نېمە دەيدۇ قېنى:

يىراق كەتتى دەبان كۆڭۈلنى بۇزماڭ،
يىغلاماڭ جانلارىم بارساق كېلۇرمىز.
ئەمدى كەلمەسمىكىن دەپ ئۈمىدنى ئۈزمەڭ،
يىغلاماڭ جانلارىم بارساق كېلۇرمىز.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئوغلانلىرىنى ۋەزىر قاسىمغا تاپشۇردى. قاسىم ۋەزىر «چىن ماچىنغا نېمە ئالىپ بارغىنىمىز ياخشى بولۇر ئىكىن» دەپ، مىسىرنىڭ گۆزەرگاھىغە چىقىپ «چىن ماچىندىن كەلگەن كىشى بارمۇ» دەپ مۇنادى قىلدى، ئاندا چىن ماچىندىن كەلگەن سودىگەرلەر بار ئىكەن. ئۇلاردىن:

— چىن ماچىندا ئەھۋال قانداق؟ — دەپ سورىدى. سودىگەرلەر دېدىكىم:

— شەھرى چىن ماچىن بۇ ۋەقتلەردە ناھايەتى قەھەتچىلىكدۇر. شەھەرگە ھەمىدىن ئاشلىق ئالىپ بارغان خوپدۇر، — دېدى.

نەچچە مىڭ تۆۋەلەرگە ئاشلىق يۈكلەپ، ئۈچ ئوغۇلنى ئالدىغا سېلىپ «شەھرى چىن ماچىنغا بارىپ سەير قىلىپ كېلۇرمىز» دەپ يولغا رەۋان بولدىلار. ئاتا-ئانىسى، سىڭلىسى، ئۇلۇغ-كىچىك ھەممە زار-زار يىغلاشىپ شەھەرگە ياندى.

ئەلقىسسە، بۇ ئۈچ شەھزادە بىلەن قاسىم ۋەزىر نەچچەند كۈن يۈرۈپ، ھەنزىل مەراھىللارنى تەي قىلىپ، بادىيەلەرنى قەتئ ئەيلەپ، ئاخىرى چىن ماچىننىڭ «تەۋەككۈل دەشت» دېگەن قاراۋۇلغە يەتتى. قاراۋۇل باشى ئايدىكىم:

— سىزلەر نېمە ئادەملەر؟ نە يەرگە بارۇرسىزلەر؟ — دېدى. بۇلار:

— چىن ماچىنغە مىسىر شەھىرىدىن ئاشلىق ئېلىپ كەلدۇق، — دېدى. ئاندا قاراۋۇل باشى دېدىكىم:

— سىزلەر شۇبۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭىزلار، مەن كىرىپ پادىشاھىغە مەلۇم قىلاي. كىرسۇن دېسە كىرىڭىزلەر، — دەپ، قاراۋۇل باشى پادىشاھنىڭ ئالدىغە كىرىپ:

— تەقسىر پادىشاھىم، مىسىر شەھىرىدىن بىرمۇنچە كىشىلەر ئاشلىق ئالىپ كېلىپدۇر، — دېدى. پادىشاھ خۇشال بولۇپ، كاناي-سۇناي چالدۇرۇپ، ئەركانى دۆلەتلەر بىلەن بۇلارنىڭ ئالدىغە چىقىپ شەھەرگە تەكلىپ ئېتىپ، ئىززەت-ئىكراملار

بىلەن ئېلىپ كىردى. بۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن مېھمانخانا تەئيىن قىلىپ تۇشۇرۇپ قويدىلار. بۇلاردىن پادىشاھ سورىدىكىم:

— بۇ ئاشلىقلارنى ساتارمۇسىزلەر؟ — دەپ ئېردى، شاقاسىم ۋە شاھ ئەندۇقلار «ساتارمىز» دېگۈنچەلىك ھەمرابەگ:

— بۇ ئاشلىقلارنى ساتمايمىز، خۇدا يولىدا نەزىر قىلادۇرمىز، — دېمەك ھامان ئىككى ئاكاسىنىڭ ئاچچىغى كەلدى.

ھەمرابەگ بۇ ئاشلىقلارنى بىر يەرگە جەمئى قىلىپ دۆۋىلەپ، ئوتتۇرىغا مۇمۇن قاداپ شەھەرى چىن ماچىن خەلقىنى:

— ئېلىڭلار، خۇدايى قىلدىم، — دېمەك ھامان ھەممە خەلايىق ئالغىلى تۇردى. يەتتە كېچە - كۈندۈز توشۇدىلار، تۈگىمىدى. ھەمرابەگ:

— تويدۇڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدىلار. ھەممە خەلايىق:

— ئەمدى تويدۇق، — دېدى. ئاندىن پادىشاھنىڭ ساقىغە توشۇدى. ساڭ تولغاندىن كېيىن مۇمۇننىڭ ئۇچىغە بىر كەبۇتەر قوندى. كەبۇتەر غايىب بولدى، ئاشلىقمۇ غايىب بولدى. ھەمرابەگ «ئاشلىقلارنى ئېلىڭلار» دېمەك ھامان دەريالاردىن سۇلار تاشتى. مېۋىلەر پىشىپ گۈل - گۈلزارلىق بولدى. پادىشاھ ۋەزىر ئۇمەرالىرىغا قاراپ دېدىكىم: شۇنداغ قەھەتچىلىك بولۇۋاتقان شەھەرگە ئاشلىق ئېلىپ كەلگەن ئادەمنى نېمە قىلماق لازىم؟ — دېدى. ۋەزىر - ئۇمەرالار دېدىكىم:

— ئەقسىر پادىشاھىم، مۇنداغ ئادەم ھايات بولسە پىر تۇتماق كېرەك، ئەگەر ئۆلگەن بولسە مەزار قىلماق لازىمدۇر.

ئاندىن تەمام ئەركانى دۆلەت باشلىغ ھەممەسى ھەمراغە مۇرىد بولدىلار.

بىر كېچەسى ھەمرا بەگ مېھمانخانادە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرۇپ ئېردى. ئىككى ئاكاسى ئېشىكنى ئاچراتىپ كىرىپ:

— بۇ ئاشلىقلارنى ساتالى دېسەك، سىز خۇدايى قىلەسىز؟ - دەپ ھەمرانى باسىپ بىر نەچچە كالتەك ئۇردى. ھەمرابەگ ئايدىكىم:

— ئەي ئاكالارىم، سىزلەرگە پۇل كېرەك بولسە مانا پۇل، — دەپ ھېلىقى ئىككى گەۋھەرنى بەردى. بۇلار چىقىپ كەتتى.

بىر نەچچە زەماندىن كېيىن ۋەزىر قاسىم مىسىردىن چىققاننى ھېساب قىلىپ باقسەلەر ئون ئۈچ ئاي بولۇپدۇر. «ئۆلەدۇر» دېگەن مۇددەتدىن بىر ئاي ئېشىپدۇر. ۋەزىر قاسىم دېدىكىم «بۇلارگە خۇدايىتەئالا ئۇمرى داراز قىلغانمىكى، بۇلار تېخى تىرىك يۈرۈيدۇ» دەپ، بەگزادەلەر قېشىغا كىرىپ:

— ئەمدى يۇرتۇمىزغە يانساق، — دېدىلار. بۇلار خۇشھال بولۇپ بىر كېچەدە شەھەردىن ئوزۇلۇپ چىقتىلەر. بۇلارنىڭ كەينىدىن چىققان ئادەمنى ھېساب قىلىپ باقسە توقسانمىڭ ئادەم بىللە چىقىپدۇر. ھەمرابەگ ۋەزىر قاسىمغە:

— ئەمدى يانىپ مۇنادى قىلىڭ. ھەر كىشى بىزنىڭ بىلە مىسىرغا بارسە، بارغىچىلىك ئاب - ئاش، يول خىراجاتى بېرىپ بىللە ئالىپ كېتەرمىز. مىسىرغا بارغاندا ھەر بىرىگە ھويلا - ئىمارەت، يەر - سۇ تەئيىن قىلىپ بېرۇرمىز، دەپ مۇنادى قىلىڭلار، — دېدىلەر. ۋەزىر قاسىم شەھەرگە كىرىپ مۇنادى قىلغانىدا، يەنە توقسانمىڭ ئۆيلۈك ئادەم بىللە چىقتىلار. بۇ جەمئى يۈزسەكسەنمىڭ ئادەم بولۇپدۇر. بۇلار بىلەن چىن ماچىندىن چىقىپ شەھەرى مىسىرنىڭ ئارالىقىدا كېلىپ ياتۇر ئېردىلار. ئەرابى سۇرەتىدە

بىر ئادەم كېلىپ سالام قىلدى ۋە بۇ بەگزادىلەرنىڭ ئالدىنى توساپ:

— ئەي گۇدەكلەر، ئامانەتنى بېرىڭلار، — دېدى. ئاندا ھەمرابەگ دېدىكىم:

— بىزدە كىشىنىڭ نېمە ئامانىتى بار؟ — دېدى. ئول ئەرابى ھەزرىتى ئەزرائىل ئەلەيھىسسەلام ئىردى. ئۇ:

— سىزلەردە جان ئامانىتى بار ئىكەن، — دېدى، — ئەمدى ھەقدىن جان ئالغىلى كەلدىم، — دېيىشى ھامان ھەمرابەگ:

— جان ئامانىتى بولسا ھېچ ئىلاج قىلىپ بولماس. ئەمدى ئۇشبۇ خەلايىقلار بىلە بىر ۋىدالاشىپ ئالاي، — دەپ زار-زار يىغلاپ نېمە دەيدۇ قىڭىنى:

چىقادۇر جانىم بۇ تەندىن ئەي نىگارىم ئەلۋىدائ،
بىر زەمان سەبىر ئەيلەمەس روھى رەۋانىم ئەلۋىدائ.
جانۇ تەندىن ئايرىلىپ، سىندى قاناتىم قايرىلىپ،
ئوتتۇز ئىككى پارە بۇ تەن - ئۇستىخانىم ئەلۋىدائ.

ھەر كىشى جاندىن كېچىپ كىرسە ئىشقىنىڭ بەھرىگە،
يەنە ھەقدىن قورقامەن، جان ئاچچىغىنىڭ قەھرىگە.
ئەزرائىلنىڭ زەخمەتى يەتتى بۇ جانىنىڭ قەئرىگە،
ئايرىلىپ چىقسە بۇ جانىم ئۇشبۇ تەندىن ئەلۋىدائ.

ئايتىڭىزلار ياقاسىن چاك قىلماسۇن جانىم ئانام،
«ۋاي بالام» دەپ ئۆزىنى غەمناك قىلماسۇن جانىم ئاتام.
رازى بولسۇنلار - مېنىڭدىن چوڭ - كىچىكۇ خاس - ئام،
مەن جۇدا بولدۇم ئۇلاردىن خانىمانىم ئەلۋىدائ.

ھەمرا ئايتۇر ھەق تەئالا ئۆزىدۇر خەيرۇل - بەشەر،
بىرنى قىلدى ماھىتابان، بىرنى قىلدى كۆككە سەير،
تەختۇ بەختىم تاشلابان قىلسام بۇ دۇنيادىن سەپەر،
بۇيرۇساڭ پەرۋەردىگارىم نۇرى ئىمان ئەلۋىدائ.

ياشىم ئون تۆتكە كىرىپدۇر مەن كىرەي يەر قەئرىگە،
مەن نەچۇك تاقەت قىلاي جان ئاچچىغىنىڭ دەردىگە.
ئۆلگەنىمنى كىم بارىپ ئايتۇر بۇ مىسرى شەھرىگە،
ھەم ئاتام بىلە ئانام، جەمىلە سىڭلىم ئەلۋىدائ.

دەپ يىغلاپ تۇردى. ئەلقىسسە، ھەزرىتى ئەزرائىل ئەلەيھىسسەلام جان ئالغىلى قەست قىلدى. ۋەزىر قاسىم كۆردىكى، بۇ ئوغۇللار ئاتىسى يەرگە يىقىلىپدۇر، جان تىرناقتا كېلىپدۇر. ۋەزىر قاسىم دەرھال قەلەندەرلىك لىباسىنى كىيدى، زار-زار يىغلاپ:

— ئەي خەلايىقلار، ئاللاتائالا ئايتىپدۇركى، ئەلبەتتە ئامىن مىڭغە يەتسە ئېجابەت بولۇر. ھەممەڭلەر ئامىن دەڭلەر.

مەن رەسۇلۇللاھدىن مەدەد تىلەيمەن. شايەدكى ئاللاتائالا ئىجابەت قىلسا ئەجەب ئېمەس. بۇلەرگە ئۆمرى داراز ئەتا قىلسا كېرەك، — دېدى. ۋەزىر قاسىم قەلەندەر لىباسىنى — باشىغە كۇلاھ، ئەگنىگە جەندە كىيىپ خەلايىقلار بىلەن دۇئاغا قول كۆتىرىپ، رەسۇلۇللاھدىن مەدەد تىلەپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

قادىر ئاللاھ ئىگەم مېنىڭ پەناھىم،
رەسۇلۇللاھ مەدەد بېرۇر كۆنۆگدۆر.
سەندىن ئۆزگە يوقتۇر مېنىڭ ئىلاھىم،
رەسۇلۇللاھ مەدەد بېرۇر كۆنۆگدۆر.

ئىككى ئالەمدە دۇرسەن بىرۇ بارىم،
تىرىكنى ئۆلتۈرۈرسەن پەرۋەردىگارىم.
ئۆلۈكنى تىرگۈزۈرسەن قادىر ئىلاھىم،
رەسۇلۇللاھ مەدەد بېرۇر كۆنۆگدۆر.

ئۈچ ئوغۇلدۇر بىر ئاتادىن تۇغۇلغان،
غەرىبلىق بۇ چۆللەردە ھەيران بولغان،
رەھم ئەيلەسەڭ نە بولغاي بىر ئاتىڭ رەھمان،
رەسۇلۇللاھ مەدەد بېرۇر كۆنۆگدۆر.

شاھ خۇسرەۋنىڭ مىسىر ئېلىندە تەختى بار،
بۇ نە ئاپەت، بۇ نە مېھنەت سەختى بار،
بۇ ئۆلۈمنىڭ قېرىلىقدا ۋەقتى بار،
رەسۇلۇللاھ مەدەد بېرۇر كۆنۆگدۆر.

قەلەندەرمەن باشىمدادۇر كۇلاھىم،
سەن-سەن مېنىڭ ئەۋۋەل-ئاخىر پەناھىم،
جاننى تەڭغە باغىشلا قادىر ئىلاھىم،
رەسۇلۇللاھ مەدەد بېرۇر كۆنۆگدۆر.

قىزىل يۈزى سارغارىبان سولمىسۇن،
ئەجەل يېتىپ پەيمانەسى تولمىسۇن،
تىلەكىم شول قېرىنغۇنچە ئۆلمىسۇن،
رەسۇلۇللاھ مەدەد بېرۇر كۆنۆگدۆر.

قاسىم ئايتۇر ئالغىل مېنىڭ جانىمنى،
ئوتغە سالغىل گەۋھەر بىلە كانىمنى،
يەرگە تۆككىل قەترە-قەترە قانىمنى،
رەسۇلۇللاھ مەدەد بېرۇر كۆنۆگدۆر.

دەپ تەئزىيەت تۇتۇپ تۇرغانىدا ھەممە خەلايىقلاردىن غۇلغۇلە پەريادى چىقتى:

— ئەي بارا خۇدايا، بۇ پەرزەندلەرگە ئۆمرى دەراز ئەتا قىلغىل، ياكى ھەممەمىزنىڭ جاننى ئالغىل، — دەپ يىغى-زارى قىلىشتى. خۇدايىتەئالانىڭ رەھم ئىنايەتى بىرلە شول زەمان قۇلاقىغە بىر ئاۋاز كەلدىكىم:

— ئەي قاسىم، دۇئايىڭ مۇستەجاب بولدى. بۇ يىگىتلەرگە ھەر قايىسىغا يۈز يىگىرمە يىلدىن ئۆمر ئەتا قىلدىم.

بۇ نىدايى ھەق ئىشىتىلگەندىن كېيىن بۇ پەرزەندلەر تىرىلىپ ئورنىدىن قوپتى. ھەممە خەلايىقلار شادۇ خۇررەم بولدىلار. شول يەردە خۇدايىتەئالاغە ئۈچ كېچە-كۈندۈز شۈكرى-سەنالار قىلدى. ئاندىن يولغە رەۋان بولدىلار.

بۇلار نەچچە كۈن يول يۈرۈپ مىسىرغا يەتكىلى يىگىرمە بىر كۈن قالغاندا ۋەزىر قاسىم دېدىكىم:

— ئەي بەگزادىلىرىم، ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىزلەر. مەن سىزلەردىن ئىلگىرى بارىپ ئاتاڭلارغا ئۆلۈپ تىرىلگەن خۇش خەبەرنى يەتكۈرسەم، — دېگەنىدە بۇلار رۇخسەت بەردىلەر. ۋەزىر قاسىم يىگىرمە بىر كۈنلۈك يولنى يەتتە كېچە-كۈندۈزدە يېتىپ مىسىرغە كەلدى ۋە شاھ خۇسرەۋنىڭ ئورداسىغە كىردى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ پەرزەندلىرىنىڭ ئوت-پىراقىدا باغرىنى ھۆل يەرگە ياقىپ، كېچە-كۈندۈز يىغلاپ ياتىپ ئېردى. ۋەزىر قاسىم پادىشاھنىڭ ئورداسىغە كىرىپ نېمە دەيدۇ قېنى:

پادىشاھىم ئەرزىم ئىشىت،
جان بىرلە جانانىڭ كەلدى.
ئاسان بولدى ھەر مۈشكۈلۈڭ،
خەتەرلىك كارۋانىڭ كەلدى.

بايان قىلاي دۇئاسىنى،
يۈرەكىڭنىڭ داۋاسىنى،
ئىگەم ياندۇردى قەزاسىنى،
كەتكەن ئوغلانلارىڭ كەلدى.

ئاچىلدى باتىن بۇلاقىڭ،
يۈرەكدە قالمىدى داغىڭ.
ئىگەم ياندۇردى چىراغىڭ،
قوزى-قوچقارلارىڭ كەلدى.

قاسىم ئۆلۈگىنىڭ دادىغە،
ئۇلاق سالغىل پەريادىغە.
ھەق يەتكۈردى مۇرادىغە،
كەتكەن پەرزەندلەرىڭ كەلدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ۋەزىر قاسىمدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، كۆڭۈللەرىنى بۇزۇپ يىغلاپ ئورنىدىن قوپۇپ ۋەزىر قاسىم بىلەن كۆرۈشۈپ ھال-ئەھۋاللارنى بىر-بىرىگە بەيان قىلىپ يىغلاشتى. قاسىم ۋەزىر يولدا ئۆلۈپ تىرىلگەن ئەھۋاللارنى بەيان قىلدى. ئاندىن پادىشاھ ئۇلۇما-ھۆكەمالارنى يىغىپ ئوغلانلارىنىڭ ئالدىغە چىقىپ كۆرۈشتىلەر. ئاندىن ئۇ شادلىقىدىن قايسى بېيىتنى ئوقۇيدۇ قېنى:

شۈكرى ئەمدى قالغان بۇدەم،
يەنە روزىگار ئولدى.
خازانلىق مۇھەببەت باغىم،
قايتا باشتىن گۈلزار ئولدى.

ئىچىڭ خەزىنەلەر زەررىن،
پۈتۈگلەر خانلىق دەپتەرىن،
كۆردۈم ئوغلانلارىڭ يۈزىن،
قايتا باشتىن گۈلزار ئولدى،

ھاسىلدۇر دىلىم مۇرادى،
كۆڭلۈم بولدى بۈگۈن شادى.
ئاچىلىپ غەمنىڭ سوداسى،
قايتا باشتىن گۈلزار ئولدى.

كەڭرىم يەتكۈزدى كەماله،
چەكمەس بولدۇم ئاھۇناله،
ئېچىلدى تېز گۈل ۋە لاله،
تەختى بەختىم گۈلزار ئولدى.

خۇسرەۋ ئايتۇر كۆڭۈل خۇشۇم،
كەتتى ئەمدى غەم ۋە قايغۇم،
بۈگۈن قوندى دەۋلەت قۇشۇم،
بەختىم ئۆيى گۈلزار ئولدى.

ئەلقىسسە، ئوغلانلار ئاتتىن يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ ئاتىسى بىلەن كۆرۈشتى. شادمان بولدى. ئاندىن ئۇلارنى شەھەرگە باشلاپ كىرىپ باشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى بەيان قىلدى. شاھ خۇسرەۋ مىسىردىن كەلگەن 180 مىڭ ئۆيلۈك ئادەمنىڭ ھەر قايسىسىغا جاي تەئيىن قىلدى. ئاندىن ئوغۇللىرىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، شەھەرنى ئايىنە باغلاپ، بارلىق خەلايىقلارنى جۇغلاپ يارلىغ قىلدى:

— قىرىق كېچە-كۈندۈزگىچە ئۆيۈڭلەردىن ھېچنەرسە يېمەيسىزلەر، پادىشاھلىقتىن يەيسىزلەر. بەناگاھ ئۆيۈڭلەردىن تۈتۈن چىققانىنى كۆرسەم، ھەممەڭلەرنى قەتلى ئام قىلغۇمدۇر، — دەپ مۇنادى قىلدى. شۇبۇ تەرىقىدە قىرىق كېچە-كۈندۈز مەجلىس بۇنياد قىلدىلار.

ۋەقتىكى بەھار بولدى. بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىر قاسىمغا:

— چاھار باغنى مەجلىس ئاراستە قىلسۇن. ئۈچ ئوغلۇم، خاتۇنلارىم، تەمام ئەركانى دۆلەتلەرىم بىلەن ئۈچ كېچە-

كۈندۈز مەجلىس ئاراستە قىلىپ، كۆڭلۈمـ
نى خۇرسەنـد قىلغۇمـدۇر، — دەپ ئېـردى،
ۋەزىر قاسىم دەرھال چاھار باغنى مەجلىس
ئاراستە قىلدۇردى.

پادىشاھ ئوغۇللىرى ۋە تەمامىي ئەر-
كانى دۆلەتلىرىـگە ئۈچ-كېچە كۈنـدۈز
مەشرەب بېرىپ مېھمانـدارلىـقىقە مەشغۇل
بولدى. شۇندىن كېيىن شاھ خۇسرەۋ شاد-
مان بولۇپ، پەرزەندلىرىنى مەكتەپكە بەردى.
پادىشاھـنىڭ غـەم-غۇسـسەسى فـەراموش
بولدى ۋە شادلىقىقە يەتتى. بىناگاھ پادىشاھ
بىر كۈنى بىر باغنىڭ ئىچىندە ئولـتۇرۇپ
كۆزى ئۇيقۇغە باردى. تۈشىندە كۆردىكىم،
بىر چاھار باغدا سەير-تاماشا قىلىپ يۈرۈر
ئىدى. ئالدىغا 40 قىز كەلدى. بۇ قىز-
لارنىڭ ئاراسىدا ئاپتاپ تەلئەت بىر مەلىكە
بار ئىدى. ئۇ پادىشاھنىڭ يانىغە كېلىپ
ئولتۇردى. ئول مەلىكەنىڭ قولىدا ئالتۇن
قەفەستە ئەجايىب بىر جاندارنى كۆردى.
شول ھالدا ئول مەلىكە جاندارغا باقىپ بىر
سۆزلەپ ئىدى، ئول جاندار قەفەسدىن چى-
قىپ «ھەيھات، ئادەمزاد» دەپ بىر سايراپ
ئىدى، ئۇنى مەغرىبتىن مەشرىقىقە ئىشىتىل-
دى. ئاغزىدىن رەڭگارەڭ گۈللار ئاچىلدى.
ئالەمنىڭ ئىچى ئۇد-ئەنبەر بۇيىدا گۈل-
زارلىق بولدى. ئول جاندارنىڭ ئاغزىدىن
بىر پارە ئوت چىقىپ پادىشاھـنىڭ سىنە-
سىگە بەند بولدى. ئاندا پادىشاھ ئايدى:

— ئەي مەلىكە، بۇ قۇشنىڭ جاي-
مەنزىللىرى نە يەردە؟ ئۆزى نەچۈك
قۇشدۇر؟

مەلىكە ئايدىكى:

— بۇ بۇلبۇلگويا قۇشدۇر، — دېدى.

پادىشاھ:

— بۇ قۇشنى ساتارسەنمۇ؟ — دېدى،

مەلىكە:

— ساتسام نېمە بېرۇرسەن؟ — دېدى.

— ئەگەر ئالتۇن دېسەڭىز ئۈچيۈز
ئاتمىش شەھرىم بار، ھەر شەھەردە قىرىق
خەزىنەدىن ئالتۇنۇم بار، ھەممەسىنى بې-
رەي. ئەگەر شەھەر دېسەڭ ئۈچيۈز ئات-
مىش شەھرىمنىڭ ھەممەسىنى بېرەي.
ئەگەر غۇلام دېسەڭ قىرىقمىڭ غۇلام بې-
رەي، — دېدى. ئاندا مەلىكە قەھقەھ بىلەن
بىر كۈلۈپ دېدىكىم:

— ئەي پادىشاھ، ئەگەر ئالتۇن سو-
رساڭ بىزلەردىن سورغىل. بەشيۈز يىللىق
يەردىكى كۇھـقاف پادىشاھىنىڭ قىزى
بولۇرمەن. بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممەسى ئال-
تۇندىن، تام-تورۇسلىرى ھەم ئالتۇندىن-
دۇر. بىزلەر ئالتۇندىن بىھاجەتدۇرمىز. ئە-
گەر شەھەر دېسەڭ كۇھقاف ئىچىندە تۇ-
مەنمىڭ شەھەرلىرىم بار. شەھەردىن، غۇ-
لاملاردىن بىھاجەتدۇرمىز، — دېدى. ئاندا
پادىشاھ دېدىكىم:

— قانداق قىلسام بولۇر؟

مەلىكە ئايدى:

— قەدەم رەنجىدە قىلسە قولىغە
كەلگۈسىدۇر.

ئاندا پادىشاھ بۇ قۇشنىڭ جاي-
مەنزىللىرى نەيەردە، سىلەرنىڭ جاي-مەن-
زىللىرىڭلەر نەيەردە؟ دەپ سورماق ئۈچۈن
نېمە دەيدۇ قىنى:

چىن بىرلە باقىشلىغ جەبرائىل پەرى،
تازە نەۋجەۋانىم قايدىن كېلۇرسەن؟
شەمسى قەمەر يۈزلۈك، زۇلفى ئەنبەرلىك،
كۆزلىرى مەستانە قايدىن كېلۇرسەن؟

ئاتىڭنى سەن ماڭا ئەيان ئەيلەگىل،
كەلگەن جايىڭنى ھەم بەيان ئەيلەگىل،

قايسى ئىقلىم شاھى سەن ئەيان ئەيلەگىل،
مېنىڭ ئۇشبۇ باغىمغە قايدىن كېلۇرسەن؟

نازۇكغىنە قوللارىڭ بوياپسەن قانە،
پەرىشان زۇلفۇڭنى ئوراپسەن شانە،
يۇسۇفكە ئوخشە مېنى سالمە زىندانە،
زۇلەيخا نىشانىم قايدىن كېلۇرسەن؟

ئاندا مەلىكە جاي - مەنزىللىرىنى بەيان قىلماق ئۈچۈن پادىشاھغا قاراپ نېمە دەيدۇ:

مېنى سورىساڭ پەرىلەرنىڭ خانىمەن،
جايىم شەھرى شەبىستاندىن كېلۇرمەن.
فەھم ئەيلەسەڭ جىن شەھرىنىڭ خانىمەن،
خەزانى يوق گۇلىستاندىن كېلۇرمەن.

ئۇزرانىڭ ھەمدەمى دەريادا جايى،
ئالەمنى كۆيدۇردى ۋامۇقنىڭ ئاھى،
ئاتىمنى سورىساڭ پەرىلەر شاھى،
ياقۇتلۇق، گۇھەرلىك كاندىن كېلۇرمەن.

ئەگەر ئاشكار ئەيلەسەم سىررى نىھانىم،
بەشيۈز يىللىق يول بولۇر مېنىڭ مەكانىم،
ئاتىم پەرىدۇر مېنىڭ يوقتۇر مەكانىم،
بىلسەڭ شەھرى شەبىستاندىن كېلۇرمەن.

شەھرىمىزدە باردۇر ئالتۇن - كۆمۈشلەر،
سېنى ئاشىق، بىزنى مەئشۇق دېمىشلەر،
مەن پەرىمەن مەندە مەكان نە ئىشلەر،
بىلسەڭ شەھرى شەبىستاندىن كېلۇرمەن.

شاھرۇخ شاھنىڭ قىزىمەن ئاتىم بىر گۇلدۇر،
غەمىمدىن پەرىلەر شەيدا بۇلبۇلدۇر،
تا ئۆلگۈنچە قىلغان قەرارىم شولدۇر،
فەھم ئەيلەسەڭ شەبىستاندىن كېلۇرمەن.

دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇغاندىن كېيىن پادىشاھ سورىدى:

— ئەي مەلىكە، ئۆزلىرى پەرىزادمۇ يا ئادەمىزادمۇ، — دەپ گېپىرىدى، مەلىكە دېدىكىم:

— ئالدىڭىزدا قاچاي، قوغلاپ تۇتۇپ ئالساڭىز ئادەمىزاد، بولمىسا پەرىزاددۇرمەن، — دېدى.

پادىشاھنىڭ ئالدىدىن مەلىكە قاچتى، پادىشاھ قوغلىدى، يېتەلمىدى. مەلىكە قەھقەھ بىلەن بىر كۈلۈپ غايىب بولدى. پادىشاھ بىر ئاھ تارتىپ ئويغاندى. باقسالار كۆرگەن تۈشى ئىكەن. پادىشاھ ئول جاندارنىڭ ئىشقىدا تاقەت قىلالماي زار - زار يىغلاپ، باغرىنى ھۆل يەرگە ياقىپ بىھۇش بولدى. تەمام ئەركانى دۆلەت، ۋەزىر - ئۇمەرالار يىغىلىپ كىرىپ پادىشاھنىڭ ئەھۋاللارىنى سورىدى. پادىشاھ ئىشق دەردىدىن ئاھ تارتىپ نېمە دەيدۇ قېنى:

ناگەھان بىر باغدا كۆردۈم ئۆزۈمنى،
بارچە بۇلبۇللار تۇرۇپ پەرياد ئەيلەدى.
يىتتۇردۇم ئاغزىمدىن ئايغان سۆزۈمنى،
ئەقىلىم ئالىپ، ھۇشۇمنى بەرباد ئەيلەدى.

يىغىلىپ كەلدىلەر بۆلەكچە قىزلەر،
ھەر بىر شاھتۇتى سۆزىنى سۆزلەر،
ئەرزىمنى ئىشىتىڭ ساھىب تەمىزلەر،
جادۇ كۆزى بىزلەرگە جەللاد ئەيلەدى.

قەفەس ئىچرە كۆردۈم بىر قۇش مۇنەققەش،
جانىمنى ئۇۋلادى ئول يەرگە يەتكەچ،
شۇم فەلەك ئۇچۇردى بادىمى غەشغەش،
شاد كۆڭلۈمنى مېنىڭ ناشاد ئەيلەدى.

سەسكەنىپ ئويغاندىم بولدۇم يىگانە،
ھەجر ئىشق ئوتى تۈشتى بۇ جانە،
ئاچىلىبان گۇللارى بولدى خەزانە،
جەببار بىزگە بۇ قىسمەتلەر ئەيلەدى.

خۇسرەۋ ئايتۇر بۇدۇر ئاھ ئىلە زارىم،
ئەمدى تەرك ئەيلەرمەن نامۇسۇ ئارىم،
بىر زەمان كۆرمەسەم يوقتۇر قەرارىم،
ئاشىقنى بىقەرارلار فەرياد ئەيلەدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئايدىكى:

— ئەمىرلىرىم، مەن چۈشۈمدە بىر
قۇش كۆردۈمكى، ئۇل قۇشنىڭ تۇمشۇقلى-
رى ياقۇتتىن، قاناتلىرى زۇمرەتتىن، قۇي-
رۇقلىرى زەبەرجەددىن، ئاياغلارى مەرۋا-
يىددىن، تىرناقلارى مەرجاندىن، باشلارى
گەۋھەردىن. بۇ سۈپەت بىلەن قەددى قا-
مەتىنى تۈزۈپ بىر سايراپ ئېردى، زەمىن-
زەمان، مەكىنۇ-مەكان نەئرگە كەلدى. ئۇل
قۇشنى كۆرمەك ھەمان ئىشق ئۇتى مېنى
بىقەرار قىلدى. تولا بىتاقەت بولدۇم.
شول قۇشنى ھەركىم كەلتۈرۈپ بەرسە،
تاجى-تەختىمنى شول كىشىگە بەرسەم، —
دېدى. ئاندا ۋەزىر-ئۇمەرالارى ئايدى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئانداغ قۇش
بۇ ئالەمدە يوقتۇر. بولسەمۇ كۇھىقاف پە-
رىلەرىنىڭ شەھرىدە بولۇر. ئانىڭ مەنزىل-
لەرى بەشيۈز يىللىق يەردە بولۇپ، ئۇلار
مەنزىلىغە قايداغ ئادەم يېتەر. بۇ ئىشغە
نەچۈك تەدبىر قىلماق كېرەك؟ — دېدى.
پادىشاھ خۇسرەۋ باشىنى تۆبەن سالىپ ئول-
تۇردى. ھېچكىمدىن ئۈن چىقمىدى. ئاخىر
قاسىم ۋەزىر ئورنىدىن قوپۇپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم پەناھ، ئەت-
راپى-ئالەمگە، شەھەر-شەھەرگە نامە ئى-
بەرەيلى، ئۇل قۇش بىلەن مەلىكەنى ئىس-
تەسۇن. ئۆزىنى تاپارمىز يا خەبەرىنى ئا-
لۇرمىز. ئاڭا بېقىپ ئىش قىلماق كېرەك، —
دېدى.

بۇ سۆز پادىشاھغا مەئقۇل ئىشتىلدى.
ئاندا ۋەزىر قاسىمغا:

— بۇ قۇشنى سىز ئىستەپ باقىڭ. بۇ
ئىش سىزدىن بۆلەك كىشىنىڭ قولىدىن
كەلمەس، — دېدى، ۋەزىر قاسىم «خوپ
بولغاي» دەپ جابدۇغ قىلىپ ئەتراپى-
ئالەم شەھەرلەرگە چىقىپ كەتتى. ھېچيەر-
دىن خەبەرىنى ئالالماي بىر يىلدا يېنىپ
كەلدى. پادىشاھغە خەبەر بولدىكىم «قاسىم
ۋەزىر كېلىپدۇر» دەپ. ئاندا پادىشاھ پېش-
باز ئالدىغە چىقتى. ئۇل قۇشنىڭ بار-
يوقىنى سورىدى.

— ھېچيەردىن نىشان تاپالمىدىم، — دې-
دى قاسىم ۋەزىر. پادىشاھنىڭ كۆڭلى پەرى-
شان بولۇپ ئىدى، پادىشاھنىڭ ئىككى
ئوغلانلىرى:

— ئەي ئاتا، بىزلەرگە رۇخسەت بەر-
سەلەر، شايەدكى ئۇل قۇشنى بىز تېپىپ
كېلۇرمىز، — دېدى. پادىشاھ خۇشال بولۇپ:

— ئەي پەرزەندلىرىم، سىلەر بۇ قۇشقا
قەدەم قويساڭلار خۇدايىتە ئالا ئەجرى ئەزىم
ئەتا قىلسۇن، — دەپ ئوغلانلارىنىڭ يول
جابدۇغىنى راست قىلىپ بەردىلەر. ئۇلار
ئىككۆيلەن بىردىن ئىككى خۇرجۇن ئالتۇن-
لارنى، ئوزۇق-تالقانلارنى ئالىپ، ياخشى
ئاتلارغا مىنىپ يولغە رەۋان بولدىلار. ئۇل
ۋەقتتە ھەمرا مەكتەپتە ئوقۇر ئېردى. بىركۈنى
ئورداسىغە كەلسە ئىككى ئاكىسىنى كۆرمىدى.

— ئەي ئاتا، ئاكالارىم قايان باردى؟ —
دەپ سورىدى. ئاندا پادىشاھ:

مەن چۈشۈمدە كۆرگەن قۇشنى ئىس-
تەپ كەتتى، — دېدى. ھەمرا ئايدى:

— ئەي ئاتا، بىزلەرگە ئاللاتائالا ئۆم-
رى داراز ئەتا قىلغاندا مەن «ئۆلگۈنچە
ئاتامنىڭ خىزمەتىنى قىلىسام» دەپ ئېردىم.
بۇ خىزمەت ماڭا لازىم ئىدى، — دېدى.
پادىشاھ:

— ئەي بالام، ئۇل قۇش بارقۇشمۇ،
يا يوق قۇشمۇ. سىزدىن بىر سائەت ئايرى-
لۇرغە تاقەتىم يوقتۇر. ئىككى ئاكاڭ مېنى

ٸاشلاپ كەتتى. سەن ھەم مېنى داغى ھەسرەتـ
تە قويماغىل، ــ دەپ ھەمراغە قاراپ نېمە
دەيدۇ قېنى:

سېنىڭ ئۈچۈن ئىككى ئاغامنى ئىبەردىم،
سەن ھەم ئوتلارغە سالما مېنى ھەمرايىم.
كۈندىن ـ كۈنگە دەردىم بولدى زىيادە،
دەردنى سالما ئىچىمگە سەن ھەمرايىم.

باشدا ئايغان«ئون تۆرت ياشدائۆلەر» دەپ،
«پەرزەندلەرنىڭ پەيمانەسى تولار» دەپ،
خۇشال ئىردىم يەنە ئۆلمەي كەلدى، دەپ،
جۇدا قىلار بولدۇڭ جانىم ھەمرايىم.

مۇندىن كەتسەڭ بەشيۈز يىلدا يېتەرسەن،
بۇ دىيارغا ئەمدى ھەرگىز كەلمەسسەن،
ئاتاڭ قىلغان نەسىھەتنى ئالماسسەن،
چۆلغاشۇرمەن كەفەنگە جانىم ھەمرايىم.

باشىڭدىن ئۆرگۈلەي ئوغلۇم ھەمراجان،
ئايرىلىپ سېنىڭدىن نەچۈك چىدار جان،
ئۇنۇتماغىل مېنى ھەمرا ھەر زەمان،
ھەسرەتتە قويماغىل مېنى ھەمرايىم.

خۇسرەۋ ئايتۇر تەختىمنى كىمگە بېرەيىن،
سېنىڭ بىلەن بەش كۈن دەۋران سۈرەيىن،
سەن بولمىساڭ نەچۈك تاقەت قىلايىن،
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم سېنى ھەمرايىم.

دەپ پادىشاھ ھەمراغە رۇخسەت بەر-
دىلەر. ۋە يەنە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

گۈلشەنى باغىمدا بىر گۈل نەۋ بەھاردىم سەن ئىدىڭ،
تەنىم ئىچرە جان كەبى سىينەمدە جا قىلدىم سېنى.
دۇررى نايابىم، شەكەر ـ قەندىم، نىگاردىم سەن ئىدىڭ،
نەيلەيىن جانىم بالام ئاللاغە تاپشۇردۇم سېنى.

مەن نەچۈك تاقەت قىلاي ھەجرىڭدە مەن جانىم ئوغۇل،
يىغلابان قىلغان مۇناجاتىمنى ھەق ئەتكەي قەبۇل،
دائىما قىلغاي مەدەدكارى خۇدا بىرلە رەسۇل،
نەيلەيىن بارغىن بالام ئاللاغە تاپشۇردۇم سېنى.

سەن كېتەرسەن باش ئالىپ، مېنى قىلارمۇ سەن خەراب،
ھەسرەتىڭدە يۈرەكىم قاندۇر يەنە باغرىم كەباب،
فۇرقەتىڭدە ئەمدى نەيلەيىن ماڭا يوق ھېچ تاب،
نەيلەيىن بارغىن بالام ئاللاغە تاپشۇردۇم سېنى.

ھەر زەمان يادىمدا سەن چاكى گىرىبان ئەيلەسەم،
كەربەلاغە يۈزتۈمەن سىينەمنى بەريات ئەيلەسەم،
مەنكى خۇرشىدىمكى يوق سەدپارە ئەفغان ئەيلەسەم،
نەيلەيىن بارغىن بالام ئاللاغە تاپشۇردۇم سېنى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ خۇسرەۋ يىغلاپ
ئايدىكى:
ــ ئەي بالام، ھەر يەردە ياتساڭ بىر
پىنھان يەردە ياتقىل، تۆپەسى ئوچۇق يەر-
دە ياتماغىل، ــ دېدى، ھەمرا:
ــ خۇش بولغاي، ــ دەپ ئاتاسىدىن
رۇخسەت ئالدى. ئانىدىن ئاناسى مەلىكە
ماھى قاشىغە كىردى. مەلىكە ماھى ھەمراغە

باقسىپ، جۇدالىق دەردىدىن زار-زار
چۈن ئەبرى نەۋبەھار يىغلاپ قايسى بېيىت-
نى ئوقۇيدۇ:

گۈللار ئاندا گۈل بولمادى،
گۈل غۇنچەدىن ئايرىلمادى،
ئايرىلىبان ساچىلمادى،
گۈللار يەڭلىغ جانىم بالام.

بالام قويدۇڭ مېنى داغدا،
تاشلاپ كەتتىڭ ئاخىر چاغدا،
بۇلبۇل قالدى گۈللۈق باغدا،
خۇش كەتتىڭىز جانىم بالام.

خىزىر بوۋام يولداش بولسۇن،
ئەلى پىرىم مەدەت قىلسۇن،
مەدەت قىلىپ يولغا سالسۇن،
خۇش كەتتىڭىز جانىم بالام.

سەنسىز ئاناڭ نەچۈك ئۆتەر،
سەن يوق بىزدىن دەۋلەت كېتەر،
كۆڭدىن كۆڭگە هالىم بەتەر،
خۇش كەتتىڭىز جانىم بالام.

دەپ ئانىسى ھەمرانىڭ باشىدىن پەرۋا-
نىدەك چۆرگۈلۈپ ھەمراغە رۇخسەت
بەردىلەر. ئاندا ھەمرانىڭ سىڭلىسى گۈل-
جەمىلە مۇنى ئىشىتىپ ئاكىسى ھەمراغە
قاراپ جۇدالىق دەردىدىن نىمە دەيدۇ:

ئۈچ ئاكام كىردى بىر يولغە،
قەدەم قويدى دەشت-چۆلگە،
داغلار قويدى يۈرەكىمگە،
قېرىنداشىم ئاكام كەتتى،

قانلار ئاقار كۆز ياشىمدىن،
هۇشۇم كەتتى بۇ باشىمدىن،
پەلەك تىترەر نالەشىمدىن،
قېرىنداشىم ئاكام كەتتى.

دەپ گۈلجەمىلە ئوتقا چۈشكەن قىل-
دەك تولغىنىپ يىغلىدى. ھەمرا بۇ بېيىتنى
ئوقۇدى:

ئۆزاق يولغە كىردى دەپ مەلۇل بولماغىل،
ئېسەن بولساق ھەرقاچان يانىپ كېلۇرمىز.
ياقاڭنى چاك ئېتىپ سەن يىغلاماغىل،
ئامان بولساق ھەرقاچان يانىپ كېلۇرمىز.

يىغلاماغىل ھەرگىز قادىر ئىگەم بار،
ئىگەم بار ھەر يەردە بىزدىن نەغەم بار،
مەدەد قىلۇر ھەرقاچان ئەلى-پىرىم بار،
ئامان بولساق ھەرقاچان يانىپ كېلۇرمىز.

ھەمرا ئايتۇر، سىزگە ئايتاي دەردىمنى،
خۇدا بىلۇر ئىچىمدىكى سىررىمنى،
ئامان قىلسە ئىگەم مېنىڭ باشىمنى،
ئېسەن بولساق ھەر زەمان يانىپ كېلۇرمىز.

دەپ، ھەمرا ئاتا-ئاناسى، گۈلجەمىلە
بىلەن رىزالاشىپ يولغا رەۋان بولدى.
ئاتاسى بىر كۆنلۈك يەرگە بارىپ خوبلا-
شىپ ياندى.

ھەمرا ئاتا-ئاناسىدىن ئايرىلىپ ئۈچ
كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ ئاكىلىرىنىڭ
كەينىدىن يەتتى. ئاكىلىرى كۆرۈپ ئاچچە-
غى كەلدى. ئاندا ھەمرا:

— ئەي ئاكىلىرىم، ھەرگىز كۆڭلۈڭ-
لەرنى مەلۇل قىلماڭلار. سودىگەرنىڭ يولى
بىر، ئەمما رىزقى بۆلەك. سىزلەر يۈرگەن
يولدا مەن يۈرمەسمەن. بۇ ئىشلارنى خۇدا-
يىتەئالا قايسىمىزغا بەرسە شۇنىڭ بىرلە
كۆشاد بولغۇسىدۇر، — دەپ كېتىپ بارۇر
ئېردى. بىر يەردە ئۈچ ئاچا يول پەيدا
بولدى. بىر قارا تاشقا خەت پىتىپدۇركى:
«ھەر كىمنىڭ بۇ يەرگە قەدەمى يەتسە،
ئوڭ قولدىكى يولغا كىرسە پات پۇرسەتتە
يانىپ كېلۇر. ئوتتۇرىدىكى يولغا كىرسە يا

كېلۇر، يا كەلمەس. چەپ قولىدىكى يولغا كىرسە ئەسلا كەلمەس».

ئاندا ئىككى ئاكاسى بارسا كېلۇر يولنى ئىختىيار قىلدىلار. ھەمرا بارسا كەلمەس يولنى ئىختىيار قىلدى. خۇدايە-تەئالاغە تەۋەككەل قىلىپ يولغە كىردى.

ئۈچ ئوغۇل بىردىن ئوقىنى تاشنىڭ تۈۋىگە قاداپ قويدى. «ھەرقايسىمىز بۇ يەرگە بالدۇر كەلسەك ئوقىنى ئالۇرمىز، شۇندىن بىلۇرمىز» دەپ خوبلاشىپ يولغا رەۋان بولدىلار.

ھەمرا ئاكىلىرىدىن ئايرىلىپ ئۈچ كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر بەيابانىدا كېتىپ بارۇر ئېردى. ئالدىغا بىر ئاقساقال نۇرانە كىشى ئۇچرىدى. ھەمرا ئۇنى كۆرۈپ، ئول چىن ماچىن يولىدا يولۇققان ھەزرىتى ئەزرائىل ئەلەيھىسسەلام خىيال قىلىپ دېدىكىم: «سېرىغ تون ئۇچاسىدا، ياشىل تۇغ قولىدا، كەپەش مەسە پۇتىدا، بىر يېشىل نۇر پېشانەسىدە تۇرادۇر.» ئول كىشى ھەمرانى كۆرۈپ پېشباز ئالدىغە كەلدى، سالام قىلدى، ھەمرانىڭ قولىدىن تۇتۇپ:

— ئەي غەرىب بىچارە، ئۆز يۇرتۇڭ-دىن ئايرىلىپ، ئۆزۈڭنى بىر بەلايى مېھنەتكە گىرىفتار قىلىپ بۇ چۆل-بەيابانغە قايدىن كېلىپ، قايدا بارۇرسەن؟ — دېدى. ھەمرا:

— ماڭا خۇدايىتەئالا ئاتا خىزمەتىدە يۈز يېگىرمە يىل ئۆمۈر ئەتا قىلىپدۇر، ئاتا خىزمەتىغە چىقىپدۇرمەن. نە يەرگە بارۇر-مەنكى، كېلۇر-كەلمەسنىڭ قارارى يوق-تۇر، — دەپ ئېردى، ئول كىشى:

— ئەي پەرزەند، ساڭا مەن مۇنتەزىر ئېردىم. ئەلھەمدۇلىللاھ، مۇرادىمغە يەتتىم. بىرنەچچە نەسىھەتىم بار، قەبۇل قىلغىل، — دەپ ئەساسىنى يەرگە قاداپ قويۇپ ئولتۇر-دى. ھەمرا «خوپ بولغاي» دەپ تەۋەززۇ بىلەن تۇردى. ئول قېرى كىشى ھەمراغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

چىقىپسەن مىسىردىن ھەمرا،
دەۋام ئاللانى ياد ئەيلە.
كىرىپسەن دىشت ئارا چۆلگە،
دەۋام ئاللانى ياد ئەيلە.

خۇداۋەندە ئەتا قىلغاي،
مۇرادىڭنى ئىگەم بەرگەي،
رەسۇلىللاھ مەدەد قىلغاي،
دەۋام ئاللانى ياد ئەيلە.

كىرىپسەن دەشت ئارا چۆلگە،
خەتەرلىك بىر يامان يولغە،
تۈشۈپسەن باش كېتەر يولغە،
دەۋام ئاللانى ياد ئەيلە.

بىشارەتتۇر ساڭا سۆزلەر،
ئەمەلسىزلەر يېقىن كۆزلەر،
بولۇر ئاشىق ساڭا قىزلار،
دەۋام ئاللانى ياد ئەيلە.

چىقىپسەن ئاتا خىزمەتدە،
رىيازەت بىرلە مېھنەتدە،
مۇشەققەت دەشتى كۇلفەتتە،
دەۋام ئاللانى ياد ئەيلە.

كىشى راستقا ئەمەل قىلماس،
رىيازەتكە قەدەم قويماس،
قەرارىغە زەمان يەتمەس،
دەۋام ئاللانى ياد ئەيلە.

سېنىڭكى زۇلفى تارىڭغە،
يېتەرسەن ئالما باغىڭغە،
قويار مەرھەمنى داغىڭغە،
دەۋام ئاللانى ياد ئەيلە.

ئاچىلىپدۇر گۈلى رەئنا،
چېكەرسەن ئاھ-ۋاۋەيلا،
كېلۇرسەن پاتغىنە ھەمرا،
دەۋام ئاللانى ياد ئەيلە.

دەپ ئانچىنان ۋەسىيەتلەرنى قىلىپ
ئايدىكى:
— ئەي بالام، مۇندىن ئۈچ كېچە-
كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر مۇرغىزارلىققا
يېتەرسەن. ئاندا بىر غۇلغۇلە ماجەرالەر
باردۇر. ئۇل جاي جادۇگەرنىڭ مەكانىدۇر.
ئۇنىڭ ئەمچىكىگە جەراھەت چىققاندۇر.
جەزىرەدە بىر بۇلاق باردۇر. ئۇل بۇلاقنى
ئەمچىكىنى سالسە زەخىمىنى ئالادۇر.
ئەمما پىرلار ئۇل بۇلاققا جادۇنى ئىلىم-
ھېكمەت بىلەن ئاندا بەند قىلغاندۇر.
جادۇگەر يېگىرمە كۈندىن بېرى ئۇل
بۇلاقنىڭ باشىدا تۇرۇر. ئەمما بۇلاققا ئەم-
چىكىنى سالالماس. مەكانىغا كېتەي دېسە،
ئەمچىكىنىڭ دەردى زىيادە بولۇپ، تاقەت
قىلالمايدۇر. قارىسى ئالتە ئايدا جەراھەت
ساقىيادۇر. ئاڭغىچە تېزدىن بارغايسىز. ئۇل
يەردە ئېرىقلاردا سۇلار ئېقىپ تۇرادۇر.
كۆللەردە سۇلار تۇشقۇزۇقلۇق تۇرادۇر.
نەچچە قىسىم تەئام مۇھەييا قىلغاندۇر.
بىساتى پاي رەڭگارەڭ سېلىنغلىقتۇر. تۆپە-
سىگە چىقماڭ. ئۇل تەئاملاردىن ھەرگىز
يېمەڭ. تۆپەسى ئوچۇق يەردە ئۇيقۇلاماڭ.
بۇ جادۇگەر بەك ياماندۇر. بۇ نېمەرسىلەر-
نى ئۇل تىلىسمات بىلەن ئاندا بىنا قىل-
غاندۇر. ھەزەر قىلغايسىز. ئاندىن تېزدىن
ئۆتۈپ كېتىڭ. ئوتتۇز كۈن يول يۈرۈپ
بىر تاغقا يېتەرسىز. ئۇل تاغ تۆپىسىدە بىر
يېشىل گۈمبەز بار. ئانىڭ يانىدا بىر بۇلاق
بار. بۇلاقتا غۇسلى تەھارەت قىلىپ، ئۇل
گۈمبەزدە بىر كېچە ياتىپ ئۆتكەيسىز، —

دەپ، تەمام مەخپى سۆزلەرنى بەيان قىلىپ
ھەمرانى يولغا سالدى. ئۆزى غايىب بولدى.
ئۇل قېرى كىشى ھەزرىتى خىزىر ئەلەي-
ھىسسەلام ئىدى، ئۆزىنى ئاشكارە قىلمادى،
ھەمرا ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسەلامدىن
ئايرىلىپ ئۈچ كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ،
ئۇل جادۇگەرنىڭ مەكانىغە يەتتىلەر. كۆر-
دىكىم، بىر سەبزەزارلىق، مۇرغىزارلىققا بىر
باغ-بوستان، ئىمارەتلەر بولۇپ، ئانى ئىل-
مى ھېكمەت بىلەن پەيدا قىلغاندۇر. ئۇل
باغنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆلۈكلەرنىڭ ھەددى-
ھېسابى يوق. ئېرىقلارنىڭ سۇلارى مەۋج
ئۇرۇپ تۇرار. بىساتى پاي رەڭگارەڭ سېلىنغ-
لىق، خونلاردا ئالمىلار تىزىلغلىق، نېمەتى-
لەر فەراۋان تۇرادۇر. پىيالىلەردە، قەدەھ-
لەردە شىرنە-شەربەتلەر تۇشقۇزۇغلۇق،
گۈنە-گۈن مېۋەلەر پىشىپ تۇرار، بۇلبۇل-
لار ھەزار داستان يەڭلىغ سايراپ تۇرار.
ھەمرا مۇنى كۆرۈپ ھوشى كاللىسىدىن
كېتىپ، يەنە ھوشىغە كەلدىلەر. ھەمرانىڭ
كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئاندا بىر سائەت يىغلاپ
ئولتۇردى. ھېچ نېمەرسىگە ئىلتىپات قىل-
مادى. ئاندىن ئۇ يەنە يولغا چۈشتى. ئوت-
تۇز كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ ئوتتۇز
بىر كۈن بولغاندا بىر تاغ نەمايان بولدى،
ئۇل تاغقا چىقىپ قاراسا، بىر يېشىل گۈم-
بەزنىڭ يېنىدا بۇلاقتا سۇ ئېقىپ تۇرار
ئىكەن. سەبزەزارلىقتىن خۇشبۇي گىياھلار
ئۈنۈپدۇر، ئالەمنى مۇئەتتەر قىلىپتۇر. ئاندا
بىر سائەت ئارام ئالدى. ئاخشامچە كۈن
كەچ بولدى، ھەمرا ئۇل بۇلاقتا غۇسلى
تەھارەت قىلىپ، ئىككى رەكئەت نەماز ھا-
جەت ئۆتەپ، گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ
ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. ئۇل گۈمبەز ھەز-
رىتى سۇلتان ئۇۋەيس قىران پادىشاھىمىنىڭ

گۇمبەزلىرى ئەردى. تۈن ھەسسە
بولۇپ ئەردى، ھەمرانىڭ كۆزى ئۇيقۇغا
باردى. كۆردىكى، ئاسمان تەرەپتىن بىر
ئالتۇن تەخت پەيدا بولدى. ئۇستىدە ھەز-
رىتى مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەل-
لەم چاھاريار باسەفالار ۋە جەمئى ئەن-
بىيا ۋە ئەسھاب، ھەزرىتى سۇلتان ئۇۋەيس
قىران پادىشاھىم ھازىر بولۇپ گۇمبەزنىڭ
ئىچىگە تولدى. ھەزرىتى رەسۇل ئەلەيھىس-
سەلام ئايدى:

— يا شاھىمەردان، سىز كۇھىقافقە
بارىپ شەھرى شەبىستاندىن شاھرۇخ شاھ-
نىڭ قىزى ھۆرلىقانى ئالىپ كېلىڭ، —
دېدى. شول زەمان ھۆرلىقانى ھازىر قىل-
دىلار. يەنە ئايدىلاركىم:

— يا ئەلى، بېھىشتىن شەرابى ئەن-
تەھۇر ئالىپ كېلىڭ، — دېدى. بىر سائەتتە
قەدەھلەر شەرابى ئەنتەھۇر ئالىپ كەلدىلەر.
رەسۇل ئەلەيھىسسەلام ئايدى:

— ھۆرلىقا قوپقىل، بىزلەرگە شەراب
تۇتۇپ ساقى بولغىل، — دېدىلەر. ھۆرلىقا
ھەممەلەرىگە بىر كاسەدىن مەي تۇتتىلەر.
ھەمراغە كەلگەندە توختاپ تۇرۇپ ئېردى،
رەسۇل ئەلەيھىسسەلام ئايدى:

— ئەي ھۆرلىقا، ھەمراغە ھەم مەي
تۇتقىل. ھەمراغە ھەم مەي تۇتۇپ بەردىلەر.
شول سائەت ھۆرلىقانىڭ ئاغزىدىن بىر پارە
ئوت چىقىپ ھەمرانىڭ سىنەسىگە بەند بول-
دى. ھەمرانىڭ ئاغزىدىن بىر پارە ئوت
چىقىپ ھۆرلىقانىڭ سىنەسىگە بەند بولدى.
ئاندىن رەسۇل ئەلەيھىسسەلام ئايدى:

— يا ئەلى، سىز ھەمراغە ۋەكىل بو-
لۇڭ، ئەي ئۇۋەيس قىران، سىز ھۆرلىقاغە
ۋەكىل بولۇڭ، يا ئۇمەر، سىز بۇ پەرزەند-
لەرنى بىر-بىرىگە نىكاھ قىلىڭ. بىز جەم-
ئى يارانلار، سەھابىلەر بىرلە گۇۋاھ بولاي-
لى، — دېدى. ھەزرىتى شاھىمەردان ھەم-
راغا ۋەكىل بولدىلەر. سۇلتان ئۇۋەيس
قىران پادىشاھىم ھۆرلىقاغا ۋەكىل بولدى-
لەر. ھەزرىتى ئۇمەر نىكاھ قىلدىلەر. ھەز-
رىتى رەسۇل ئەلەيھىسسەلام جەمئى سەھا-
بىلەر بىرلەن يارانلىرى گۇۋاھ بولدىلار.
ئاندىن ھەمرا ئايدى:

— ئەي ھۆرلىقا، سېنىڭ مەنزىلىڭ
قايدا، نەچچە كۈنلۈك يول تۇرۇر، — دەپ
سوراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

—سېنى كۆرۈپ كەتتى ئەقلى-خەيالىم،
قايدا بولۇر يارىم مەكانىڭ سېنىڭ،
پەرىزاد ئەھلى ئەزىز پادىشاھىم،
قايدا بولۇر يارىم مەكانىڭ سېنىڭ.

— مېنى سورساڭ شاھرۇخ شاھنىڭ قىزىمەن،
باغى ئىرەم بولۇر مەكانىم مېنىڭ.
ئەسلىم ئوتدۇر پەرىزادنىڭ قىزىمەن،
ئەنە شۇندا بولۇر مەكانىم مېنىڭ.

— سېنى كۆرگەن ئادەم ئەقلى لال بولۇر،
تاپالماي ھۇشنى قىيلۇ قال بولۇر،
بۇ ئارادە نەچچە كۈنلۈك يول بولۇر،
قايدا بولۇر يارىم مەكانىڭ سېنىڭ.

— ئاشىق بولساڭ كۆيۈپ-يانىپ ئۆچەرسەن،
سەبر ئەيلەسەڭ دەۋلەت ئىلكىن تۇتارسەن،
يىلدام يۈرسەڭ بەشيۈز يىلدا يېتەرسەن،
بەشيۈز يىللىق يولدۇر مەكانىم مېنىڭ.

— باشدا تەگرىم مېنىڭ جانىم ئالمادى،
شۇم ئەجەلنىڭ پەيمانەسى تولمادى.
ئانىڭ ئۈچۈن يارنى كۆرمەي بولمادى،
بەشيۈز يىللىق بولسە مەكانىڭ سېنىڭ.

— بىزنىڭ يەردە باردۇر ئالتۇن كەمەرلەر،
بىزنى ئاشىق، سىزنى مەئشۇق دېگەيلەر،

مەن پەرىمەن مەندە مەكان نە ئىشلەر،
ھەر يەردە ھازىردۇر مەكانىم مېنىڭ.

— مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا ئاغرىدىم دەردە،
راست جەۋاب ئايغىل مەكانىڭ نە يەردە،
سىررىڭنى دېمەسمىز ھەرگىز نامەدە،
قايدا بولۇر يارىم مەكانىڭ سېنىڭ.

— جەمالىڭنى كۆرمىسەم قاراڭغۇ جەھاندۇر،
مەئشۇقنى كۆرمىسەم ئاھۇ ئەفغاندۇر،
سۆزلەسەمەن چۆللەر ماڭا مەكاندۇر،
بەشيۈز يىللىق يولدۇر مەكانىم مېنىڭ.

— ئاتىم ھەمراھ شاھ خۇسرەۋنىڭ ئوغلىمەن،
سېنىڭ ئۈچۈن سىنەلەرىم داغلارمەن،
تا ئۆلگۈنچە بىقەرار بوپ يىغلارمەن،
بەشيۈز يىللىق يول بولسە مەكانىڭ سېنىڭ.

— ئاتىم ھۆرلىقا شاھرۇخ شاھنىڭ قىزى،
پەرىزاد تۇرۇرمەن تونۇساڭ مېنى،
تاپالمىساڭ مەن ئىزدەپ تاپارمەن سېنى،
ساڭا قۇربان بولسۇن بۇ جانىم مېنىڭ.

دەپ ئىدى، ھەمرا بىر ئاھ تارتىپ يىغلاپ:

— ئەي ھۆرلىقا، بەشيۈز يىللىق يول بولسىمۇ سېنى ئىستەپ تاپماي چارەم يوقتۇر، — دېدى. ئاندىن ھۆرلىقانىڭ بى ئىختىيار رەھمىسى كېلىپ:

— ئەي ھەمرا، بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئايتمىغىل. سېنىمۇ ھەم ئۆزۈم ئىستىمەسلىككە چارەم يوقتۇر. يەنە قىرىق كۈن يول يۈرسەڭ مېنىڭ مەنزىلىمگە يېتەرسەن، — دېدى. ھەمرا ئايدى:

— ئەي ھۆرلىقا، سەن ئادەمىزادمۇ يا پەرىزادمۇ؟ — دېدى. ھۆرلىقا ئايدى:

— مەن ئالدىڭىزدا قاچاي، سىز ئارقامدىن قوغلاپ يەتسەڭىز ئادەمىزاد، بولمىسا پەرىزاددۇرمەن، — دېدى. ھۆرلىقا ھەمرانىڭ ئالدىدىن قاچتى، ھەمرا قوغلاپ يېتەلمىدى. ھۆرلىقا قەھقەھ بىرلە بىر كۈلۈپ غايىب بولدى. ھەمرا بىر ئاھ تارتىپ ئېردىلەر، ھەزرىتى رەسۇلىللاھ باشلىغ ھەممىلىرى گۈمبەز ئىچىدىن غايىب بولدىلار. ئاندىن ھەمرا ئۇيقۇدىن ئويغاندى، باقسەلەر كۆرگەن چۈشى ئىكەن. ھەمرا ئاھ تارتىپ ھۆرلىقانىڭ ئىشقىدا زار-زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قادىر ئاللاھ ئۆلەر بولدۇم بۇ يەردە،
مەن نەيلەيىن مەندە مەكان بولماسە.
بۇ فەلەكدىن ماڭا كەلگەن قايغۇدە،
مەن نەيلەيىن مەندە مەكان بولماسە.

تۈشۈمدە كۆرۈندى بۇ نەچۈك جايدۇر،
چېھلتەنلەر بەرگىنى ماڭا شەرابدۇر،
بۇ ھەسرەتدە مېنىڭ ھالىم خەرابدۇر،
قورقادۇرمەن بەختىم قارا بولماسە.

ۋەھكى كۆڭلۈم قايدا سەن يۈرەك كامدە،
ئۇيقۇلۇقدا كۆرگەنى بولۇرمۇ ئۆڭدە،
بۇ چۆللەردە ئۆلۈپ بولماي شەرمەندە،
بارالماسمەن بەلكى ئىمكان بولماسە.

ھەمرا ئاختارىپ يۈرۈر گۈل يۈزلۈك خانىن،
ئاختارىپ باقارمەن دۇنيانىڭ بارىن،
گەۋھەرىڭ ئۈچۈردى سەبرى-قەرارىن،
قايدىن تاپاي بۇ چۆلدە مەكان بولماسە.

دېپ ھەمرا ئورنىدىن قوپۇپ قارالاسا، سەھەر ۋەقتى بولۇپدۇر. ھەۋادا تورغايلارنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتىپ ھۆرلىقانى يادلانىپ يىغلادى، ئاندىن يولغا رەۋان بولدى. ئاتاسىنىڭ خىزمەتى ئۈچۈن قۇش ئىزدەپ چىققانى يادىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ھەمرا نەچچە پەرسەڭ يول يۈرۈپ، بىناگاھ يولدىن ئازىپ كەتتى. بارۇر يولنى بىلەلمەي يىغلاپ تۇرۇپ ئەردى، بىر تورغاي كېلىپ باشىدا سايراپ تۇردى. ھەمرانىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئول تورغايغا قاراپ، خۇن جىگەرىدىن ئاھ تارتىپ نېمە دەيدۇ:

خۇدا بىزنى ياراتتى بۇ گۇلىستان ئىچىندە،
ئۆزۈم غۇربەتتە قالدىم، يۈرەكىم قان ئىچىندە.
نەچۈك قىلىپ يۈرۈرمەن بۇ بەيابان ئىچىندە،
مەن يارىمنى تاپالماي قالدىم ھەيران ئىچىندە.

مەھشەر كۈنى خۇدادۇر ئاشىقلارنىڭ گۇۋاسى،
ئاشىق بولسە ھەركىشى بولماس ئانىڭ دەۋاسى،
مەجنۇن كەبى باشىمدا بۇ قۇشلارنىڭ ئۇۋاسى،
فەرھاد كەبى قالدىمەن ئاھۇ فىغان ئىچىندە.

ھاۋادىكى بوز تورغاي سايرىماساڭ نىم بولغاي،
غەرىب بولغان جانىمنى قىناماساڭ نىم بولغاي،
سۆزلەگەلى تىلىڭ يوق، يول كۆرسەتسەڭ نىم بولغاي،
مۇنداغ قاتىغ ئازىقتىم بۇ چۆلىستان ئىچىندە.

ساقى، ئەجەل يېتىشكەچ قىلغىل ئەۋۋارە مېنى،
ئىبراھىمدەك تاشلاغىل ئىشقىڭدا نارغە مېنى،
ئەسىمدەك ئەيلەگىل بەلكى سەدپارە مېنى،
يەئقۇب ئوغلى يۈسۈفدەك قالدىم زىندان ئىچىندە.

ھەمرا ئوتقە تۇتاشتى، كۆيدۈرمەگەن يۈرەكىم،
بىۋەفا زالىملارغە يوقتۇر مېنىڭ كېرەكىم،
ھەمرا دەرلەر خۇدادىن ئاخىرىدا تىلەكىم،
مەن يارىمنى كۆرمەيىن ئۆلسەم ئارمان ئىچىندە.

دەپ ھەمرا يىغلاپ تۇردى. ھۆرلىقا تور-
غاي سۆرىتىدە بولۇپ كېلىپ ئىدى. ئول
تورغاي يەرگە چۈشۈپ ھەمرانىڭ ئالدىدا
يورغىلاپ بىر پەرسەڭ يول باشلاپ يۈردى.
ئاندىن ئوڭ تەرەپكە ئۇچۇپ غايىب
بولدىلار.

ئاڭغىچە تاڭ يورۇدى. ئاندىن ھەمرا
قىرىق كۈن يول يۈردى. بىر كۈنى بەيا-
باندا كېتىپ بارۇر ئېردى، بىر ئىگىز قۇم
دۆڭگە ئۇچرادى. ئول قۇمدىن ئۆتمەكنىڭ
ئىلاجى بولمىدى. ئول كۈنى ھاۋا ئىسسىغ
ئېردى. ھەمرا نائىلاج قۇمغە قەدەم قويدى،
بىرمۇنچە يول يۈرۈپ ئېردى، قۇمدىن
سېرىلىپ تۆۋەنگە چۈشتى. بېلىغىچە يەرگە
پاتتى. ئانچۇۋان زور قىلدى، يەنە يىقىلدى.
ئاخىر ئۆتەلمىدى. كۆڭلىدە ئايدىكىم: «مې-

نىڭ ئەجىلىم ئۇشبۇ يەردە ئىكەن» دەپ
ھالى تەڭ بولۇپ، خۇدايىتەئالاغا سېغىنىپ
بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:
يەرۇ كۆكنى خەلق ئەتكەن بىرۇ بارىم،
ئەجەب سەۋدانى سالدىڭ باشىمغە مېنىڭ.
سەن كەرىمسەن مەندە يوقتۇر ئىختىيار،
بىر پەرىزاد كىردى تۈشۈمگە مېنىڭ.

ئۆزۈك قۇتقارمىساڭ مەن نە قىلۇرمەن،
قارنىم ئاچىپ بۇ يەرلەردە قالۇرمەن،
ئاچ - گۇرسنە بۇ چۆللەردە ئۆلۇرمەن،
قارغا - بۈركۈتلەر قونار باشىمغە مېنىڭ.

قادىر ئاللاھ مەقسۇدىمغە يەتكۈرسە،
ئوشۇل يارىم كېلىپ مېنى قۇتقارسە،
فەلەك بىزنى خەتەرلەردىن ئۆتكەرسە،
گۇل يۈزلۈك يارىم كەلسە قاشىمغە مېنىڭ.

يارىمنىڭ باغىدىكى ئالما ـ نارىمىدۇر،
يارىم مېنىڭ ئۈچۈن ئاھ ئۇرارمىدۇر،
ئامان بولسا يەنە كۆرمەك بارمىدۇر،
ھۆرلىقاجان كۆڭلۈم خۇشى يارىمدۇر مېنىڭ.

ھەمراجان دەر، ئەمدى ئۆزۈڭ فەھم ئەيلە،
ياردىن جۇدا بولدۇڭ ئەمدى ۋەھم ئەيلە،
بىر ئاسىي قۇلمەن ئىگەم رەھم ئەيلە،
كۆزۈمدىن ئاققان قانلىق ياشىمغە مېنىڭ.

دەپ يىغلاپ كۆزىنى ئاچىپ كۆردىكىم، ئەندەك شامال كېلىپ سىنەسىگە تەگدى. ئاندىن بىر بۇلۇت پەيدا بولۇپ، بىر سائەت سىم ـ سىم يامغۇر ياغدى. قۇم قاتىپ يول ئاچىلدى. ھەمرانىڭ ئالدىغە غايىبتىن بىر دەستۇرخان پەيدا بولدى. ئاچىپ باقسە ئىچىدە ئىككى ئارپا نانى بار ئىكەن. خۇداغە شۇكرى سەنالار قىلىپ، نانىنى يەپ دۇئا قىلدى. دەستۇرخان غايىب بولدى. ھەمراغە خوپ قۇۋۋەت ھاسىل بولدى. ئاندىن ھەمرا بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

ئىلاھا، قادىرا، پەرۋەردىگارىم،
مېنىڭدەك ئاسىي قۇلغە بولسە سەرۋەر.
جەمىئى شاھلارنىڭ شاھىدۇرسەن،
غەرىب، مىسكىن يەتىملەرغە ئەيلە رەھبەر.

يېتەر غەم دەشت ئىلە سەھرا بۇ يولدا،
ئىلاھا، يولنى سەن قىلغىل مۇنەۋۋەر.
ئەگەر كۆڭلۈم مېنىڭ ۋەيران بولۇپدۇر،
......ھەم ۋەيرانەلەر بولسۇن مۇزەممەر.

نە خۇشلۇق يوق ماڭا يوقتۇر نە راھەت،
ئۈمىدىم كۆپ ئېرۇر سۇلتانى ئەكبەر.
جەراھەتدۇر مېنىڭ ئەئزالارىمدىن،
سالىپدۇر بىر پەرى باغرىمغە خەنجەر.

ئىنايەت ئەيلەسەڭ، سەن پادىشاھسەن،
سالۇرسەن سەن سەمىمغە ئۇد ـ ئەنبەر،
ئىلاھا، پادىشاھ قادىر خۇداسەن،
ئەتا ئەيلەپ ماڭا قىل ھەۋزكەۋسەر.

ئىجابەت قىل دۇئايىمنى بىرۇ بار،
ئەگەرچە يەتمەگەي جانىمغە نەشتەر.
غەرىب ھەمرا قۇلۇڭنى ئەيلەگىل شاد،
بىھەققى ھۇرمەتى ھەم بۇبى ھاجەر.
ئىلاھا، مەن ساڭا قىلدىم تەۋەككەل،
بۇ دۇنيا ئاخىرەتلىك ھاجەتىم بەر.

ئەلقىسسە، ھەمرا زار-زار يىغلاپ كۆزىنى ئاچتى ۋە يەنە قوپۇپ قۇمغە قەدەم قويدى. خوپ يول يۈرۈپ قۇمنىڭ ئۆزەسىگە چىقىپ ئىدى، شامال كېلىپ ھەمرانىڭ ئالدىنى توسۇپ:
— ئەي ھەمرا، نە يەرگە بارۇرسەن؟— دېدى. ھەمرا ئايدى:
— يارىمنىڭ چەھار باغىغە بارۇرمەن.
شامال ئايدى:
— سەندىن مەن ئىلگەرى بارۇرمەن.
ھەمرا:
— سەن مەندىن ئىلگەرى بارساڭ مەندىن يارىمغە سالام دېگىل،— دەپ بادى سەبادىن پەيام ئىبەرىپ نېمە دەيدۇ:

بادى سەبا فەيامىمنى،
ھۆرلىقا يارىمغە يەتكۈر.
مېنىڭ ئەرزى سەلامىمنى،
كۆزى مەستانەگە يەتكۈر.

بولاي مەن ئول شاھغە نەۋكەر،
داخىل ئولسام قانىم تۆكەر،
سۆزى شىرىن، لەبى شەكەر،
غۇنچە خەندانىمغە يەتكۈر.

مەرد بولۇپ قويغىل ئۆزۈڭنى،
غەم سارغارتۇر گۇل يۈزۈڭنى،
تەڭرىم ئۈچۈن بۇ سۆزۈمنى،
ئىنماي بارىپ يارغە يەتكۈر،

ھەمراجان دەرلەر ئاتىمنى،
ئاشكار ئەيلەسەم دادىمنى.
مېنىڭ بۇ ئەزرى ھالىمنى،
كۆزى مەستانىمگە يەتكۈر.

دەپ بادى سەبادىن پەيام ئىبەردى. ئەلقىسسە، ھەمرا بىر كام قىردق كۈن يول يۈرۈپ بىر تاغنىڭ داۋانىغە يەتتى. ئول تاغقە قەدەم قويدى.

بادى سەبا چەرخ ئۇرۇپ بىر سائەتتە شەھرى شەبىستانغە بارىپ، ھۆرلىقانىڭ ئالدىغە كىرىپ:

ــ ئەي ھۆرلىقا، ھەمرا يارىڭىز كېلەدۇر. مەندىن سىزگە دۇئايى سەلام ئىبەردى، ــ دېدى.

ھۆرلىقا بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ، غەرب ھەمراھىنىڭ ھەققىدە تەبەق-تەبەق ئالتۇنلارنى نىسار قىلدى. ئاندىن گۈلى رەئنا ئاتلىق بىر پەرىزاتنى بۇيرۇپ:

ــ سەن بىر جانۋار سۈرەتىدە بولۇپ يارىم ھەمرانى مۇندا ئالىپ كەلگىل، ــ دېدى ۋە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاقىل بولساڭ بىلۇرسەن مېنىڭ ھالىمنى،
ئالتۇن-كۈمۈش بېرەيىن كەلتۈر يارىمنى.
ئەي گۈلى رەئنا ئالۇرسەن ئالتۇن ئۈزۈكنى،
ئىللاھۇ ھەم بېرەيىن كەلتۈر يارىمنى.

ھەر نە دېسەڭ بېرەيىن ئەي گۈلى رەئنا،
ئالتۇن تەخت بېرەيىن كەلتۈر يارىمنى.
ھۆرلىقاخان نە قىلسۇن ھەمرا بولماسا،
جاندىن جانان بېرەيىن كەلتۈر يارىمنى.

دەپ ھۆرلىقا گۈلى رەئنا پەرىنى ئىبەردى. ئۆزى پەرىلەر بىلە شىكارغە كەتتى. گۈلى رەئنا پەرى ھۆد-ھۆد سۈرەتىدە بولۇپ كېتىپ بارۇر ئېردى. دىۋە كە بۇد ئاتلىق بىر دىۋە ئول گۈلى رەئناغە ئۈچ يىلدىن بېرى ئاشىق ئىدى. ئول دىۋە يولدا ئۇچراپ ۋەقتىنى غەنىمەت بىلىپ بىر قۇش سۈرەتىدە بولۇپ كېلىپ گۈلى رەئنا پەرىنى ئالىپ قاچتى. زۇلمات تەرەپكە ئالىپ باردى. ئول دىۋە مۇسۇلمان ئېردى، پەرىنى ئۆز نىكاھىغە ئالدى.

ئەلقىسسە، ھەمرا ئاخىرى ھېلىقى قۇشنىڭ تۆپەسىگە چىقىپ كۆردىكى، بىر سەبزەزار مۇرغىزارلىقتا چەھار باغ كۆرۈندى. ھەمرا خۇدايىتەلاغا شۈكرى-سەنالار قىلىپ ئايدىكى:

شۈكرى لىللاھ چەھار باغ كۆرۈندى،
ھۆرلىقا يارىمنىڭ جايى كۆرۈندى.
يارىم ئۈچۈن مېنىڭ باغرىم يارىلدى،
شۈكرى لىللاھ چەھار باغ كۆرۈندى.

ھېچكىم يار دەردىدە مەندەك بولماسۇن،
ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ ۋەيران بولماسۇن،
دەردۇ ئالەم دەستىدىن ھەيران بولماسۇن،
شۈكرى لىللاھ چەھار باغ كۆرۈندى.

قارىسام كۆرۈندى بىر باغى ئەيۋان،
ئانى كۆرۈپ ئەيلەدىم مەن ئاھۇ ئەفغان.
ھۆرلىقا يارىم ئۈچۈن بولدى باغرىم قان،
شۈكرى لىللاھ چەھار باغ كۆرۈندى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)







# ئىككى خوجازادە

(چۆچەك)

ھېكايە قىلىنىشچە، ھەمەدان شەھرىدە بىر يانتاقچى بارئىدى. ھەر كۈنى بىر يۈدە يانتاق يۈدۈپ بازارغا كېلەتتى-دە، ئۇنى سېتىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. بىر كۈنى يانتاقنى بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى، ئالدىغا بىر بۇلاق ئۇچرىدى. يانتاقچى بۇلاق بويىغا كېلىپ يانتاقنى قويدى ۋە بۇلاق سۈيىدە تەرەت ئېلىپ ناماز ئۆتىدى. يانتاقچى بېشىنى سەجدىگە قويۇپ خۇداغا مۇناجات ئوقۇۋاتاتتى، شۇ چاغ ئاسماندىن بىر ئۇلۇغ جانىۋار ئۇچۇپ چۈشۈپ يانتاقچىنىڭ يانتىقىغا قوندى. بىر مەھەلدىن كېيىن ھېلىقى قۇش ئاسمانغا قاراپ ئۇچتى. بوۋاي قارىسا قۇش ئولتۇرغان يەردە بىر ئاجايىپ نۇرلۇق بىر نەرسە تۇرغۇدەك، بوۋاي تۇخۇمدەك بار بۇ نۇرلۇق تاشنى قولىغا ئېلىپ، بۇ ئاجايىپ چىرايلىق تاش ئىكەن، باققالىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسام ھېچ بولمىسا يەلپۈمىشكە تېگىشلىك بولغۇدەك، دەپ ئويلاپ ئۇنى يېنىغا سالدى.

بوۋاي يانتىقىنى سېتىپ بولۇپ، ئۆيىگە قاراپ كېتىپ باراتتى، ئۇنىڭغا بىر گۆھەرپۇرۇشنىڭ دۇكىنى ئۇچرىدى. كۆردىكىم، دۇكاندا خۇددى ئۆزىدىكىدەك تاشلار تۇرۇپتۇ.

بوۋاي دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر دۇكاندىكى گۆھەرلەرگە، بىر قويىنىغا قاراپ خېلى ۋاقىت تۇردى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان گۆھەرپۇرۇش دۇكاندىن چىقىپ يانتاقچى بوۋاينىڭ ئالدىغا كەلدى. گۆھەرپۇرۇشنىڭ زېرەك دەپ لەقىمى بار ئىدى. زېرەك بوۋايغا:

— ئەي بوۋاي نېمىشقا بىردەم دۇكانغا، بىردەم قوينۇڭغا قارايسەن؟ — دېدى. بوۋاي مۇنداق دېدى:

— مېنىڭمۇ بىر دانە گۆھىرىم بار!

— چىقارغىن، مەن كۆرۈپ باقاي.

— بوپتۇ، كۆرسەڭ كۆر! — شۇنداق دېگەچ يېنىدىن گۆھەرنى چىقاردى. گۆھەرپۇرۇش بوۋاينىڭ گۆھىرىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ تېخى مۇنداق گۆھەرنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىغا ھەيران بولدى-دە، دەرھال دۇكانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بوۋاينى ئۆيىگە باشلاپ باردى. چاي، مەزە قويدى. بوۋاينىڭ

كۆپ ئىززەت ـ ئىكرامىنى قىلدى.
بىردەمدىن كېيىن گۆھەرپۇرۇش كې-
نىزەكلەرگە ئىشارە قىلدى. كېنىزەكلەر بىر
مۇنچە سەرپايىلارنى ئېلىپ چىقىپ بوۋاينىڭ
ئالدىغا قويدى. گۆھەرپۇرۇش بوۋايغا:
— قېنى بۇ تاشنىڭ باھاسىنى ئېيتىپ
بېقىڭ؟ — دېدى. بوۋاي:
— خوجام مېنى خىجىل قىلماڭ ئۆزى-
ڭىز بىلەرسىز، — دېدى. بوۋاي شۇنداق
دېگەن بىلەن گۆھەرپۇرۇشنىڭ ئۆزىنى
ئالداپ گۆھەرنى ئەتەي «تاش» دەۋاتقان-
لىقىنى بىلەتتى.
— ئۇن تەڭگە بېرەي، — دېدى گۆھەر-
پۇرۇش.
— ماڭا پۇل تەڭلىمەڭ، ئۆزۈم ساق-
لاپ قوياي، — دېدى بوۋاي.
گۆھەرپۇرۇش بۇ گەپنى ئاڭلاپ:
— يىگىرمە تەڭگە بېرەي، — دېدى.
بوۋاي كۆنمىدى. ئۇلار باھادا تالاش-
تى. گۆھەرپۇرۇش دەسلەپ بەش يۈز تەڭ-
گە، مىڭ تەڭگىگە چىقتى. بوۋاي كۆنمىدى.
گۆھەرپۇرۇش ئاخىرى ئۇن مىڭ تەڭگ-
گە چىقتى. بوۋاي ماقۇل بولدى. گۆھەر
پۇرۇش كۆپ خۇشال بولدى ۋە ئۇن مىڭ
تەڭگىنى بەردى. بوۋاي مەن بۇنى بىر ئاد-
دىي تاشمىكىن دېسەم گۆھەر ئىكەن، خۇ-
دا ماڭا ئۇن مىڭ تەڭگە بەردى. دەپ
ناھايىتى سۆيۈندى. بوۋاي خۇشال ھالدا
پۇلنى ئېلىپ ئۆيىگە باردى. ۋەقەنى ئايا-
لىغا مەلۇم قىلدى. ئايالى ئىشەنمەي:
— ئەي بوۋاي، سەن بىر باينىڭ دۇ-
كىنىغا ئوغرىلىققا كىرگەن ئوخشايسەن، بول-
مىسا مۇشۇنچە پۇلنى قانداقمۇ تاپالايسەن،
ھۆكۈن ياكى ئەتە سېنىڭ ساقىلىڭ، مېنىڭ
چېچىمدىن سۆرەپ خالايىق سازايى قىلما-

دۇ؟ — دەپ كۆپ بىتاقەت بولدى بوۋاي:
— ئەي مەزلۇم، يامان خىياللاردا بول-
ما، مەن تۈنۈگۈن ئەكەلگەن تاش — گۆھەر
ئىكەن، ئاشۇنى ئۇن مىڭ تەڭگە پۇلغا
ساتتىم ئەمەسمۇ! — دەپ چۈشەندۈردى.
— ئەگەر ئۇنداق بولسا ئاشۇ قۇشنى
تىرىك كەلتۈرگەيسەن — دېدى موماي.
ئەلقىسسە، بوۋاي يانتاققا باردى. ياد-
تاقنى ئېلىپ ھېلىقى بۇلاقنىڭ بويىغا كەل-
دى. بۇلاق بويىدا ئولتۇرۇپ تەرەت ئال-
دى ـ دە، نامازغا باش قويۇپ ئاللاغا مۇنا-
جات ئوقۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ھېلىقى
قۇش ئاسماندىن پەرۋاز قىلىپ چۈشۈپ
بوۋاينىڭ يانتىقىغا قونۇپ ئولتۇردى. بوۋاي
دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، جەندىسىنى قۇش-
نىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، ئۇنى تۇتۇۋالدى.
بوۋاي قۇشنىڭ قول ـ قاناتلىرىنى باغلاپ مو-
ماينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.
بۇ قۇش شۇ سائەتتە يەنە بىر گۆھەر
تۇغدى. بۇ قۇش ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەي-
ھىسسالامنىڭ توخۇلىرىدىن ئىدى. ئول قۇش-
نىڭ ئېتى مۇرغى سۇلايمان ئىدى. ھەر كۈ-
نى بىر گۆھەر تۇغاتتى. بوۋاي ھەر كۈنى
بىر دانە گۆھەرنى ئۇن مىڭ تەڭگە پۇلغا
ساتاتتى.
ئەلقىسسە، كۈنلەردە بىر كۈن بوۋاي
مومايغا مۇنداق دېدى:
— ئەي موماي، بۇرۇن نامرات، بىچا-
رە ئىدۇق. ئەمدى باي ـ غېنى بولدۇق.
يەر ـ سوغا ئىگە بولدۇق. ئۆيلەرنى بېزىدۇق
ھېچقانداق كەم نەرسىمىز قالمىدى. بالى-
لارنى مەكتەپكە بەردۇق. باللىرىمىزنى مەك-
تەپلەرگە ئادەمگە يۈدگۈزۈپ ئاپىرىپ، يۈد-
گۈزۈپ ئەكەلدۇق، قىسقىسى ئەمدى ھېچ
بىر ھاجىتىمىز قالمىدى. ئەمدى ماڭا ھەج

قىلماق پەرھىزدۇر. ھەچگە بېرىپ كەلمىسەم بولمايدۇ. بۇ مۇرغى سۇلايماننى ھەرگىز خارلىمىغايسەن، پەرزەنتلىرىمىزنى بىر خۇدادىن باشقا ساڭا تاپشۇردۇم...

ئەلقىسسە، بوۋاي شۇنداق دەپ ھەجگە قاراپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ خۇشاللىقنى ئىچىگە پاتۇرالماي كېچە-كۈندۈز توختىماي ماڭدى.

بوۋاي ھەج قىلغىلى كەتكەندىن كېيىن مومايىنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى. ئۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۆزىگە زەر ياقا، زەر يەڭ لىباسلارنى تەييارلاپ، چاچلىرىغا ئۈنچە-مەرۋايىت تاقاپ، يۈزلىرىنى زىننەتلەپ، قىلمىغان پەردازلىرى قالمىدى. بازار رەستىلەرگە كىرىپ ئايلىنىپ يۈردى. ئۆزى ياش جۇۋاندەك ياساۋالغان بۇ موماي پېرىغاننى تۇيمىدى. ئەمما ئۇ قانچە ياسانغان بولسىمۇ مومايلىقى چىقىپلا قالغاندى.

بىر كۈنى موماي بازارغا پەرداز قىلىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ كۆردىكى ھېلىقى گۆھەرپۇرۇش دۇكاندا ئولتۇرۇپتۇ. موماي ئۇنىڭ ئالدىغا يۈز مىڭ ناز-كەرەشمە بىلەن بېرىپ سالام قىلدى. موماي ياغلىقىقا ئورالغان گۆھەرنى چىقاردى ۋە ئۇنى ئون مىڭ تەڭگىگە ساتتى. موماي قايتار چېغىدا گۆھەرپۇرۇشقا ناز قىلىپ:

— ئەي ئەزىز خوجا، بىزنىڭ توخۇ كۈندە بىر گۆھەر تۇغۇدۇ. ۋاقتىلىرى بولسا بېرىپ كۆرۈپ كەلگەيلا، — دېدى.

گۆھەرپۇرۇش جوھۇت ئىدى. ئەمما ئۇ «كىتابتىن ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ توخۇلىرى گۆھەر تۇغۇدۇ» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرگەن. شۇڭىمۇ گۆھەرپۇرۇش مومايدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ قەۋەت شادىمان بولدى.

ئەلقىسسە، گۆھەرپۇرۇش مومايغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. مۇرغى سۇلايمان كاتەكتە يېتىۋاتاتتى. جوھۇت ئۇنى كۆرۈپ «مۇرغى سولايماننىڭ يەتتە خاسىيىتى بار، ئۇ گۆھەر تۇغۇدۇ. ئادەم ئۇنىڭ بېشىنى يېسە پادىشاھ بولىدۇ. قانىتىنى يېسە ۋەزىر بولىدۇ. يۈرىكىنى يېسە ۋەلى بولىدۇ. جىگىرىنى يېسە ئۇخلاپ ئويغانسا بېشىدا بىر خىش ئالتۇن، ئايىغىدا بىر ھەميان زەر پەيدا بولىدۇ. ئۆزگە ئەزاسىنى يېسە ئۈچ قېتىم ئامەت تاپىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى ئېسىگە ئالدى. گۆھەرپۇرۇش مومايغا مۇنداق دېدى:

— ئەي مەزلۇم، ئەگەر سەن ماڭا ئاشىق بولساڭ، مەن ساڭا نېمە دېسەم دەرھال ماقۇل بولىسەن، ئۇنداق قىلمىساڭ مەقسىتىڭ ھاسىل بولمايدۇ.

— ئەي خوجام، — دېدى موماي، — كۆڭلۈمنى ئەسىر قىلدىڭ، ھەر نېمە دېسەڭ شۇل زامان ماقۇل بولغايمەن!

— ئۇنداق بولسا، — دېدى گۆھەرپۇرۇش، — مەن جوھۇت، مېنىڭ دىنىمغا كىرگىن، بۇ بىر تەلىپىم، يەنە بىر تەلىپىم، بۇ توخۇنى ماڭا پىشۇرۇپ بەرگىن، ئەگەر بۇ تەلەپلەرگە قوشۇلمىساڭ مەندىن مۇرادىڭ ھاسىل بولمىغاي!

بۇ ئەقلىدىن ئازغان موماي جوھۇتنىڭ دىنىغا كىردى. ئاندىن مورغى سۇلايماننى ئۆلتۈرۈپ قازانغا سالدى. ئىككى كېنىزەك بار ئىدى. ئۇنىڭغا: «بۇ قازانغا ئوت قالىغىن، تۇۋاقنى ئاچمىغىن» دەپ تاپىلىدى.

گۆھەرپۇرۇش بىلەن موماي ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

كىنزەك قازانغا ئوت قالاپ توخۇنى پىشۇرۇپ ئولتۇراتتى. مەكتەپدىن ئىككى ئوغۇل كەلدى.

— ئەي كىنزەك، نىمە پىشۇرۇۋاتىسەن؟ — سورىدى ئۇلار.

— ئاغچام توخۇنى ئۆلتۈردى، شۇنى پىشۇرۇۋاتىمەن، — جاۋاب بەردى كىنزەك.

— بىزنىڭ قورسىقىمىز ئاچتى، بىزگە تائام بەرگىن، — دىدى ئوغۇللار.

كىنزەك قازاننىڭ تۈۋۈقىنى ئاچقان ئىدى. مەززىلىك شورپىنىڭ ھىدى دىماغقا ئۇرۇلدى. چوڭ ئوغۇل توخۇنىڭ بېشىنى يىدى. كىچىك ئوغۇل قانىتىنى يىدى. ئىككىسى توخۇنىڭ بارلىق خاسىيەتلىك ئەزالىرىنى قويماي يەپ قورسىقىنى توقلاپ مەكتەپكە كەتتى.

گۆھەرپۇرۇش بىلەن ئايال ئىشرەتنىڭ كەيپىدە بىردەم ئۇخلاپ ئويغاندى. ئۇلار كىنزەكنى چاقىرىپ:

— توخۇنى ئېلىپ كەل! — دىدى.

كىنزەك قازاننى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى. گۆھەر پۇرۇش جوھۇت توخۇنىڭ خاسىيەتلىك ئەزالىرىنى باشقىلار يەپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ پەريات كۆتۈردى:

— ئەي خوتۇن، — دىدى گۆھەرپۇرۇش غەزەپ بىلەن، — سەن مىنى ئالداپ توخۇنى كىمگە بەردىڭ؟

موماي ھودۇقۇپ:

— ئۇنداق ئەمەس، ئۇنداق ئەمەس، — دەپ كىنزەكنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ناھەق تاياق يىگەن كىنزەك:

— ئەي ئاغىچام، مىنى نىمىشقا ئۇرىسىز؟ توخۇنى ئىككى غوجام يەپ مەكتەپكە كەتتى، — دىدى.

ئەھۋالىنى ئۇققان گۆھەرپۇرۇش جوھۇت يامانلاپ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ تۆت كى-
تابىنى ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭدا: «مورغى سۇلايماننىڭ گۆشىنى يىگەن ئادەمنىڭ يۈرىكىنى يىسە، يۇقىرىقى خاسىيەتلەرنى كۆرەر» دىگەن سۆزلەر بار ئىدى. جوھۇت يەتتە كۈنگىچە موماينىڭ قېشىغا بارمىدى. يەتتە كۈندىن كىيىن موماي چاقىرغىلى ئادەم ئەۋەتتى. گۆھەرپۇرۇش موماينىڭ ئۆيىگە باردى ۋە:

— ئەي مەزلۇم، ئەگەر مەن ساڭا كىرەك بولسام، ئىككى پەرزەنتىڭنىڭ قارنىنى يېرىپ، يۈرەك باغرىنى ماڭا كاۋاپ قىلىپ بەرگىن، بولمىسا مەندىن ئۈمىد كۈتمىگىن، — دىدى.

ئەلقىسسە، موماينىڭ بىر قولى بار ئىدى. موماي ئۇنى چاقىرىپ:

— ئەي غۇلام، مەن سىنى ئازاد قىلاي، — خوجىلارنى ئۆلتۈرۈپ يۈرەك - باغرىنى كاۋاپ قىلىپ بەرگىن، — دىدى. غۇلام ئازاد بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ خۇش بولۇپ:

— ماقۇل! — دىدى.

غۇلام خۇشال مەكتەپكە بېرىپ خوجىلارنى ئاناڭلار چاقىرىدۇ، دەپ ئېلىپ كەلدى: غۇلام ئۇلارنى بىر كونا تاملىققا ئېلىپ باردى. خوجىلار ھەيران بولۇپ:

— ئەي ئاكا، بىزنى بۇ يەرگە نىمىشقا ئەكەلدىڭىز؟ — دەپ سوراشتى. غۇلام مۇنداق دىدى:

— ئەي مەسۇم، پاك ئۇكىلار، ئاناڭلار سىلەرنى ئۆلتۈرۈپ يۈرەك - باغرىنى كاۋاپ قىلىپ بەرگىن، دەپ تاپىلىدى، — دىدى.

— ئەي ئاكا، بىزنى بېشىڭىزدا كۆتۈرۈپ چوڭ قىلغان ئىدىڭىز بىزگە رەھىم قىلسىڭىز، خۇدايىم سىزگە رەھىم قىلار!

— ئەي مەسۇملار، — دىدى غۇلام، — مەن سىلەرنى ئۆلتۈرمىسەم ئاناڭلار مىنى

ئازاد قىلمايدۇ.

— ئەي ئاكا، — دېدى چوڭ خوجا، — ئۇنداق بولسا ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرگىن، ئۇكامنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈشنى خالىمايمەن!

— ياق! — دېدى كىچىك خوجا، — ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرگىن مەن ئاكامنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈشنى خالىمايمەن، چىدىيالمايمەن!

— ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرگىن!

— ئاۋۋال مېنى...

ئۇلار شۇنداق تالىشىپ تۇراتتى، بىر نۇرانە چىراي ئادەم پەيدا بولدى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئەي غۇلام قولۇڭنى يىغقىن! ئۇلارغا تىغ ئۇرما! بۇلارنى ئۆلتۈرسەڭ ئىككى دۇنيادا گۇناهكار بولىسەن، پالانى يەردە بىر ئىت كۈچۈكلەپتۇ، ئاشۇ كۈچۈكلەرنى ئۆلتۈرۈپ باغرىنى كاۋاپ قىلىپ بەرگىن!

بۇ كىشى ئەسلى خىزىر ئەلەيهىسسالام ئىدى. خوجىلار ئۆلۈمدىن خالاس بولدى. خىزىر ئىككى ئوغۇلنى بىر يولغا ئەكىلىپ «سىلەرنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇم» دەپ غايىب بولدى.

ئەلقىسسە، خوجىلار ئانىسىدىن بىۋاپالىق كۆرۈپ، تەركى دۇنيا بولدى. ئۇلار يىغلاپ - يىغلاپ چۆل - باياۋانلارغا يۈزلەندى. ئۇلار مېڭىپ - مېڭىپ ئىككى ئاچال يولغا كەلدى. بىرسى: «ئوڭدىكى يولغا ماڭايلى»، دېسە، يەنە بىرسى: «سولدىكى يولغا ماڭايلى» دەپ تالىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئىككى يولغا كىردى.

كىچىك خوجا كېچە كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ناگاه ئالدىغا بىر ئاجايىپ قورقۇنچلۇق هايۋان ئۇچرىدى. ئول هايۋان بىرتوپ كېيىكلەرنى قوغلاپ كېتىۋاتاتتى. خوجازادە دەرهال ئۆزىنى كېيىكلەرنىڭ دالدىسىغا ئالدى.

هېلىقى هايۋان كېيىكلەرنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى. خوجازادە ئامالسىز كېيىكلەر بىلەن بىللە ماڭدى. هايۋان كېيىكلەرنى قوغلاپ بىر غارغا ئېلىپ كەلدى. غارنىڭ ئاغزىنى تاقاپ قويغان تاش قاپقاقنى ئېچىپ كېيىكلەرنى سولاپ قويدى. خوجازادە كېيىكلەرنىڭ ئارىسىدا ئولتۇردى.

هېلىقى هايۋان ئۇلۇغ ئوت قالاپ بىر قانچە كېيىكنى زىخقا تارتىپ پىشۇرۇپ چاينىماي يۇتتى. ئاندىن غار يېرىلىپ يەتكۈدەك خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا پاتتى.

كىچىك خوجازادە ئۇنىڭ خورەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرهال كېيىكلەر ئارىسىدىن چىقىپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

خوجا زىخلارنى ئوتقا سېلىپ چوغدەك قىلىپ هايۋاننىڭ كۆزىگە شۇنداق زەربە بىلەن سانجىغان ئىدى، زىخ ئۇنىڭ گەجگىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى، هايۋان ئۆلدى. ئەشۇ هايۋاندىن قورقۇپ هېچكىم بۇ يول بىلەن ئۆتەلمەس ئىدى. خوجازادە هايۋاننىڭ تېرىسىدىن بىر تاسما تىلىپ بېلىگە باغلىۋالدى.

خوجازادە يولغا راۋان بولدى. ئۇ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر يەرگە يەتتى. ئۇ يەردە ئۈچ ئوغلان بىر - بىرىگە تەگىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار خوجازادىنى مۇنداق دېيىشتى: «ئەمدى بىر - بىرىمىز بىلەن تەنە - تاپا قىلىشمايلى. بۇ غالىبتىن كەلگەن يىگىت بىزگە قازى بولسۇن، ئۇ نېمە دېسە ماقۇل دەيلى، قالغان ئىشلارنى ئاللاغا قويايلى...»

شۇ ئەسنادا خوجازادە ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

خوجازادە ئۇلارغا:

— نېمىنى تالىشىۋاتىسىلەر؟ — دېدى.

ئۇلار مۇنداق دېدى:



— ئەي يىگىت، سەن بىزگە قازى بولغىن، ئاتىمىز ئالەمدىن ئۆتكىلى بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى. ئاتىمىزدىن بىز ئۈچ ئوغۇلغا ئۈچ مىراس قالغاندى. ئۇنىڭ بىرسى تاج، ئۇنىڭ چۆرىسىگە ئىسمى ئەزەم پۈتۈلگەن. ھەركىم ئۇنى ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ كىيسە ئۇ ھەممە نەرسىنى كۆرەلەيدۇ. ئەمما ئۇنى ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ.

قالغان نەرسىنىڭ يەنە بىرسى ھاسا. ئۇنىڭغىمۇ ئىسمى ئەزەم پۈتۈلگەن، ئۇنى مىنىسە ئات بولىدۇ. دەرياغا سالسا كۆۋرۈك بولىدۇ. ئۈچىنچى نەرسە زىلچا. ئۇنىڭغا مىنىپ قايەرگە ئاپارغىن دېسە شۇ يەرگە ئۇچۇپ ئاپىرىدۇ. ئۇ بىر سائەتتە مەشرىقتىن مەغرىبكە ئاپىرالايدۇ.

خوجازادە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى:

— بۇ نەرسىلەرنى تەقسىم قىلماق بەك تەس ئىكەن، كېيىپ ئۆلەشتۈرمەكنىڭ ئىلاجى يوق ئىكەن، ماڭا بىر تال ئوقيا كەلتۈرۈڭلار، مەن ئۈچ تەرەپكە ئاتاي، قايسىڭلار ئوقنى بۇرۇن ئەكەلسەڭلەر تاج شۇنىڭ بولسۇن!

ئۇلار ماقۇل بولۇپ ئوقيا ئىزدەپ كەتتى. خوجازادە تاھارەپ ئېلىپ ناماز ئوقۇۋالدى. بىر پەستىن كېيىن ئۈچ ئوغۇل ئوقيا كەلتۈردى. خوجازادە ئوقيانى ئېلىپ ئۈچ تەرەپكە ئوق ئاتتى. ئۈچ ئوغلان ئوقنى ئىزدەپ ئۈچ تەرەپكە ماڭدى.

خوجازادە ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ زىلچا ئۈزرە ئولتۇردى ۋە: «ئەي زىلچا مېنى ھاۋاغا ئۇچۇرغىن، بىر سەبزىزار - بوستانلىققا ئاپارغىن!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن زىلچا خوجازادىنى تاج ۋە ھاسا بىلەن بىللە ھاۋاغا كۆتۈرۈپ ئۇچتى.

بىر پەستىن كېيىن ئوقىنى ئىزدەپ كەتكەن ئۈچ ئوغۇل بىر - بىرىدىن ئالدىرىشىپ يېتىپ كەلدى. ئەھۋالنى ئۇقۇپ كۆپ پۇشايمان قىلدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى گەپنى چوڭ خوجازادىدىن ئاڭلايلى: چوڭ خوجازادە ئوڭ تەرەپتىكى يولغا كىرىپ ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن بىر ناتونۇش شەھەرگە يېقىن كەلدى. يىراقتىن بىر شەھەر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە نامايان بولدى. خوجازادە يول ئازابىدىن دەرماندىن قالاي دېگەندى. ئۇ شۇ يەردە بىردەم ئارام ئالماق بولۇپ يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

قازارا ئۇل شەھەرنىڭ پادىشاھى ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغۇل پەرزەنتى يوق، ئېدى. پەقەت بىر قىزى بار ئېدى. پادىشاھ ئۆلۈم ئالدىدا: «مېنىڭ ئوغلۇم يوق، بىرلا قىزىم بار، مېنىڭ چىرىغىمنى ئۆچۈرمەڭلار، مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن دۆلەت قۇشۇم كىمنىڭ بېشىغا قونسا تاجىمنى شۇ ئادەمگە كىيگۈزۈڭلار، قىزىمنى ھەم ئۇنىڭغا بېرىڭلار!» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى.

دۆلەت كاتتىلىرى پادىشاھنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە قۇشنى ئۇچۇرغىلى ئۈچ كۈن بولغان بولسىمۇ قۇش ھېچ بىر ئادەمنىڭ بېشىغا قونمىغانىدى.

قۇش ئۇچۇپ يۈرۈپ كۆردىكى، بىر يىگىت شەھەرنىڭ تېشىدا يېتىپتۇ، قۇشنىڭ كۆزىگە ئوت كۆرۈنۈپ كەتتى. قۇش ھاۋادىن پەرۋاز قىلىپ چۈشۈپ خوجازادىنىڭ بېشىغا قوندى. بۇنى كۆرگەن دۆلەت كاتتىلىرى تاجنى خوجازادىنىڭ بېشىغا كىيگۈزدى. شۇنداق قىلىپ چوڭ خوجازادە تەختتە بەرقارار بولدى. ئۇلۇغ - ئۇششاقلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ مۇبارەكلەشتى. پادشاھنىڭ قىزىنى خوجازادىگە تويلاپ بەردى. خوجازادە شەھەرگە پادىشاھ بولدى.

ئەلقىسسە، كىچىك خوجازادىنى ھېلىقى خاسىيەتلىك زىلچا ئۇچۇرۇپ بىر چاھار باغقا ئېلىپ كەلدى.

چاھار باغنىڭ ئىچىگە بىر مۇنار قۇپۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ چۆرىسىگە قاراۋۇل قويۇلغانىكەن. مۇنارنىڭ تۆپىسىدە بىر نۇرانە چىراي شەيخ ئولتۇرۇپتۇ. خوجازادىنى كۆرگەن شەيخ مۇناردىن تۆۋەنگە چۈشتى. ئۇ سالام قىلىپ دېدى:

— بۇ تەرەپتىكى يولدىن قانداق كەلدىڭ؟ ئادەملەر بۇ يولدىن ئۆتەلمەس ئېدى. بۇ يەردە بىر ئاجايىپ غەلىتە ھايۋان بولۇپ، پادىشاھ لەشكەرلىرىمۇ ئامال قىلالمىغانىدى، — دېدى.

خوجازادە مۇنداق دېدى:

— ئەي ئاتا، خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن ئۇ ھايۋاننى ئۆلتۈردۈم، ئۇچىسىدىن بىر تىلىم تاسما تىلدۇۋالدىم.

— ئەي يىگىت، — دېدى شەيخ ھەيران بولۇپ، نىشانەڭنى بىزگە كۆرسەتكىن!

شەيخ تاسمىنى كۆرۈپ خوجازادىنى قولىدىن يېتىلەپ چاھار باغنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىردى. شەيخ خوجازادىگە مۇنداق دېدى:

— ئەي پەرزەنتىم، ماڭا سەندەك بىر ياخشى ئادەم ئۇچىرىدى. بۇ ئىش كېچىدىكى چۈشۈمدە مەلۇم بولغانىدى، مېنى يۇيۇپ، نامىزىمنى ئۆتەپ، لەھەتكە كۆمگىن، مېنى كۆمگەن كىشىگە ئۈچ نەرسە نېسىپ بولغۇسىدۇر. ئۇنىڭ بىرسى تاج، بىرسى ھاسا، يەنە بىرسى زىلچا، سەن ئۇ نەرسىلەرگە چوقۇم ئېرىشىسەن!

— ئۇ نەرسىلەرگە ئاللىقاچان ئېرىشىپ بولدۇم، — دېدى خوجازادە.

ئەلقىسسە، خوجازادە شۇ گەپنى دەپ بولۇشىغا شەيخ جان تەسلىم قىلدى. خوجازادە ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇپ يەرلىكتە قويدى. ئاندىن زىلچىغا ئولتۇرۇپ: «مېنى شۇنداق ئۇبدان بىر شەھەرگە يەتكۈزگىنكى،

دۇنیادا ئۇنىڭدىن ئوبدان شەھەر بولمىسۇن.» دېدی. زىلچا دېگەندەك ئۇچۇپ بىر شەھەرگە چۈشتی. خوجازادە زىلچىنی ئۆشنىسگە ئارتىپ، ھاسىنی تايىنىپ، تاجىنی بېشىغا كىيىپ شەھەرگە كىردی.

خوجازادىنىڭ قورسىقی ئاچقانىدی. ئۇ ناۋايخانىدىن نان ئالدی، قاساپ دۇكىنىدىن بىر سان گۆش ئالدی، سودىگەر دۇكىنىدىن پۇل ئالدی، ئەمما ئۇنی ھېچكىم كۆرمەدی. پادىشاھ، ۋەزىر ۋە ئەمىرلىرىگە قىزىنی ئىزدەشكە پەرمان چۈشۈردی.

ئەلقىسسە، پادىشاھنىڭ توققۇز مىڭ لەشكىری ئەتراپنی ئىزدىگەن بولسىمۇ، ھېچ خەۋەر بولمىدی.

زىلچا خوجازادە بىلەن مەلىكىنی بىر كۆكلەمزارغا ئېلىپ باردی. خوجازادە ئۆزىنی مەلىكىگە بېغىشلىدی. مەلىكىمۇ ھەم بۇ ساھىبجامال يىگىتنی كۆرۈپ ئاتا-ئانىسىنی ئۇنۇتتی-دە، ئاخىری ئۆزىنی خوجازادىگە تەقدىم قىلدی. ئۇلار بىرقانچە زامان كۆڭلىنی خۇش قىلىشىپ شۇ يەردە تۇردی. خوجازادە بۇغا-مارال ئوۋلاپ كېلەتتی. خوجازادە بىر كەتسە بىرنەچچە كۈندە بىر كېلەتتی. مەلىكە يالغۇزلۇقتا زېرىكتی.

كۈنلەردە بىر كۈن مەلىكە خوجازادىگە:

— ئەي خوجازادە، ماڭا بۇ زىلچىنىڭ خاسىيىتىنی بايان قىلىڭ، مەن سىزنىڭ ھەمراھىڭىز، مەندىن يوشۇرماڭ، ماڭا بىلدۈرۈڭ، مەن سىزنىڭ سىز ھەم مېنىڭ-ھۇ، — دېدی. خوجازادە سادىقلىق قىلىپ سىرنی ئازراق ئاشكارا قىلدی. مەلىكە يالۋۇرۇپ:

— ئەي پادىشاھىم، ئەي قارا كۆزۈم، يەنە مۇندىن روشەنرەك بايان قىلىڭ، كۆڭلۈم ئارام تاپسۇن! — دېدی.

خوجازادە زىلچىنىڭ خاسىيىتىنی تەپسىلی سۆزلەپ بەردی. مەلىكىنىڭ كۆڭلی ئارام تاپتی.

ئەلقىسسە، خوجازادە مەلىكىدىن رۇخسەت ئېلىپ شىكارغا كەتتی. مەلىكە تاھارەت ئېلىپ ئىككی رەكئەت ناماز ئوقۇدی ۋە زىلچا ئۈستىگە چىقىپ: «مېنی ئاتا-ئانامنىڭ قېشىغا يەتكۈز» دەپ ئىلتىماس قىلىغانىدی. زىلچا ئاستا ئۇچۇپ پەلەككە پەرۋاز قىلدی. بىر پەستىن كېيىن چاھار باغقا چۈشتی. باغۋەن كۆرۈپ دەرھال پادىشاھقا خەۋەر بەردی. پادىشاھ چەكسىز خۇشال-خۇرام بولدی. خالايىقلار پادىشاھنىڭ پەرمانی بويىچە كوچىلارغا چىقىپ يول بويىدا مەلىكىنی قارشی ئالدی. مەلىكە دەبدەبە داغدۇغا ئىچىدە شەھەرگە كىرىپ كەلدی. مەلىكە شاھ ئاتىسىغا بولغان ۋەقەنی بايان قىلدی. پادىشاھنىڭ ئەقلی لال بولدی.

خوجازادە شىكاردىن يېنىپ كېلىپ قارىسا مەلىكە يوق. زىلچىغا مىنىپ كەتكەنلىكی مەلۇم بولدی. خوجازادە مەلىكىگە سىرىنی ئېيتىپ قويغانلىقىغا ھەددىدىن زىيادە پۇشايمان قىلدی. شۇنداق قىلىپ خوجازادە مورغىزاردا يالغۇز قالدی.

خوجازادە مورغىزاردىن چىقىپ خېلی يول يۈرۈپ بىر دەريا بويىغا باردی. دەرياغا ھاسىنی كۆۋرۈك قىلىپ ئۆتۈپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن مەلىكىنىڭ چاھار بېغىغا باردی. مەلىكە باغدا سەيلە قىلىپ يۈرەتتی، زىلچىنی چاھار باغدىكی كۆل بويىغا سېلىپ قويغانىدی. خوجازادە كۆزلەردىن پىنھان بولدی. خوجازادە زىلچىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ: «ئەي زىلچا، مەلىكە ماڭا بىۋاپالىق قىلدی. مېنىڭ ئەمدی تاقىتىم قالمىدی، مېنی بۇ يەردىن ئېلىپ باشقا بىر شەھەرگە ئېلىپ بارغىن!» دېگەنىدی، زىلچا كۆككە پەرۋاز قىلدی. زىلچا ئۇچۇپ-ئۇچۇپ ئاخىری چوڭ خوجازادە پادىشاھ بولغان شەھەرگە باردی. خوجازادە بېشىغا تاجنی كىيدی. ئۇ، شەھەر ئايلىنىپ بازار رەستىلەرنی تاماشا قىلدی. شۇنداق

كېتىۋاتاتتى، ئاكىسى ئۇچراپ قالدى. ئاكىسى سەلتەنەتلىك پادىشاھ بولغانىدى. كىچىك خوجازادە ئاكىسىنى تونۇپ ئۇنىڭغا سالام بەردى. ئەمما ئاكىسى ئۇنى تونۇمىدى.

— ئەي ئوغۇل، — دېدى ئاكىسى، — قايسى ۋىلايەتتىن كەلدىڭىز؟ كىمنىڭ پەرزەنتىسىز؟

— بىز پالانى شەھەردىكى پالانىنىڭ ئوغلى ئىدۇق. مېنىڭ بىر ئاكام بار ئىدى. دادام ھەج قىلغىلى كەتكەنىدى. بىز بىۋاپا ئانامنىڭ شۇملۇقىدىن ئۆيدىن ئايرىلىپ چىققانىدۇق. ئاكام بىلەن بىردىن ئىككى يولغا كىرگەنىدۇق. شۇنىڭدىن بېرى ئاكام بىلەن ئۇچرىشالمىدىم. مەن ئاكامنى ئىزدەپ ئاخشام بۇ شەھەرگە كەلدىم. ھېچكىمنى تونۇمايمەن، مۇساپىرمەن، — دېدى. كىچىك خوجازادىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئاكىسى دەرھال ئاتتىن چۈشتى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئاكىسى ئۇنى ناھايىتى ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئوردىسىغا ئېلىپ كېلىپ، تەختنىڭ مۇبارەك جايىدىن ئورۇن بەردى. ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر-بىرىگە بايان قىلدى. ئۇلار گاھ كۈلۈشتى، گاھ يىغلاشتى. شۇنداق قىلىپ ئاكا-ئۇكا جەم بولۇپ باياشاد تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى.

ئەلقىسسە، بىرقانچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار ئاتا-ئانىسىنى سېغىندى. ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئېلىشنى نىيەت قىلىشتى. كىچىك خوجازادە مۇنداق دېدى:

— ھەي ئاكا، ماڭا خۇدايىتائالادىن بىر تاج، بىر ھاسا، بىر زىلچا نېسىپ بولدى... — خوجازادە يۇقىرىقى نەرسىلەرنىڭ خاسىيىتىنى بىرمۇ-بىر سۆزلىدى. ئاكىسى تولىمۇ خۇشال بولدى ۋە پادىشاھلىقنى ۋەزىرىگە ئۈچ كۈنلۈك ئۆتكۈزۈپ بەردى.

ئاكا-ئۇكا خاسىيەتلىك زىلچىنىڭ ئۈستىگە چىقتى-دە: «ئەي زىلچا بىزنى ئاتا-ئانىمىزنىڭ قېشىغا ئاپارغىن!» دېدى. زىلچا شۇئان پەرۋاز قىلىپ ئۇچتى. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئاتا-ئانىسى بار شەھەرگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كىرمىدى.

ئەلقىسسە، بۇ ئىككى ئوغۇلنىڭ ئانىسى ئۇلار كەتكەن كۈندىن باشلاپ پەرزەنتلىرىم ئۆلۈپ قالدى دەپ قازناقتا ئىككى قەبرە قوپۇرۇپ قويغانىدى. ئاتىسى ھەجدىن قايتىپ كەلگەندە ئانىسى ئەشۇ ئىككى قەبرىنى كۆرسەتتى. ئاتىسى پەرزەنتلىرىنىڭ دەردى-پىراقىدا تولا يىغلاپ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى.

ئىككى ئوغۇل ئاخىرى ئۆيگە كىردى. ئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ پەرياد كۆتۈردى. ئاتىسىنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلدى. ئانىسى شەرمەندىچىلىكتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. ئاكا-ئۇكا ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈردى. خوجازادىلەر ئاتا-ئانىسىنى زىلچىغا ئولتۇرغۇزۇپ چوڭ خوجازادە پادىشاھ بولغان شەھەرگە كەلدى. شەھەر خەلقى، ۋەزىر، ئەمىرلەر كاتتا داغدۇغا بىلەن قارشى ئالدى. چوڭ خوجازادە شاھلىق تاجىنى ئاتىسىغا كىيگۈزۈپ ئۇنى تەختتە ئولتۇرغۇزدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر ئۆمۈر خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈپ ئالەمدىن ئۆتتى.

پادىشاھنىڭ قىزى چاھار باغدا سەيلە قىلىۋاتاتتى. كىچىك خوجازادە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئاندىن ئۇنى زىلچىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئاسمانغا پەرۋاز قىلدى. بۇ خەۋەردىن پادىشاھ ۋە يۇرت ئەھلى ھەيران بولدى. پادىشاھنى پەرىشانلىق قاپلىدى.

**رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى ياسىن زىلال**

**(قول يازمىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى)**




«مەتلەئۇل - ئۇلۇم ۋە مەجمەئۇل - فۇنۇن» دىن

سەلجۇقىلار تارىخىدىن نەقىل كەلتۈ-
رۈلۈشىچە، سۇلتان ئالىپ ئارسلان پارس
مەملىكىتىنى پەتھى قىلغان چاغدا پارس
سېپىلىدىن بىر دانە پىرۇزە قەدەھ تېپى-
ۋالغان. قەدەھنىڭ ئىچىگە ئون سەككىز
سەر ئىپار، ئەنبەر سىغىدىكەن. ئۇ قەدەھ-
نىڭ چۆرىسىگە ئاتەشپەرەسلەرنىڭ يېزىقىدا
جەمشىد پادىشاھنىڭ نامى نەقىش قىلىن-
غانمىش.

* *

شەمشىرىخانىنىڭ تەزكىرىسىدە يېزىلى-
شىچە، نۇشىرۋان ئادىلنىڭ تاغ ئۈستىگە
سالدۇرغان بىر قاراۋۇلخانىسى بار بولۇپ،
بۇ قاراۋۇلخانىغا قولىغا بايراق تۇتقان،
يانلىرىغا قىلىچلارنى ئاسقان تۆت نەپەر
ئاتلىق جەڭچى تىلسىم قىلىنغانىكەن. كىمىكى
ئۇلارغا يېقىنلاشسا دەرھاللا ھۇجۇمغا
ئۆتىدىكەن.

باغدادنىڭ خەلىپىسى مەئمۇن رەشىد
تىلسىمنىڭ سىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى-
دىن قانداق ساقلىنىشنى بىلىدىغان قارا-
ۋۇلخانا كۆزەتچىسىنىڭ يول كۆرسىتىشى
بىلەن قاراۋۇلغانىغا كىرىپتۇ. قارىغۇدەك
بولسا، ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق جاۋاھى-
راتلار بىلەن كۆز قويۇلغان تەخت ئۈس-
تىگە نوشىرۋان ئادىلنىڭ ھەيكىلى ئول-
تۇرغۇزۇلغانمىش. نۇشىرۋاننىڭ پۈتۈن
ئەزالىرى ساپ - ساق، لېكىن كىيىم - كې-
چەكلىرى تولىمۇ كونىراپ كەتكەنمىش.

مەئمۇن رەشىد خەلىپە نۇشىرۋاننىڭ
ھەيكىلىگە يېڭى كىيىم - كېچەكلەرنى
كىيگۈزۈپ، ئىپار - ئەنبەرلەرنى چېچىپتۇ.
بۇ چاغدا ئۇ نۇشىرۋاننىڭ تىزىنىڭ ئاس-
تىدا تىللادىن ياسالغان بىر پارچە تاختاي
بارلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. قارىسا بۇ تاختايغا:
«ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەت
ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىلىرىنىڭ ئوغۇللىرى-
دىن بىرەرسى بىزنى زىيارەت قىلىپ كېلىپ
چىرايلىق، نازۇك كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ
قويغۇسى. ئۇ چاغدا بىزنىڭ بۇ جانسىز
قەلبىمىز ئۇ زاتقا ئۆزىنىڭ رەھمەت - تە-
شەككۇرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ
ھۇزۇرىغا بارالمايدۇ. شۇڭا مۇشۇ قاراۋۇل-
خانىنىڭ پالانى تەرىپىگە ئاشۇ زاتقا ئاتاپ
بىرمۇنچە خەزىنە قويۇپ قويدۇم. ئۆز
قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغايلا ۋە ئۆزرىمىزنى
قوبۇل قىلغايلا» دېگەن سۆزلەر نەقىش
قىلىنىپ يېزىلغانىكەن. مەئمۇن رەشىد شۇ
كۆرسەتمە بويىچە ئۇ يەردىكى خەزىنىنى
تاپشۇرۇپ ئالغانمىش.

يەنە بەزىلەر: بەنى ئابباس دۆلىتى

ئۇ يەردىكى ھەددى ـ ھېسابسىز خەزىنىلەر ـ
گە ئىگە بولغان، دېيىشىدىكەن.

* *

كەشمىرنىڭ ئەتراپىدا باغرى تۇرلۇك ـ
تۈمەن گۈل ـ چېچەكلەرگە تولغان بىر تاغ
بار ئىمىش. كىمىكى ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇن ـ
لۇك ئاۋازدا سۆزلىسە دەرھال قاتتىق
يامغۇر ياكى دەھشەتلىك قار يېغىپ
كېتەرمىش. شۇڭا بۇ يەرلىكلەر سۆزلەشكەن ـ
دە ئۇنلۇك ئاۋازدا سۆزلەشمەستىن بىر ـ
بىرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىشىپ سۆزلە ـ
شەرمىش.

* *

«جاھانگىرنامە» دە يېزىلىشىچە، گۇجۇ ـ
رات ۋىلايىتىنىڭ تەشكىلاتچىسىنىڭ بارمى ـ
قىدا بىر ئۈزۈك بار ئىكەن. بۇ ئۈزۈككە
قىممەت باھالىق بىر پارچە لەئىلىدىن
كۆز قويۇلغانىكەن. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئېغىر ـ
لىقى ئارانلا بىر مىسقال ئۈچ پۇڭ كېلە ـ
دىكەن. بۇ ۋىلايەتنىڭ ھەرقانداق قىممەت ـ
لىك نەرسىنى پادىشاھقا سوۋغا قىلىدىغان
قائىدىسى بار ئىكەن. شۇڭا ئۇ كىشى
ئۈزۈكنى پادىشاھقا ئەۋەتىپتۇ. ئۈزۈك پادى ـ
شاھقا تولىمۇ يېقىپتۇ. چۈنكى بۇ ئۈزۈك ـ
نىڭ ۋەزنى يەڭگىل بولسىمۇ، لېكىن پادى ـ
شاھنىڭ خەزىنىسىدە ئۇنىڭغا يېتىدىغان
ئۈزۈك يوق ئىكەن.

* *

تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلىشىچە، مەشرىق
مەملىكىتىدە «ئاچىن» نامىلىق بىر ئارال
بار ئىكەن. بۇ ئارالنىڭ شاھلىقى ئاياللارغا
قاراشلىق ئىكەن. پادىشاھلىق تەختىگە
ئولتۇرغان ئايال ئۆزىنىڭ دادىسى ۋە
ئېرىدىن باشقا ھېچقانداق كىشىنىڭ گېپىگە
كىرمەيدىكەن. بۇ تەۋەلىكتىكىلەرنىڭ تۇرمۇش
سەۋىيىسى يۇقىرى بولۇپ، ھەممىسى پۇل ـ
دار ۋە مالدار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بەدەن
چېنىقتۇرۇشى دېھقانچىلىق بىلەن بولىدىكەن.
ئۇلارنىڭ شېرىن مېۋىلەرگە تولغان باغلىرى
كۆپ ئىكەن. ئۇ يەردە ئون ئىككى ئاينىڭ
ھەممىسىدە يامغۇر يېغىپ تۇرىدىكەن.
تېبابەتتە ئىشلىتىلىدىغان كافۇرمۇ مۇشۇ
ئارالدىن چىقىدىكەن.

* *

«كوت كاڭرە» دېگەن بىر تاغلىق
جاي بولۇپ، ئۇ جايدا بىر خىل ئۇششاق
قۇرۇتلار ياشايدىكەن. ئەگەر كىشىلەر
بۇ جايدىن يالىڭاياق ئۆتۈپ قالسا، قۇرت ـ
لار پۇتىنىڭ بارماقلىرىغا يېپىشىۋېلىپ
چاقىدىكەن ۋە قېنىنى شورايدىكەن. ئۇنى
ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئاجراتقىلى بول ـ
مايدىكەن. قۇرۇتلار قاننى شوراپ تۇرۇپ
ئاستا ـ ئاستا چوڭىيىشقا باشلايدىكەن ـ
دە، چاشقاندەك بولىدىكەن. ئاندىن
ئۇ يەردىن پۇتنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ
ئۆمىلەپ، پاقالچاقنىڭ قېنىنى شورايدىكەن.
شۇنىڭ بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئىتتىنىڭ چوڭلۇ ـ
قىغا يېتىدىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن پۇتۇن
بەدەننىڭ قېنىنى شوراشقا باشلايدىكەن ۋە
شىرنىڭ چوڭلۇقىدىكى بىر يىرتقۇچقا ئايلى ـ
نىدىكەن ـ دە، شۇ ئادەمنى پارچىلاپ يەۋې ـ
تىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سەھراغا قاراپ
يول ئالىدىكەن. بۇ بالادىن قۇتۇلۇشنىڭ

بىر دىنبىر ئامالى — ھېلىقى ئۇششاق قۇرۇت-
لار پۇتىنىڭ بارمىقىنى چىشلەشكە باشلىغان
چاغدىلا دەرھال شۇ بارماقنى كېسىۋېتىپ
جاننى قۇتقۇزۇش كېرەك ئىكەن. بۇنىڭدىن
باشقا ھېچقانداق چارە يوق ئىكەن.

* *

تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلىشىچە، «ئاج
ئىبنى ئۇنۇق» دېگەن مەخلۇقنىڭ بويى نا-
ھايىتى ئېگىز بولۇپ، ئۇ 3 مىڭ 500
يىل ئۆمۈر كۆرگەنىكەن. توپان سۈيى ئۇ-
نىڭ تىزىنىڭ يېرىمىغا چىققان ئىكەن. ئۇ
مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئېتىراپ قىلمايدىكەن.
بىر كۈنى ئۇ، ناھايىتى زور بىر تاشنى
بېشىغا ئېلىپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇرماق-
چى بولغان چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالام مۆ-
جىزە ھاسىسى بىلەن ئۇنىڭ پاقالچىقىغا
بىرلا ئۇرغان ئىكەن، ھېلىقى تاش ئۇنىڭ
بوينىغا كىيىلىپ قېلىپ دەرھال جان بې-
رىپتۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىر بې-
قىن سۆڭىكىنى ئېلىپ بىر دەريانىڭ ئۈس-
تىگە كۆۋرۈك قىلىپ قويۇپتۇ. كۆۋرۈكنىڭ
ئۈستىدىن نەچچە مىڭ ئادەم تۆگە تارتقى-
لىرى بىلەن ئۆتۈپ كېتەلەيدىكەن.

* *

چىڭگىزخاننىڭ دەۋرىدە بىر ئوۋچى
سېرىق ھەرىنى ئوۋ ئوۋلاشقا تەربىيىلىگەن
ئىكەن. بۇ ھەرە تورنىنى ئالالايدىكەن.
چىڭگىزخان ئوۋچىنى سېرىق ھەرىسى بىلەن
بىللە ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇق قىپتۇ. ئوۋ-
چى ئۆزى بىلەن بىر تورنىنىمۇ ئېلىپ كەپ-
تۇ ۋە ئۇنى چىڭگىزخاننىڭ كۆز ئالدىدا
ھاۋاغا قويۇپ بېرىپتۇ. ئاندىن يېنىدىن بىر
تال قۇمۇش نەيچىنى چىقىرىپتۇ ۋە ئۇنىڭ
تۆشۈكىدىن بىر تال سېرىق ھەرىنى چى-
قىرىپ تورنىنىڭ كەينىدىن قويۇۋېتىپتۇ.
ھەرە تېزلىكتە ئۇچۇپ تورنىغا يېتىشىۋاپتۇ-
دە، تورنىنىڭ ئىككىلا كۆزىنى چېقىپ قا-
رىغۇ قىپتۇ ۋە تورنىنى ئاسماندىن يەرگە
تاشلاپتۇ. ئاندىن ئۆزى ئۇچۇپ چۈشۈپ
ئوۋچىنىڭ قولىغا قونۇپتۇ. ئەتراپتىكىلەر بۇ
ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. بىر ھەرى-
گە مۇشۇنداق ماھارەتنى ئۆگەتكەن ئوۋچى-
غا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

بۇنى كۆرگەن چىڭگىزخان ھەرىنى
دەرھال دەسسەپ ئۆلتۈرۈشكە ۋە ئوۋچى-
نىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.
ئەسلىدە ئەتراپتىكىلەر «پادىشاھ ئوۋچىنىڭ
ماھارىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە
سوۋغاتلارنى ئىنئام قىلىدۇ» دەپ ئويلاشقا-
نىكەن. لېكىن ئىش دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە
بوپتۇ. چىڭگىزخان ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ:
— كىمىكى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا تەن
بەرمەي چوڭلارغا تاقابىل تۇرىمەن ۋە ئۇ-
لار بىلەن بەسلىشىمەن دەيدىكەن، ئۇنىڭ
جازاسى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، — دېگەن
ئىكەن.

پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ھەببۇللائېلى





## مۇھەببەت قوشاقلىرى

ئېگىز تېرەك بېشىغا،
لاچىن قونۇپتۇ.
قىزىلگۈلنىڭ تۈۋىگە،
يارىم كېلىپتۇ.

قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى،
ساينىڭ بۇلاقى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
يارنىڭ پىراقى.

يارنىڭ يادىدا بارمۇ،
سۇ بويىدا گەپلەشكەن.
يار بىلەن ئۇرۇشقاندا،
ناۋات بىلەن ئەپلەشكەن.

كاككۇكۇم ئۈجمىگە قوندى،
چاڭگىسى تېرەكتىندۇر.
سىز خېنىمنىڭ قىلغان گېپى،
ئەزەلدىن يۈرەكتىندۇر.

يارىم بارۇ يارىم بار،
مېنىڭ بىرلا يارىم بار.
شۇ يارىمنىڭ قاشىغا،
ھازىر ئۇچۇپ بارغۇم بار.

ھاۋالار زەپىرەڭ بولدى،
قار يېغىشنى كىم بىلدى.
ئاخىرى جۇدالىقتا،
ئايرىلىشنى كىم بىلدى.

ئىشىك ئالدى جۈپ كۆلچەك،
مۇز تۇتۇپتۇ ئەينەكتەك.
يېڭىياچە يار تۇتسام،
زەپ چىرايلىق كۆلگۈنچەك.

ئۆيۈمنىڭ ئارقىسى شورلۇق،
پۇتۇڭ ئاغرامدىكىن يارىم.
دەردىڭدە ئۆلۈپ كەتسەم،
ئىچىڭ ئاغرامدىكىن يارىم.

ئۆستەڭ بويى ئېگىز قاش،
كەتمەن چاپسام تېگى تاش.
سۆيۈۋالاي دېگەندە،
ئېگىلەمسىز قەلەم قاش.

ئىككى كۆزى ئوخشايدۇ،
يېڭى ئاچقان بۇلاققا.
كۆيۈپ قالغان گۇناھمۇ،
ئەجەب قالدىم سوراققا.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
يارىم مېنى خار قىلما.
بىز ئىككىمىز دوست بولايلى،
باشقىغا نەزەر سالما.

يوللىرىڭدا كۆزۈم بار،
قوللىرىڭدا ئۈزۈم بار.
ئۈزۈملۈكتە قارا كۆز،
ساڭا ئېيتار سۆزۈم بار.

ئاقمۇسەن، ئاپئاقمۇسەن،
خۇيمۇ كۆيدۇم مەن ساڭا،
كۆيگىنىم مەلۇم ئەمەسمۇ،
مېھرىبان يارىم ساڭا.

يۇرتىمىزغا كەتكۈچە،
ئۆتتى ئېلىك قارا كۆز.
ئۆتنى ئالماي ماڭغۇچە،
جاننى ئېلىك قارا كۆز.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئالما ئاتقان قارا كۆز.
تال چۇۋۇقتەك ئېگىلىپ،
قاشنى ئاتقان قارا كۆز.

ئالما ئاتتىم دەرياغا،
ئۆزۈك بېرىپ سوزۇۋال.
مىڭنىڭ ئىچىدىن يارنى،
كۆزۈك بولسا تونۇۋال.

يانچۇقتا پۇلۇم بولسا،
دۆك يەرگە ساراي سالسام
بىر ياخشى نىگار بولسا،
بوينىغا گىرە سالسام.

ئامرىقىم، چىرايلىقىم،
كۆرۈشكىلى بولمايدۇ.
ئارىلىق بەكمۇ يىراق،
مۇڭداشقىلى بولمايدۇ.

يانچۇقۇمنىڭ تېگىدە،
ئالتۇن ئۈچلۈق قەلەم بار.
سىز مېھرىبان يارىمدىن،
ئايرىلماسقا ۋەدەم بار.

ئەجەب ئايدىڭ بولۇپتۇ،
يارىم كەلسە كۆرگۈدەك.
بوينىغا گىرە سېلىپ،
لەۋلىرىگە سۆيگۈدەك.

باغقا كىرمەكلىك ئاسان،
شۇرا بولغاندىن كېيىن.
يارنى سۆيمەكلىك ئاسان،
مەيلى بولغاندىن كېيىن.

پىستە بادام لەۋلىرىڭ،
تال چۇۋۇقتەك بەللىرىڭ.
چاچلىرىڭ قارا قۇندۇز،
ئاق ئۈپىدەك تەنلىرىڭ.

چىرمىشايلى - چىرمىشايلى،
شايى كۆڭلەككە.
شايى كۆڭلەك ئىزمىلىرى،
تەگدى يۈرەككە.

يارسىز قېلىش ئەزەلدىن،
بولغان ئىرادە.
چىن ئىرادە بولسا تاپار،
يارنى پىيادە.

يارىم بىلەن يۈرەلمىگەن،
ۋەسلىگە تويۇپ.
ئەمدى قېنىپ ئوينىۋالاي،
ئۈيقۇمنى قويۇپ.

ئاسمىنىڭدىن غاز كېلۇر،
چىمەننى تارتىپ.
سۆيمىسەم سۆيدۈرەدۇر،
قۇلاقنى تارتىپ.

خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن،
قۇرۇق شاختا ئانار بولدى.
ئانارنى سىقىپ ئىچسەم،
يۈرىكىمگە داۋا بولدى.

قولىڭىزغا سېلىۋاپسىز،
ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنى.
ئۆزىڭىز ئوبدان بالا،
سۆيەلمەيسىز ئۈزۈكنى.

بىزنىڭ يارنىڭ ھويلىسى،
بۇلۇڭ كوچىدا.
ئەپلەپ - سەپلەپ دەسسەيدۇ،
پۇتىنىڭ ئۇچىدا.

نېرى كەتسەم كەل دەيسەن،
يېقىن كەلسەم كەت دەيسەن.
كۆيۈشكەندە تەڭ كۆيگەن،
ماڭا كەلدى دەرد دەيسەن.

كېڭەزلىكمۇ بىزنىڭ يەر،
قوغۇنلۇقمۇ بىزنىڭ يەر.
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلساق،
خەلقى ئالەم نېمە دەر.

قىزىل گۈلنىڭ ئالدىدا،
ئەتىرگۈل شاخلاتمىسام.
خەپ خۇدايىم بۇيرۇسا،
سېنى مەن قاخشاتمىسام.

تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپسىز،
تام باسمىسۇن قارا كۆز.
جۇپتىڭىزدىن ئايرىلىپ،
غەم باسمىسۇن قارا كۆز.

ھاۋادىكى لاچىنىنىڭ،
پۇتىغا زەنجىر سالاي.
سەن كەتسەڭ يىراقلارغا،
ئەمدى مەن قانداق قىلاي.

سېنىڭ ئىشقىڭدا مەن غېرىب،
كىمگە ئېيتىمەن بېرىپ.
يۈرەك باغرىم پارە - پارە،
كۆرگىن يۈرەكنى يېرىپ.

ئۆيانىمۇ تاغ بۇيانىمۇ تاغ،
ئېرىمەيدۇ قار.
يىراق بېرىپ يېقىن كەلسەم،
قاردىمايدۇ يار.

يۇلغۇن سالغان تونۇرغا،
ئوتنى ياقسام كۆيمىدى.
يېڭىسىچە يار تۇتسام،
نادان كەلدى، سۆيمىدى.

دەريادىن كېچىپ ئۆتتۈم،
ئالا پاچاق ئات بىلەن.
خاپا بولماڭ بىزگە ياردىم،
ئوينىمدۇق يات بىلەن.

ئايان بولدى كىملىكىڭ،
بەك ئېغىركەن سېلىقىڭ.
ئەمدى مەندىن رەنجىمە،
سەت كۆرۈندى قىلىقىڭ.

ئۆيىڭىز يول بويىدا،
تىڭشىمايسىز ناخشىنى.
بىۋاپا كۆيۈمسىز يار،
تونۇمايسىز ياخشىنى.

قوناقلىقتىن ئوت ئالدىم،
بويىنى ئالا ئۆچكىگە.
شۇنچىمۇ كۆيەرمەنمۇ،
كۆڭلى قارا ئەسكىگە.

ئوت كەتتىيا، ئوت كەتتى،
بۇ توغراقتا ئوت كەتتى.
خەۋەرلىك بولۇڭ ياردىم،
كەينىڭىزدىن خەت كەتتى.

ياردىم چاينى ئەكىپتۇ،
ئاي گۈللۈك پىيالىدا.
گەپ قىلماس بولۇپ قاپتۇ،
كىم باركىن خىيالىدا.

ئۈزەڭگىڭىز ئالتۇن ئىكەن،
قامچىڭىز پولات.
كۆزلىرىڭىز خۇمار ئىكەن،
لەۋلىرىڭىز ناۋات.

سەھەرلەر يىغلاڭ خۇداغا،
تاڭ سۆزۈلمەستىن بۇرۇن.
بۇ ئەجەلنىڭ نەشتىرى،
جانغا قادالماستىن بۇرۇن.

كېۋەزلىك باراڭ، يارىم،
قوناقلىق غازاڭ، يارىم.
بىرنى كۆرۈپ بىردىن كەچكەن،
ئەقلى يوق ساراڭ يارىم.

قوناقلىقتا ماڭغاندەك،
كېۋەزلىكتە ماڭماسمەن.
سىز يارىمغا كۆيگەندەك،
ھېچ كىشىگە كۆيمەسمەن.

يارىمنىڭ قارا قويى،
ئوتلايدۇ تېرىقلىقتا.
يارىم كېتىپ مەن قالدىم،
بۇ يۇرتتا غېرىبلىقتا.

ئېرىقنى چاپاي دېسەم،
چاپىدىغان كەتمەن يوق.
دەردىمنى ئېيتاي دېسەم،
ماڭا ئوخشاش دەردمەن يوق.

كۆردۈمغۇ يارىڭىزنى،
قاپقارا كۆمۈرچىدەك.
بىزمۇ بىر كۈن يار تۇتارمىز،
باغدىكى گۈل - غۇنچىدەك.

## قارا كۆز

ئالا پاچاق ئات مىنىپ،
ياندايلىمۇ قارا كۆز.
ئۈچ - تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ،
ئالدايلىمۇ قارا كۆز.

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسى،
ھاۋالىقكەن قارا كۆز.
سىزگە كۆيگەن بالىغا،
ئۇۋال ئىكەن قارا كۆز.

توپ تېرەكلىك ھويلىدا،
توپ ئوينىغان قارا كۆز.
مېھرىبانىم كەلدى دەپ،
قوش ئوينىغان قارا كۆز.

ئالماڭنى ئويۇپ يەيمەن،
تەخسىگە قويۇپ يەيمەن.
يارىم توخۇم تەگلىسە،
ماي تارتماي سويۇپ يەيمەن.

سۇ ئاقامدۇ ساي بىلەن،
تام پۈتەمدۇ لاي بىلەن.
ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتەمدۇ،
كۆڭلى قارا يار بىلەن.

قېيىن ئانام بەلەن خوتۇن،
قايماق بېرىپ باققۇم كېلەر.
قىزىنى قوشۇپ بەرمىسە،
پاچىقىنى چاققۇم كېلۇر.

ھاۋا سوغ بولۇپ قالدى،
ئۆيگە كىرەمدۇق.
ۋەدەڭدە تۇرالساڭ،
بىللە يۈرەمدۇق.

ئەتىگەندە يۈگۈردۈم
قىبلىگە قاراپ.
سەن مېنىڭدىن ئايرىلما،
باشقىغا ياراپ.

ئورما ئورغىلى چىقسام،
ئورغاق كەستى قولۇمنى.
يارىم قېشىغا ماڭسام،
دۈشمەن توستى يولۇمنى.

ئورمىنى ئورۇپ قويدۇم،
بېغىنى ئۈزۈك باغلا.
بىر گەپنى قىلىپ قويدۇم،
تېگىنى ئۈزۈك ئويلا.

چاپىنىمنىڭ ئەستىرى،
يوغان گۈللۈك تاۋاردا.
ئارىمىزدا دۈشمەن بار،
مۇڭداشمايلى تالادا.

سىلكىنىپ چىمەنگە چۈشتۈم
ئەي نىگارىم قايدىسەن.
سارغىيىپ بىچارە بولدۇم،
ساق ـ سالامەت بارمۇسەن.

قارىقاش قاپاق نوچى،
بەلباغ سۆرۈلۈپ قاپتۇ.
سېنىڭ نېمە دەردىڭ بار،
چىرايىڭ سارغىيىپ قاپتۇ.

تاڭ سەھەرنىڭ سەلكىنى،
سىندۇردى گۈلنىڭ بەرگىنى.
كىمگە ئېيتىپ، كىمگە يىغلاي،
بىۋاپانىڭ دەردىنى.

ئاق قۇشقاچ هارامزادە،
شاخ ئارىلاپ سايرايدۇ.
يارىڭ بىۋاپا بولسا،
كىمنى كۆرسە مارايدۇ.

دەريا بويىدا تاللار،
تاللىۋالدىم تالىمنى.
بىزنىڭ بىۋاپا يارلار،
سورىمايدۇ هالىمنى.

دۇتار ئۈزى بىر ياغاچ،
ئۈنلەيدىغان تارىسى.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
قېشىڭىزنىڭ قارىسى.

ئۆيىڭىزنىڭ كەينىدە،
مورىدىن چىقار تۈتۈن.
ئوتىڭىزدا كۆيدۈم مەن،
رەھىم قىل باغرى پۈتۈن.

پىچاق ئاتسام تالغا چۈشتى،
تال ئېچىلغاندا چىقار.
يارنىڭ ئوتى جانغا چۈشتى،
جاننى ئالغاندا چىقار.

جاهاندىن يوقاپ كەتسەم،
قاچان كەتتىڭ دېمەس هېچكىم.
سېنىڭ ئوتىڭدا مەن ئۆلسەم،
نېمە بوپتۇ، دېمەس هېچكىم.

مەلەڭدىكى تېرەككە،
قونۇپتۇ قارا قاغا.
ئەجەبمۇ كۆيۈپ قالدىم،
گەپ ئۇقمايدىغان يارغا.

ئۆزۈكۈم قاتار ـ قاتار،
يارىم ئۆيىدە ياتار.
يارىم ئۆيىدە ياتسا،
بىزگە قانداق تاڭ ئاتار.

ئەقلى بولسا گۈلنى ئالسۇن،
كۆڭلى بولسا غۇنچىنى.
بىزنى دېسە كۈندە كەلسۇن،
تاشلىۋەتسۇن ئەسكىنى.

هويلىدىن چىقتى نىگارىم،
بېشى تۆۋەن، ئويلىنىپ.
هەر قەدەمدە بەللىرى،
تال چىۋىقتەك تولغىنىپ.

تال كېسىپ، تاللار كېسىپ،
جىگەر كېسىپ كاۋاپ ئېتىپ.
بۇ يۈرەك قانداق چىدار،
سىزنى مەن تاشلاپ كېتىپ.

ئۆستەڭلەرگە سۇ كەلدى،
لېۋىدىن تاشقۇچە ئەمەس.
تۇتقان يارىڭنى كۆردۈم،
مېنىڭدىن ئاشقۇچە ئەمەس.

سۇغا چىقسام كۆلگە چۈشتى،
كۆك تاۋارنىڭ شولىسى.
ۋاپادار يار نەدە بولسا،
مەن شۇنىڭ دىۋانىسى.

جان ئاتام، جانىم ئانام،
سىزنى كۆرەي دەپ كەلدىم.
بوسۇغىڭىز ئالتۇن ئىكەن،
تاۋاپ قىلاي دەپ كەلدىم.

كېتەي ئەمدى، كېتەي ئەمدى،
ئاتام بىلەن ئانام قالسۇن.
ئاتام بىلەن ئانامنىڭ
ئىچىدە ئوتلىرىم قالسۇن.

ئاتام مەككە، ئانام مەككە،
تۇغۇلدۇم بىر كۈن ئۆلمەككە.
بېشىمغا ھەر بالا كەلسە،
ئۆزۈممۇ تۇرىمەن يەككە.

قاپاق تېرەك سايىسىدا،
ئويناپ قاپتىمەن يارىم.
چۈشۈمدە سۆيۈپ قويساڭ،
يىغلاپ ساپتىمەن يارىم.

قىزىل گۈلنى چاچمىسىلا،
يۇلغۇنلۇق تالا - تۈزگە.
مېنى تاشلىماڭ يارىم،
ئىشەنچەم تولا سىزگە.

ئىلىغا چىقىپ كەتتى،
يول بىلمەيدىغان باللار.
سودىنى قىلالامدۇ،
چامغۇر ساتىدىغان باللار.

بادام دوپپىلىق يارىم،
ئۇسسىغا سۇ ئاچاي دەملا.
مېنى ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
چوڭ يولچە قاچاي دەملا.

ھويلاڭىزنىڭ تېرەكىنىڭ،
تۆۋىدە كاسساڭ بولۇر.
ئىككى يار تۇتقان كىشىنىڭ،
كاللىسى ساراڭ بولۇر.

ئېگىز ئايۋان، پەس ئايۋان،
كىم ئۆگزىدە ئولتۇرغان.
ھېچ ۋاقىتدا ئازماپتۇق،
پەيلى شەيتان ئازدۇرغان.

دوزاخ ئوتى جانغا چۈشتى،
سىزگە مەلۇم بولمىدى.
مەن كېلىپ ئاھىمنى ئېيتسام،
ئەتىۋارىم بولمىدى.

ئاتىنىڭ ئاتلىقى باردۇر،
ناۋاتىنىڭ تاتلىقى باردۇر.
سەن ئۆزۈڭنى داڭلايسەن،
سەندىن تاتلىقى باردۇر.

كۆچەت تىكتىم باغ بولدى،
ئويناپدىغان چاغ بولدى.
يارىم قىلغان ئاھانەت،
يۈرىكىمگە داغ بولدى.

دولان دەريا سۇلىرى،
بۇ يىل يەنە تاشقۇدەك.
كىشىلەردىن ئاڭلىسام،
يارىنىڭ كۆڭلى باشقىدەك.

بارمىغاچقا، كەلمىگەچكە،
يات بولۇپ قالدۇقمىكىن.
يانچۇقۇمدا پۇل تۈگەپتۇ،
سەت بولۇپ قالدىمىكىن.

يېڭى شەھەر دېگەن يەردە،
مەن بارمىغان باغ تولا.
كىچىكلىكتە يار تۇتۇپ،
يۈرىكىمدە داغ تولا.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئۆمەر قادىر

# چاغاتايچە لۇغەت

تۈزگۈچىلەر: غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىرى

## «خ»

**خاب** [خواب] (پ) 1) ئۇيقۇ:

هەرام ئولسۇن سېنىڭسىز هۇر ئىلە خاب،
نەسىبىم بولماسۇن بىر قەترەئى ئاب.
— موللا فازىل.

2) چۈش:

قۇلاغى گىلەمدەك، كۆزى چۈن رىكاب؛
بولۇر زەھرە پارە كىشى كۆرسە خاب.
— ئا. نىزارى

**خاب ئالۇد** — ئۇيقۇسىرىغان، ئۇيقۇ ئارىلاش، ئۇيقۇ باسقان هالدا.

**خابۇ خەيال** — خام خىيال:

سەدقەئى دەردىڭ قىلۇرمەن دۇنيانى ئەيشى خۇشىن،
ئەيشى ئىبرۇر خابۇ خەيال دەرد يولداشىم مېنىڭ.
— هۇۋەيدا.

**خاب جامە** — ئۇخلاش كىيىمى.

**خاب خانە** — «خابگاھ» غا قاراڭ.

**خابى ئەدەم** — يوقلۇق دۇنياسىنىڭ ئۇيقۇسى، ئۆلۈم ئۇيقۇسى:

بۇلبۇلى بىنەۋا ئىدىم يوق ئىدىكىم چەمەن ھەنۇز،
خابى ئەدەمدە ئەردىلەر سۇنبۇلى ياسەمەن ھەنۇز.
— زەلىلى.

**خابى خەرگۇش** — يالغان ئۇيقۇ؛ پەرۋاسىزلىق:

تاۋۇشقان ئۇيقۇسى ئاندىن ئالىپ ھۇش،
ساغىنىپ دىلبەرىنى خابى خەرگۇش.
— نەۋائى.

**خابى شىرىن** — شېرىن ئۇيقۇ:

سەھەر دەردلىك كىشىنى كۆزىغە ئۇيقۇ بولۇر ئاچچىغ،
بولۇر بىدەردلەرغە خابى شىرىن سۇبھىدەم پەيدا.
— ھۇۋەيدا.

خابى غەفلەت — غەپلەت ئۇيقۇسى:
بەشەر كۆپ خابى غەفلەتدە، ئەمەس ئۆز ھالىدىن ئاگەھ
غەرىقى بەھرى ئىسيان شەر ئېرۇر، نى فىئلۇكارى بەھ.
— موللا قۇربان.

تەركى خاب ئەيلەمەك — ئۇيقۇنى تاشلىماق:
سىپىپ يۈزىگە بويى ئەنبەر گۇلاب،
پەرى ئول زەمان ئەيلەدى تەركى خاب.
— ئا. نىزارى.

شەكەر خاب — شىرىن ئۇيقۇ، تاتلىق ئۇيقۇ:
خىتابى يا مۇزەممىل قۇم شەھەنشەھ گۇشىۋار ئەيلەپ،
شەكەر خابىن بۇزۇپ ئۇامىش ۋەرەم ئۇممەت غەمىدە پا.
— شەۋقى.

گەران خاب — قاتتىق ئۇيقۇ، ئېغىر ئۇيقۇ.

خابگاھ [خواب گاه] (پ) ئۇخلاش ئورنى، ياتاق.

خابگەھ [خاب گه] (پ) «خابگاھ» غا قاراڭ.

خاتەم [خاتم] (ئە) 1› تامغا، مۆھۈر؛ تامغىلىق ئۈزۈك:
فەتھىل - ئەبۋابى فۇيۇزاتىگىدىن ئېردى ئىززۇ جاھ،
مايەئى مۇئجىز سۇلەيمان ئىلكىدە خاتەم ئەمەس.
— ئەرشى.

2› ئۈزۈك؛ ئۈزۈكنىڭ كۆزى:
بۇ تون بىرلە خاتەم ساڭا تۇھفەدۇر،
تونى ھۇللە، خاتەم ئېرۇر بەلكى نۇر.
— ئا. نىزارى.

3› ئاخىرى، ئەڭ ئاخىرقىسى:
شەفىئى ئەتتى تەمام پەيغەمبەرىنى،
ئەۋەل ئادەم، ئاخىر خاتەم نەبىنى.
— موللا پازىل.

4› «خاتەمۇل - ئەنبىيا» نىڭ قىسقارتىلمىسى:
ئاخىرەت سەرمايەسىدۇركىم سەخاۋەت پىشەقىل،
رۇزى مەھشەردە شەفائەت ئەيلەگەي خاتەم ساڭا.
— نەۋبەتى.

خاتەمۇس - سەلتەنەت — پادشاھلىق مۆھۈرى.

خاتەمۇل ـ ئەنبىيا — ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر (مۇھەممەت ئەلەيھىسسا-
لامنىڭ نامى بىلەن قوللىنىلىدىغان تەرىپ سۆزلىرىدىن بىرى)؛
خاتەمى لەئل — ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك.
خاتەمى نەبۇۋۋەت — پەيغەمبەرلىك مۆھۈرى.
نەققاشى خاتەم — مۆھۈر ئويغۇچى.

**خاتۇن** [خاتون] خانىم، خېنىم؛ ئايال:
ئاتاسىدىن ئوغۇلنى، ئېرىدىن خاتۇننى تاندۇرمە،
تاپىپ بىر ئەرگە تەگكىل، كۆرگەن ئەلنى ۋەتنى قىلدۇرمە
— موللانىياز

**خاتىب** [خاطب] (ئە) سۆزلىگۈچى، سۆزلەشكۈچى.
**خاتىر** [خاطر] (ئە) 1› خىيال، ئوي، پىكىر:
بەيابانى ئەدەمدە پەيكەرىمنى لەختە قان ئەتكەچ،
چۇدۇر بار روشەن ئولدى خاتىرىم سەيرى جەھان ئەتكەچ.
— زەلىلى.

2› كۆڭۈل:
تۇرۇپ سائەت ئاندا تەمەشا قىلىپ،
ئانىڭ كارى خاتىرنى شەيدا قىلىپ.
— ئا. نىزارى.

خاتىر ئازار — كۆڭلى ئازار يېگەن، كۆڭلى ئاغرىغان.
خاتىر بەست — كۆڭۈل باغلىغان، بېرىلگەن.
خاتىر پەزىر — يېقىملىق، كۆڭۈلگە ياقىدىغان.
خاتىر فەراغ — كۆڭلى تىنچ، خاتىرجەم:
داغى ھەربىر مەھرەممگە فەزل ئېتىپ بەشىدىن ياراغ،
بۇ ياراغ بىرلە ئۇلارنى ئەيلەيان خاتىر فەراغ.
— ئابدۇقادىر داموللام.

خاتىر مەلۇل — كۆڭلى زېرىككەن، رەنجىگەن:
كى خاتىر مەلۇل باقتى پەرزەندىغە،
تەسەللى بېرىپ نۇرى پەيۋەندىغە.
— ئا. نىزارى.

خاتىر نەۋاز — كۆڭۈلنى خۇش قىلغۇچى، مېھرىبان.
خاتىر نىشان — ئەسكە سالىدىغان، ئەسلىتىپ تۇرىدىغان.
خاتىر نىشان قىلماق — ئەسكە سالماق.
خاتىرى تەسكىن تاپماق — كۆڭلى تەسەللىگە ئېرىشمەك، كۆڭلى خا-
تىرجەم بولماق:
مۇنىڭ بىرلە تەسكىن تاپىب خاتىرى،

فىراقى دىلىدىن بولۇر ھەم نارى.
— ئا. نىزارى.

خاتىرى غەمناك — كۆڭلى، دىلى غەملىك:
غەمناك كۆڭۈلگە ئۇشانىڭ كۆپ نەزەر بار،
بۇ مەئنا بىلەن خاتىرى غەمناكنى سەۋدۇم.
— ھافىز خارەزمى.

خاتىرى مەھزۇن — دىلى غەملىك، كۆڭلى قايغۇلۇق.
پەرىشان خاتىر — ئىسى جايىدا ئەمەس، كۆڭلى پەرىشان.
يورۇق خاتىر — كۆڭلى ئوچۇق، ئوچۇق پىكىرلىك.

**خاتىرات** [خاطرات] (ئە) [بىرلىكى: خاتىر] «خاتىر» گە قاراڭ.

**خاتىرە** [خاطره] (ئە) «خاتىر» گە قاراڭ.

**خاتىرخاھ** [خاطر خواه] (ئە+پ) كۆڭلى چۈشكەن، كۆڭلىگە ياققان.

**خاتىرشۇناس** [خاطرشناس] (ئە+پ) ئىسدە ساقلىغۇچى، كىشىنىڭ كۆڭلىنى تاپقۇچى

**خاتىمە** [خاتمه] (ئە) 1› ئاخىرى، تاماملىنىشى. 2› كىتابىنىڭ تۈگىگەن تاماملانغان قىسمى.

**خاج** [خاج] (پ) كرېست، سەلب.
خاج پەرەست — خىرىستىيان.

**خاجە** [خواجه] (پ) 1› بەگ، خوجا، خوجايىن؛ ئەپەندى:
يەنە ھەم ئەزىزى مەقام ئەيلەمىش،
ئۇلار نامىنى خاجە مۇقبىل دېمىش.
— ئا. نىزارى.

2› باي، تۆرە:
تىيالماي ئۆپكەسىنى خاجە نۇئمان،
بارۇر ئېردى ياشى چۇن ئەبر باران.
— موللا فازىل.

خاجەئى باشەفىق — شەپقەتلىك خوجايىن، باي:
مەلىكە دېدى: خاجەئى باشەفىق،
نەچۇك كەلدۇرۇر سىزگەكىم بول رەفىق.
— ئا. نىزارى.

**خاجە سەرا** [خواجه سرا] (پ) ھەرەم ئاغىسى.

**خاجە ۋار** [خواجەوار] (پ) خوجايىنلاردەك، باشلىق كەبى.

**خاجىگان** [خواجكان] (پ) [بىرلىكى: خاجە] «خاجە» گە قاراڭ.

**خادە** [خاده] ئۇزۇن ۋە سىلىق، تۈز ياغاچ:
بالالار مەسخىرە قىلىپ قوغلار،
خادە بىرلە سىنى ئۇرۇپ ئوڭلار.
— موللانىياز.

خادىم [خادم] (ئە) خىزمەتكار، مۇلازىم، مالاي؛

نىھان ساقلەسە بىر نەچە خادەمى،
بولۇپ پاسىبان پەھلەۋان ئادەمى.

— ئا. نىزارى.

خەسۇل ـ خاس خادىم — ئەڭ يېقىن خىزمەتكار.

خادىمان [خادمان] (پ) [بىرلىكى: خادىم] خىزمەتكارلار، مۇلازىملار؛

مېھىنبانۇ فەرمانىغە سۇردى زەبان،
يىغىلدى ھەمە چوڭ ـ كىچىك خادىمان.

— ئا. نىزارى.

خادىمە [خادمه] (ئە) خىزمەتكار خوتۇن ۋە قىز.

خادىملىق [خادم لىق] خىزمەتكارلىق، مۇلازىملىق.

خادىئ [خادع] (ئە) ئالدىغۇچى، ئالدامچى.

خار I [خوار] (پ) قەدىرسىز، ئېتىبارسىز، خار.

خار ئەتمەك — كەمسىتمەك، خارلىماق:

بۇ چەرخى ۋاژگۇن بىچارە ئاشىقلارنى زار ئەتتى،
كى نادانىنى سەرەفزار ئەيلابان دانانى خار ئەتتى.

— موللا قۇربان.

خار بولماق — پەس كۆرۈلمەك، خارلانماق:

مەردئول كەددى يەمىن ئەيلەپ شەبان رۇز ياتماسە،
مېھنەت ئىلە قول پۇتى گەرچە ئۈزۈلسە قاتماسە،
تارتمايىن مىننەت كىشىدىن ئابرويىن ساتماسە،
ئافەرىن مۇنداغ كىشىگە كۈلفەت ئەلدىن تارتماسە،
ئەھلى ھىممەت بولسە مۇنداغ خاربولماس ھېچ زەمان.

— ئابدۇقادىر داموللام.

خارۇ ـ زار — ناھايىتى ئېتىبارسىز، قاتتىق خارلانغان:

باغ ئىچىدە مېۋەلەردىن سەن ئېرۇرسەن خارۇزار،
ئەينى كۈلفەتدىن بولۇرسەن كەچ كۆز ئىچرە زارۇ زار.

— ئابدۇقادىر داموللام.

خارۇ زار ئەتمەك — قاتتىق خارلىماق:

مۇقەممەر، ئوغرى، يالغانچى، ھەرامخور تىنچى راھەتدە،
بېرىپ دۈشمەنگە ئىززەت دوستلارنى خارۇ زار ئەتتى.

— موللا قۇربان.

خار II [خوار] (پ) سۆز ياسىغۇچى ئارقا قوشۇمچە، بەزى سۆزلەرگە قوشۇ-
لۇپ «يېگۈچى»، «ئىچكۈچى» مەنىلىرىدىكى سۆز ياسايدۇ،

هەرام خار — هارام يېگۈچى؛ قەدەھ خار - مەي ئىچكۈچى.

خار III [خار] (پ) تىكەن:

ئەدەمنى مەن ۋۇجۇدە نىسبەت ئەتمەن،

گۈلىستان ئۆزگە ئېرۇر، خار ئۆزگە.

— هافىز خارەزمى.

خار ئەفشان — 1) تىكەنلىك؛ 2) كۆچمەم: قوپال سۆزلۈك.

خار مۇغلان — چۆلدە ئۆسىدىغان بىر خىل تىكەنلىك ئۆسۈملۈك؛

دولدىن ئۇيان خار مۇغلان ئىكەن.

چۆل جەزىرەئى بەبايان ئىكەن.

— زەلىلى.

خارى ئەزاب — 1) ئازابلىغۇچى تىكەن. 2) قىيناق.

خارى خەسەك — تىكەنلىك ئوت.

خارى مىژگان — تىكەنگە ئوخشاش كىرپىك:

جەمەلىڭ گۈلىستانىندىن قاچان خۇشۋەقت بولغايمەن،

جىگەرنى گۈل بىكىن چۈن پارە ئەيلەر خارى مىژگانىڭ.

— هافىز خارەزمى.

خارى هەلاك — هالاك قىلغۇچى تىكەن، زەھەرلىك تىكەن.

خارا I [خارا] (پ) ئۇيۇل تاش، گرانىت:

سىتەم تىغىن ئۇراردا بىدەرىغ ئول،

فەزاي ئورنىغە دۇر خارا ۋە فولاد.

— ئەرشى.

خارا تەراش — تاش كەسكۈچى، تاشچى.

خارا شىكەن — تاش قازغۇچى، تاش يارغۇچى.

كى مىتىنى زەربىدە خارى شىكەن،

قىلىپ رەخنە خارانى ئول كوھكەن.

— ئا. نىزارى.

خارا كەسەك — تاش يونىماق، تاش پارچىلىماق:

كى خارا كېسىشكە ئويۇن باشلادى،

نەچە قوللەرىن كېسىپ تاشلادى.

— ئا. نىزارى.

خارا يىرىك — يىرىك، قاتتىق تاش:

ئەگەر بولسا مەسئۇد قاشىمدا تىرىك،

يانىم ئاستىندا گەرچە خارا يىرىك.

— عەرىبى.

سەڭگى خارا — چوڭ قاتتىق تاش، قورام:

گۈلۈ بۇلبۇل قىغانىم بىرلە دائىم مەست بولمىشلار،
سىرايەت قىلمادى كۆڭلۈڭگە گويا سەڭگى خارايى.
— زەلىلى.

خارا II [خارا] (پ) پارقىراپ تۇرىدىغان قىممەت باھالىق بىر خىل يىپەك؛
خىلئەتى زەربەفت كۆرگەچ ئەگنىدە كۆڭلۈمگە ھۇسن،
بولدى ئانداغكىم زەرۇ ياقۇتقە خارا لىباس.
— ئەرشى.

خاراۋەش [خاراوش] (پ) تاشقا ئوخشاش، مۇستەھكەم.

خاراكەن [خاراكن] (پ) تاش يونىغۇچى، تاش قازغۇچى:
جۇنۇن تاغىدا خاراكەن كەبى ھەردەم قىلۇر ئەفغان،
بۇلۇتدەك كۆزلەرىم ئاقۇ قاراسى ئالىشىپ گىريان.
— ئەرشى.

خاراكوب [خاراكوب] (پ) تاش قازغۇچى، تاش چاققۇچى.
خاراكوب قىلماق — تاش چاقماق.

خاران [خاران] (پ) خار بولغۇچىلار، خارلانغانلار:
يول بىلمىگەن ئالىملار،
سىر تۇتمىغان زالىملار،
ئەرۇ خاتۇن ئامىيلار،
بارى خاران ئەردىيا.
— موللامۇھەممەت نىيازى.

خارە [خارە] (پ) «خارا I» گە قاراڭ.
خارە ئەنداز — تاش قوپارغۇچى، تاش ئاتقۇچى.
خارە ئەفكەن — تاش ئاتقۇچى، تاش قازغۇچى.
خارە بۇر — تاش كەسكۈچى:
كى ئۈچ يىل ئىككى يۈز خارە بۇر ئۇستاد،
ئالە ئالماي ھەم ئانچە خارەدىن راد.
— نەۋائى.
خارە پەيماي — تاغ - تاشلارنى كەزگۈچى.

خارەزم [خارزم] ئورتا ئاسىيادىكى بىر شەھەر:
ھافىزغە نەۋا تەگمەسە خارەزمدە، ئاندىن
قىلار ئىدى ئاھەڭگى شىراز ئىلە سىپاھان.
— ھافىز خارەزمى.

خارەندە [خارنده] (پ) 1) تاتىلىغۇچى، قاشلىغۇچى، 2) تاتىلىغۇچ، قاشلىغۇچ.

خارخار [خارخار] (پ) 1) غەم - قايغۇ، تەشۋىش
2) قاتتىق ئارزۇ تۈپەيلى پەيدا بولغان ھاياجان.

**خار - خەس** [خارخس] (پ) ئۆششاق تىكەن، تىكەن باسقان، تىكەنلىك؛
يول باشلىئۇچى كەئبە تەۋافىغە نەھاجەت،
ھەر خارى خەسى دەشتى سەۋاد ھەرەممدۇر.
— زەلىلى.

**خاركەش** [خاركش] (پ) ئوتئۇنچى.

**خارىج** [خارج] (ئە) چىققۇچى؛ تاشقىرى، سىرت:
چۇن ئەزەل قىسمەتىدىن ھىچنىمە خارىج ئەمەس،
ئەيلەمەس فاقەسىدىن ۋاقىفى ئەسرار گىلە.
— نەۋائى.

خارىج ئەتمەك — چىقارماق، قوغلىماق:
خارىج ئەتتى بىرىنى ئەللامە،
ئىلمى ئەسبابىدىن بۇ پەرى ھۇدا.
— شەۋقى

خارىج نەۋا — ئەۋازى يىقىمسىز، ئەۋازى خۇنۇك.
خارىج روي — نىيەتى بۇزۇق، بۇزۇق نىيەتلىك.

**خارىستان** [خارستان] (پ) تىكەنلىك، تىكەنزار:
شەبى تارىك چۇن ئالەم زەمانى ھەم ئەمەس رەۋشەن،
ئانىڭسىز ئەدىن خارىستانىكىم بار ۋادى ھەم گۇلشەن،
قەنى ھىجران چىكىپدۇر بۇ ھەزىن جانىمغە مىڭ سوزەن،
فەلەك رەھزەن زەمان دۇشمەن، بەدەن رەۋزەن ئۆزە رەۋزەن،
قالىپ جان ھەسرەتىدىن تەن، چىقىپ تەن كىشۋەرىدىن جان.
— موللا قۇربان.

**خارىق** [خارق] (ئە) غەلىتە، پەۋقۇلئاددە:
كۆرمە ئۆزدىن كەم قوتۇر ئىت بولسە ھەم، دەۋرىشى سەن،
تاپتى شۆھرەت بىر نەچە ھەيۋانىمۇ خارىقلار بىلە.
— ناقىس.

خارىقى ئادەت — ئادەتتىن تاشقىرى.

**خاس** [خاص] (ئە) 1) مەخسۇس، ئالاھىدە، تىگىشلىك.
2) يىقىن كىشىلەر؛ ئىمتىيازلىق تەبىقە، يۇقىرى تەبىقە.
بەندەئى خاس — يۇقىرى تەبىقىغە مەنسۇپ كىشى:
مەنسۇر ئىبرۇز ھەق پەرەست،
ئاللا بىرلە قەۋلى راست،
ئۆزنى قىلىپ بەندە خاست،
ئەقىل ھەيران ئەردىيا.
— موللامۇھەممەت نىيازى.

خاس ئەتمەك — لايىق كۆرمەك، بەلگىلىمەك.
خاسۇ ئام — ھەممە، بارچە:
چۇتەختىمدە ئولتۇرسە قايىم مەقام،
ئىتائەت ئاڭا قىلسەلەر خاسۇ ئام.
— ئا. نىزارى.

**خاس - ئام** [خاص عام] (ئە) بارچە، ھەممە:
ئەلالا ئارا ئەيلەدى ئىز دىھام،
كېتىپ ھەۋز سارى بارى خاس - ئام.
— ئا. نىزارى.

**خاسە** [خاصه] (ئە) 1) ئارتۇقچىلىق، ئالاھىدىلىك.
2) مەخسۇس؛ خۇسۇسەن، بولۇپمۇ.

**خاسەلىق** [خاصه‌لیق] ئالاھىدە، مەخسۇسلانغان:
جۇيدىن چىقتى ئارىغى،
ئاقىب كىردى چارباغى،
خاسەلىق ئەردى ئول باغى،
ھەۋز ئىچىگە توشتىيا.
— موللامۇھەممەت نىيازى.

**خاستە** [خواسته] (پ) 1) تەلەپ، ئۈمىد، تىلەك،
تەكلىپ: سوراق:
كى مېھمان بىەرانى قىلىپ خاستە،
مۇزەييەن فەراش ئىچرە پىراستە.
— ئا. نىزارى.

2) مال - مۈلۈك، بايلىق،

**خاسلىغ** [خاص لیغ] يېقىنلىق، مەخسۇسلۇق.
**خاسىر** [خاسر] (ئە) زىيان تارتقۇچى، زىيان تارتقان.
**خاسىيەت** [خاصیت] (ئە) 1) مەخسۇس سۈپەت، خۇسۇسىيەت:
كى بۇ جايغە خاسىيەت بۇدۇرۇر،
زەۋايىرغە ھەم خەيرىيەت بۇدۇرۇر.
— ئا. نىزارى.

2) ياخشى خىسلەت، پەزىلەت:
ئۇشبۇ ئاندا مېۋەلەردىن ھەر بىرى تاپتى خەبەر،
ھەربىرى ئۆز خاسىيەت ئەۋسافىدىن بەردى خەبەر.
— ئابدۇقادىر داموللام

3) نەتىجە، تەسىر.
خاسىيەت بەرمەك — نەتىجە بەرمەك، تەسىر بەرمەك.

مۇخالىپ خاسىيەت — قارىمۇ قارشى خۇسۇسىيەت.

**خاشاك** [خاشاك] (پ) 1› ئەخلەت، سۇپۇرۇندى، خەشەك، خەس:

كۆيدۈرەي دەپ ئاتەشىن مەي بىرلە ئول بۇت مەستكىم،
ھەجرئوتى يانىمدا جىسمىم خارۇ خاشاك ئەيلەمىش.
— ئەرشى.

2› گەرزىمەس، ياراقسىز:

ئايتەك يۈزىنە ئايىنە بولغالى كۆڭلۈم،
ھاشاكىم، ئۇشول كۆزگۈدە خاشاكنى سەۋدىم.
— ھافىز خارەزمى.

3) مۇردا.

خاشاك ئەتمەك — قۇرۇتماق، قاغجىراتماق.
خاشاك رۇب — كوچا سۇپۇرگۈچى، ئەخلەت يىغقۇچى.
خاشاكى خەۋاتىر — قۇرۇق، بىھۇدە خىياللار.

**خاشاكۆەش** [خاشاكوش] (پ) خەشەككە ئوخشاش، خەشەكتەك.

**خاشە** [خاشە] (پ) «خاشاك» كە قاراڭ.

**خاقان** [خاقان] پادىشاھ، شاھلار شاھى، خانلار خانى، ئىمپىراتور:

چۇ خاقانى ئەزىمەت قىلىپ ئوغزادى،
سىپاھى ئانىڭ ئارقادىن يۇترادى.
— ئا. نىزارى.

خاقانى چىن — چىن پادىشاھى.
خانۇ خاقان — خان ۋە پادىشاھلار:

ئاتا جانىبى خانۇ خاقان ئېرۇر،
ئانا سارىدىن قۇرب سۇلتان ئېرۇر.
— ئا. نىزارى.

**خاك** [خاك] (پ) 1› توپا، تۇپراق؛ كۈل:

مەزەللەت خاكىغە سۇرتۇپ يۈزىنى، يەغلابان مەجنۇن،
نېچۇككىم بولماغايلار سەن كەبى ئالەمدە بىرلەيلا.
— شەۋقى.

2› پەس، كۆرۈلگەن، خار:

ئادەملىق تۇپراغىن بەرسە فەنا يېلىگە چەرخ،
ئاھكىم، يوقتۇر كىشى ئەملى ۋەفادىن خاكراق.
— نەۋائىي.

خاك ئەرا — پۈتۈن دۇنيا، يەر يۈزى.
خاك ئەتمەك — ئۆلتۈرمەك.
خاك بولماق — 1› ئۆزىنى پەس تۇتماق 2› كۆچمە م: ئۆلمەك.

خاك بۇس — 1) تۇپراقنى سۆيۈش؛ 2) كۆچمە م: قۇللۇق قىلىش، بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش. 3) زىيارەت قىلىش.
خاك قىلماق — توپىغا ئوخشاش قىلماق، تۈگەتمەك، ئۆلتۈرمەك:

كۆزۈڭ قەترە پەلىدىن پاك قىلدى،
كى بەردى جاننى، ئاخىر خاك قىلدى.
— موللا پازىل.

خاكران [خاكران] (پ) يەريۈزى، دۇنيا، ئالەم:

ئەھلى دىلنى بەھۇزۇر ئەيلەر فىغانى بۇلبۇلان،
خاكدانى دەھرىنىڭ ھەرگىز بەھارى بولماسا.
— زەلىلى.

خاكراه [خاكراه] (پ) ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقۇچى، كەمتەر؛ خار.
خاكراه بولماق — ئۆزىنى پەس تۇتماق، كەمتەر بولماق؛ خار بولماق:

ئەگەرچە ئەۋۋەلۇ ئاخىر گەدالار ئىچرە شاھ ئولدۇم،
فىغانكىم شوخلار سەر مەنزىلىندە خاكراه ئولدۇم.
— زەلىلى.

خاكرەھ [خاكره] (پ) «خاكراه»قا قاراڭ.
خاكسار [خاكسار] (پ) 1) تۆۋەن، پەس؛ خار، گەرزىمەس:

ئەگەر يۈرسە بىر يىلكى لەيلۇ ناھار،
سەپەر مىھنەتىدە بولۇپ خاكسار.
— ئا. نىزارى.

2) كۆچمە م: كەمتەر:

مۇلاقات بولدى ئاڭا بىر كىشى،
ئۆزى خاكسارۇ گادايلىق ئىش.
— ئا. نىزارى.

خاكسار ئەتمەك — ئاياغ ئاستى قىلماق، خارلىماق.
خاكسار ئەدۇۋ — يەر بىلەن يەكسان بولغان دۈشمەن.
خاكسار بولماق — ئاياغ ئاستى بولماق، خارلانماق:

چىقارسام مۇھەببەت ئوتىدىن شەرار،
كۆيۈپ چۇن ۋۇجۇدۇم بولۇپ خاكسار.
— ئا. نىزارى.

خاكسارلىق [خاكسارلیغ] 1) تۆۋەنلىك، خارلىق؛ 2) كەمتەرلىك.
خاكسۇد [خاك سود] (پ) توپىغا مىلەنگەن؛ چاڭ ـ توزان باسقان:

يۈزىن مىھردەك ئەيلەگەچ خاكسۇد.
ھەبىبىخە يەتكۈردى ھەقدىن دۇرۇد.
— نەۋائى.

قەدەم خاكسۇد قىلماق — قەدەم قويماق.

**خاكى I** [خاكى] (پ) تۇپىدىن بولغان، ئەسلى تۇپراق.
خاكى پا — «خاكى پاي» غا قاراڭ.
خاكى پا بولماق — «خاكى پاي بولماق» قاقاراڭ:

خىرامىڭ چاغى لۇتنى ئەيلەپ، نە بولغاي پايمال ئەتسەڭ.
ماڭا بەسكىم تەمەننادۇر كويۇڭدا خاكى پا بولماق.
— ئەرشى.

خاكى پاي — ئاياغ ئاستى تۇپىسى؛ بويسۇندۇرۇلغان. تەۋە:

ئاتىڭنىڭ خاكى پايىغە زەلىلى يۇزىنى سۇردى،
نىدا كەلدىكى قەسرىڭدىن: كۆزۈڭ سۇر، تۇتىيا دەرلەر.
— زەلىلى.

خاكى پاي بولماق — ئاياغ ئاستىدىكى تۇپا بولماق، بويسۇنماق، تەۋە بولماق.
خاكى دەر — تۇپىدا، تۇپراقنىڭ ئىچىدە:

ئۆپە بىلگەيمۇ ئەزاقىنى تەپ،
باشنى يولىندا خاكى دەر قىلدىم.
— ھافىز خارەزمى.

خاكى راھ — «خاكراھ»قا قاراڭ:

سەرۋەرانى سەيرفىللاھ بارچەسىغە رەھبەر ئول،
جۇملە خەيلى ئىشقى ئىرفان دەرگەھىدە خاكى راھ.
— ئەرشى.

خاكى رەھ — «خاكرەھ» قە قاراڭ.
خاكى سىياھ ئەيلەمەك — قارا تۇپىدەك سورىماق (پۇلىنى)، بۇزۇپ - چاچماق.

**خاكى II** [خاكى] (پ) ئۇچىغا سۆڭەك تۇتۇلغان ۋە ئەڭ يىراققا كېتىدىغان ئوق (ئوقيانىڭ ئوقى).

**خاكىستەر** [خاكستر] (پ) كۈل:

ئىشتىكىل، ئايا خۇبلار، سەرۋەرى،
كى ئىشقىڭ ئوتى قىلدى خاكىستەرى.
— ئا. نىزارى.

**خاكىستەرىي** [خاكسترى] (پ) كۈل رەڭ.

**خاكىي I** [خاكى] (پ) تۇپراقتىن بولغان، تۇپراققا مەنسۇپ:

خاكىي قەدەمىنى كۆزۈمە چەككەلى سۇرمە،
كۆزۈم قاشىدە دۇرئىلە گەۋھەرگە نې ساندۇر.
— ھافىز خارەزمى.

خاكىي، نىهاد — ئەسلى تۇپراقتىن بولغان.

**خاكىي II** [خاكى] (پ) «خاكىI» گە قاراڭ.

**خال I** [خال] 1) ئادەم يۈزىدىكى قارا نۇقتا، مەڭ:

يۈزى ئۈستۈندىكى ئول دانەئى خال،
گۈلى لالە ئۈزە مۇشكى خوتەنىدۇر.
— ھافىز خارەزمى.

2) كۆزگە چۈشكەن ئاق:

خەتتى خالى ھەسرەتىدىن ئانچە ئەشكىم ئاقتىدىكىم،
بىر كۆزۈم تۇتتى غۇبادۇر بىر كۆزۈمگە تۈشتى خال.
— نەۋائى.

خالى خەتتى — ئىگەكتىكى مەڭ:

خالى خەتتى زۇلفى چۇن نەقش نىگار،
مۇرغى كۆڭۈللەرنى قىلۇرلەر شىكار.
— زەلىلى.

خالى سىياھ — قارا خال:

زۇلفۇڭدەكىم ئول خالى سىياھ نافەئى چىندۇر،
يالغۇن تېمە، گەر مۇشك تېسەم ئانىكى، چىندۇر.
— ھافىز خارەزمى.

**خالدار** [خالدار] خاللىق، خېلى بار:

ھەردەم كۆڭۈل ھەلاكۇ كۆزۈم تىيرە بولماغىن،
بىلگەي بىرەۋكى، يارى ئېرۇر شوخۇ خالدار.
— نەۋائى.

**خالىس** [خالص] (ئە) 1) غەرەزسىز، سەممىمي، لىللا:

ناقىسا، كۆڭلۈڭنى خالىس قىل نۇقۇشى غەيرىدىن،
ئول پەرى كويىدا جانىڭنى دېسەڭ گەر ئۈتتۈزاي.
— ناقىس.

2) ساپ، تازا:

ھەر غەشلىغدىنكى ناقىس،
بولدى بۇگۇداز بىرلە خالىس.
— نەۋائى.

3) يالغۇز، تەنھا:

كەرەمدىن جامىمە ئەفيون ئېزىپ مەي بەرگىل، ئەي ساقى،
كى باسماس بادەئى خالىس مېنىڭ ھەجر ئىچرە خۇمماردىم.
— ناقىس.

**خالىق** [خالق] (ئە) ياراتقۇچى، خۇدا:

پادىشاھا، جۇرمى ئىسيانىم كەچۈرگىل، خالىقا،
سەندىن ئۈلمىش ئەفۋى رەھمەت مەغفىرەت تۈرلۈك ئەتا.
— شەۋقى.

خالىقى ئالەم — ئالەمنى ياراتقۇچى، خۇدا.
خالىقى ئەفلاك — ئاسمان - پەلەكنى ياراتقۇچى، خۇدا:
ئول خالىقى ئەفلاكخە يۈز ھەمدۇ سەنا،
كىم بەردى قۇياش جىرمىغە ھەر كۈندە زىيا.
خەلق ئەتتى مەلەك بىرلە بەشەر قۇدرەتىدىن،
يوق كىمسەگە ھەركىم دېگەي ئول چۇنۇ چىرا.
— ناقىس.

خام [خام] (پ) 1) پىشمىغان، پىشۇرۇلمىغان:
بىر كۆرسە ئانى مەجنۇن ھۇسنىگە بولۇر مەفتۇن،
لەيلىگە كۆيۈپ نېچۈن ئىشق ئاشنى خام ئەتتى؟
— ناقىس.

2) تەجرىبىسىز؛ 3) بىھۇدە، ئورۇنسىز، ئەمەلگە ئاشمايدىغان.

خامە [خامە] (پ) قەلەم:
رەمۇزى ئىشقى ئىنشا ئەيلەدىم مەن خامە بىلمەيدۇر،
سەرەپا ئوت تۇتاشتى خەت يۈزىگە نامە بىلمەيدۇر.
— زەلىلى.

خامە چەكمەك — قەلەم تەۋرەتمەك، يازماق:
چېكىپ خامەسىن، نەقش قىلدى ئەيان،
كى ئەرمەن دىيارىغە تارتىپ نىشان.
— ئا. نىزارى.

خامە سۈرمەك — قەلەم تەۋرەتمەك، يازماق.
خامە ئۇرماق — «خامە سۈرمەك» كە قاراڭ.

خامكار [خامكار] (پ) ئىش كۆرمىگەن، ئاددىي پىكىر قىلىدىغان؛ كالتە پەم.

خامۇش [خاموش] (پ) ئۈندىمەس، جىم، سۆزسىز، شۈك:
شەھادەت مەيىنى بېگىم نۇش ئېتىپ،
ئۆزىن شاد ئېتىپ، بىزنى خامۇش ئېتىپ.
— ئا. نىزارى.

خامۇش دىماغ — سۆز قىلمايدىغان، جىم تۇرۇدىغان، سۆزسىز:
كى مەسئۇد دېدى سۆزنى باشتىن ئاياغ،
ئىشىتتى بۇلار بولدى خامۇش دىماغ.
— ئا. نىزارى.

خامۇش ئولماق — سۆز قىلماسلىق، جىم تۇرماق:

يەقىلدىكى پەرھاد مەدھۇش ئولۇپ،
ياتىپ ياندا يارى خامۇش ئولۇپ.

— ئا. نىزارى.

خامۇشلۇق [خاموش لىغ] سۈكۈت ساقلاش، جىم تۇرۇش ھالىتى.

خامىس [خامس] (ئە) بەشىنچى.

خامىسە [خامسە] (ئە) «خامىس» قا قاراڭ.

خان I [خان] (پ) 1 ) داستىخان؛ 2) رىزىق، تائام، غىزا. 3 ) پىلانىپتا.

خانى گەرەم ـ ساخاۋەت داستىخىنى.

خانى نەۋال ـ مەرھەمەت داستىخىنى.

خان II [خان] پادىشاھ، خان.

خان بىننى خان — شاھ ئوغلى شاھ .

خانە [خانە] (پ) 1 ) ئۆي، ئائىلە، ماكان، خانا:

ھەمرازى ئاڭا مەلەك ئولۇردى،
ھەم خانە ئاڭا فەلەك ئولۇردى.

— ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى.

2 ) بەزى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «ئورۇن، جاي»، مەنىسىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ. م: كۇتۇپخانا، قىرائەتخانا.

خانە بەرەنداز — قاتتىق ئىسراپخور، بار يوقنى سورۇپ تۆكمەتتىدىغان:

چۈن ئەمەلى بىرلە نەۋا ساز ئولۇپ،
ئول نەي ئۈنى خانە بەرەنداز ئولۇپ.

— نەۋائى.

خانە بەردۇش ـ 1 ) ئۆي ـ ماكانسىز، سەرگەردان:

ئەي زەلىلى تەكيەدارى كىشۋەرى تەن بولماغىل،
كىم سەنى تەكرى ئەزەلدە خانە بەردۇش ئەيلەمىش.

— زەلىلى.

خانە ۋادە ـ ئەۋلاد، سۇلالە.

خانەئى خاس ـ مەخسۇس ئۆي، مەخسۇس ئورۇن:

كىبلىپ چۈن كىرىپ خانەئى خاس ئارا،
نەۋا باشلادى مىسلى داستان سەرا.

— ئا. نىزارى.

خانەئى كەئبە ـ مەككىدىكى مۇسۇلمانلار تاۋاپ قىلىدىغان مۇبارەك ئۆي، تاۋاپ قىلىدىغان جاي:

ئىبادەتىنىڭ قىيامى پايگاھى خانەئى كەئبەڭ،

ئىزىلىك ئول ئاستانى ئالى ئۆزرە سەجدەگاھىمدۇر.
— گۇمنام.

**خانەقاھ** [خانقاه] (ئە) چوڭ مەسچىت؛ شەيخ، سوپى - ئىشانلارنىڭ زىكرى قىلىدىغان جايى:
بۇ دەمدە خانەقاھ كۇنجى كۆرۈنۈر كۆزگە چۇن زىندان،
چىقىپ زىنداندىن، ئەي ئاشىق، چەمەندە لالەزار ئىزدە.
— ھافىز خارەزمى.

**خانىقەھ** [خانقه] (ئە) «خانەقاھ» غا قاراڭ:
خانەقەھ شەيخى ئۇماچىن ئىچمەكىم يوق ئەمدى سىزدە،
ساقى، ئەمدى جامى مەي ئىچ، بول ھەم ئۇلدەم ھەقشۇناس.
— ئەرشى.

**خانەندە** [خواننده] (پ) 1› كىتاب ئوقۇغۇچى، كىتاب ئوقۇپ بەرگۈچى:
كاتىبىكىم مىھنەت ئەيلەپ بىر كىتابىنى يازار،
بەزى جا بولسا غەلەت راس ئەيلەمەكتۇر نىگۈكار،
قەست ئىلە ھەرگىز خەتا قىلما ۋەلى تەبىئى ئازار،
ۋەرنەكىم راستى ئەقىل بولسا غەلەتلەر بىشۇمار،
قىلغايۇ خانەندەلەر دۇشنام، ھەقارەت ھەرزەمان.
— ئابدۇقادىر داموللام.

2› ناخشىچى، غەزەلخان.

**خاندان** [خاندان] (پ) ئۆي، ئائىلە؛ ئائىلە كىشىلىرى، ئۇرۇق، نەسىل - نەسەب:
مۇسىبەت سالىپ خاندان ئىچرە ئول،
ئۆزى ھەم تاموغ سارىغە تۇتتى يول.
— ئا. نىزارى.

**خانىمان** [خانمان] (پ) ئۆي - جاي، ئۆي، جاھازلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئۆي - بىسات:
زەلىلى تەرك ئېتىپ ئالەمنى كەچتىم خانىمانىمدىن،
تەۋافى ھەزرەتى سۇلتان ساتۇقى بۇغراخان ئەتكەچ.
— زەلىلى.

**خانىكە** [خانيكه] ئانىسى ياكى چوڭ ھەدىلىرىنى چاقىرىشتىكى ھۆرمەت سۆزى:
ھەرەملەرنى قىچقىردى ئىقبالىغە،
چۇ خانىكەسىن كەلتۇرۇپ ئالىغە.
— ئا. نىزارى.

**خانۇمان** [خانومان] (پ) «خانىمان» غا قاراڭ:
نىگارا خاكى پايىڭغە نىسار ئەز خانۇ مانىمدۇر،

دەمی تیغی ھىلالىڭغە فىدا يۈز قاتلە جانىمدۇر.
— ئەرشى.

**خاھىش** [خواهش] (پ) ئارزۇ، ئۇمىد، ئىستەك.
خاھىش ئەتمەك — ئىزلىمەك، خالىماق؛
ئاتا ئەيلەمىش ھەق ساڭا تەختۇ تاج،
ئەگەر خاھىش ئەتسە قىلۇرمىز ئىلاج.
— ئا. نىزارى.

**خاۋەر** [خاور] (پ) كۈنچىقىش، شەرق:
كۆڭۈلنى ئالدىبۇ زار ئەيلەدى ئۆزىگە رام ئەيلەپ،
كۆزۈم ئاچتىم، كىرىپكەۋكەبدە پىنھان شەمسىخاۋەردەك.
— موللا سالىھ.
مىھرى خاۋەر — شەرق قوياشى، قوياش.

**خاۋەرىي** [خاورى] (پ) شەرقىي، شەرققە مەنسۇپ، شەرقچە.

**خائىف** [خائف] (ئە) يۈرەكسىز، قورقۇنچاق.

**خەباسەت** [خباثة] (ئە) بۇزۇقلۇق، ئىپلاسلىق، يامانلىق.

**خەبەر** [خبر] (ئە) خەۋەر، ئۇچۇر:
ئىلگىرى ئەلچى يۈرۈتىبان قارا قاش بىلە شەھەر،
بارچە قاراقاش ئەھلىغە ئول كۈنى يەتتىلەر خەبەر.
— موللا سالىھ.
خەبەر ئالماق — خەۋىرىنى ئۇقماق، ئۇچۇرغا ئىگە بولماق؛ قاردىماق، كۆيۈنمەك:
قىلىپ ئەقلىنى خىزىردەك راھبەر،
كۆڭۈل سىرىدىن ئاندا ئالغىل خەبەر.
— ئا. نىزارى.
خەبەر بەرمەك — ئەھۋالنى بىلدۈرمەك، خەۋەردار قىلماق:
ئاقىپ مەن، ماڭا ھۇشىدىن يوق ئەسەر،
كى ئەقدىرى ھەق بەردى سىزدىن خەبەر.
— ئا. نىزادى.
خەبەر تاپماق — خەۋەردار بولماق، ئۇچۇرغا ئىگە بولماق:
خەبەر تابقاي ھېچكىم ئانىڭ ھالىدىن،
ۋەزىرۇ نەدىم ھەم بۇ ئەھۋالىدىن.
— ئا. نىزارى.
خەبەر قىلماق — خەۋەر بەرمەك، ئەھۋالنى بىلدۈرمەك:
بىلىنى ياد ئەيلەدىم ھەردەم،

ئالدمى غەيبىدىن خەبەر قىلدىم.
— ھافىز خارەزمى.

خەبەر گۈزار — خەۋەر بەرگۈچى، مۇخبىر.

خەبباز [خباز] (ئە) نان ياققۇچى، ناۋاي.

خەبت [خبط] (ئە) ئەقلىدىن ئېزىش، ئەقلىنى يوقىتىش.
خەبت ئۇلماق — ئەقلىنى يوقاتماق، ئەقلىدىن ئازماق.

خەبچە [خبچه] پورەك.
قەبر ئىچىدە تابەكەي غۇنچە بولۇر سەھى قەران،
مەۋسۇمى نەۋ بەھار ئېرۇر خەبچەئى نەۋنىھال ئاچىلىك.
— زدلىلى.

خەبىر [خبير] (ئە) خەۋەر بەرگۈچى، خەۋەر قىلغۇچى.

خەبىس [خبيث] (ئە) ئىپلاس، ناپاك.

خەت(ت) [خط] (ئە) [كۆپلۈكى خۇتۇت — خطوط.] 1 › سىزىق، يول، ئىز:
ئەگەر ئول تاش بىلە باشىڭ ئۇشالغاي،
سەئادەت خەتتىدۇر، گەر زەخمى قالغاي.
— نەۋائى.

2 › خەت، مەكتۇپ، پۈتۈك، يېزىق:
بۇ گۈلشەن ئىچرە ھەريان جىلۋەگەر بەرگى شەجەر ئېرمەس،
ۋەرەقلەردۇر يازىلغان خەتلەرى يەكسەر خەزان مەزمۇن.
— ناقىس.

3 › يېڭى چىققان مويلەۋ، مىيىق؛ بۇرۇت.

4 › چاچ، كوكۇلا چاچ:
كۆزۈڭ تۈركۇ خەتىڭ ھىندۇي جادۇ،
كىم ئانىدىن باغلادى قان نافى ئاھۇ.
— ھافىز خارەزمى.

5 › ھۆكۈم، پەرمان.
خەتتى بەرات — ئازادلىق خېتى، گۇناھسىزلىق خېتى، يارلىق:
نەمايان بولغانىدىن سۇنبۇلى تەر بولماغىل دىلگىر،
لەبى لەئلى ئەقىقىڭ ئۈزدە ئول خەتتى بەراتىمدۇر.
— زەلىلى.

خەت — بەرخەت — سىزىقمۇ سىزىق.
خەتى پىشانە — پىشانىگە پۈتۈلگەن:
خەتى پىشانەئى ئازارىلەرنى سەندىن ئاڭلارمەن.
يۈزۈڭ بىرلە قاشىڭنى سەجدەدە لەۋھى قەلەم ئەتكەچ.

— زەلىلى.

خەتتى رەيھان — 1 › قەدىمكى خەتتاتلىقتىكى خەت نۇسخىلىرىدىن بىرى؛
2 › بويى رەيھان، رەيھان، قامەتلىك:

ئەي كۆزلەرى نەرگىس، خەتتى رەيھان، قەددى شەمشاد،
بۇلبۇل كەبى ئىشقىڭدا ئىشىم نالەۋۇ پەرياد.

— ئەرشى.

خەتا [خطا] (ئە) يېڭىلىش، خاتا:

قىلىپ بىز بۇ دەرگاھدا يۈزمىڭ خەتا،
سەن ئەيلەپ كەرەم بىزگە ھەردەم ئەتا.

— موللا قۇربان.

خەتاكار [خطاكار] (ئە + پ) ئەيىبكار، خاتا قىلغۇچى، گۇناھكار.

خەتاكۇش [خطاكوش] (ئە + پ) گۇناھلىق ئىشلارنى قىلىپ يۈرگۈچى.

خەتەرات [خطرات] (ئە) خەۋپ - خەتەرلەر.

خەتەرناك [خطرناك] (ئە + پ) خەتەرلىك، خەۋپلىك؛

يول يىراقدۇر، كۆپ خەتەرناك يول غەممىنى تازە قىل،
شەۋقى بىلسەڭ يول غەممىنى تازە قىلغانىڭ غەلەت.

— شەۋقى.

خەتتات [خطاط] (ئە) خېتى چىرايلىق، خۇش خەت يازغۇچى.

خەتم [ختم] (ئە) 1 › تاماملاش، تۈگىتىش، ئاخىرى.
2 › مۆھۈر، تامغا.

خەتمى قۇرئان — ئۆلگەنلەر ئەرۋاھىغا ئاتاپ، قۇرئان ئوقۇش ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىم:

قالىپمەن ئاھ نېتەي ئارمان بىلە،
كى ياد ئەتكەمەن خەتمى قۇرئان بىلە.

— ئا. نىزارى.

خەتمى كەلام — «خەتمى قۇرئان» غا قاراڭ

بۇلاردىن تىلەپ ئىستىئانەت مۇدام،
كى خەتمى كەلام ئەيلابان سۇبھى - شام.

— ئا. نىزارى.

خەتمى قىلماق — 1 › بىرەر ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزمەك. 2 › مۆكەممەل بىلمەك.

خەتىب [خطيب] (ئە) نۇتۇق سۆزلىگۈچى، ۋەز ئېيتقۇچى، ئىمام.

خەتىر [خطير] (ئە) خەتەرلىك، قورقۇنچلۇق.

خەد [خد] ئە) يۈز، مەڭز، ياڭاق:

سەباھەتدە جەھان مەشھۇرى ئولساڭ،

ئەگەر يۇسۇفى مەسەللىك كۆرگۈزۈپ خەد.
— ئەرشى.

پەرى خەد — پەرى يۈزلۈك، گۈزەل:
پەرى خەد، پەرىزاد، پەردۇەش داغى،
پەرى پەيكەران ئىسمى دىلكەش داغى.
— ئا. نىزارى.

قىرمىزى خەد — قىزىل يۈزلۈك:
ئىللا دېمىش كۆرمەي سىنى،ئەي لالەرۇخ، قىرمىزىخەد،
خۇرشىد يۈزۈ جەللاد كۆز، كاكۇللەرى مۇشكى خوتەن.
— ناقىس.

خەدەڭ [خدنك] (پ) ئوق، ئوقيانىڭ ئوقى
كۆكۈل مىژگان خەدەڭگىڭ كۆزلەرىڭدە ناگەھان كۆرگەچ،
ھەراسان يەلدەك ئولمىش كافىرئىلكىدە سنان كۆرگەچ.
— ئەرشى.

خەدەڭ ئەيلەمەك — ئوق قىلماق:
بۇنى سەبزەرەڭ ئەيلەپ، كەمەرنى تەڭ ئەيلەپ،
مىۋەسىن خەدەڭ ئەيلەپ، قاشىن كەمان قىلۇرسەن.
— زەلىلى.

خەدەڭ تارتماق — ئوق ئۈزمەك.

خەدەم [خدام] (ئە) [بىرلىكى «خادىم - خادم»] خادىملار، خىزمەتچىلەر، مالايلار.

خەددام [خدام] (ئە) «خادىم» غا قاراڭ:
چىقاردى يۆلەپ بارچە خەدداملار،
ۋەزىرغە ھەمە قىلدى بەدناملار.
— ئا. نىزارى.

خەددامىلىق [خداملىق] مۇلازىملىق، خىزمەتكارلىق، مالايلىق:
چۇ كىشتى ئارا قىلدى خەددامىلىق،
چىقىپ خۇشكىغە يەتتى ئارامىلىق.
— ئا. نىزارى.

خەر [خر] (پ) ئېشەك:
ناقىسنى دىلخەستەدۇر قۇيرۇقى كالتە ئېشەك،
لېكىن قىلالماس بۇ سۆز قۇيرۇقى يۈزگەز خەرى.
— ناقىس.

مادە خەر — مادا ئېشەك:
كى ھىممەت يوقدۇرۇر بۇ فىرقەدە نامۇس يا نەڭگى،
شەرىئەت ئۈشبۇ سۇرەتلىكنى دەيدۇر مادە خەر سۇلتان.
— موللا نىياز.

مەردەكى خەر ــ ئەخمەق ئادەم.

**خەراب** [خراب] (پ) بۇزۇق، ۋەيران؛ يامان ناچار؛

كۆزلەرىدىن ئۆزگە كىشى كۆرمەي،
گۆشەئى مىھرابدە مەستۇ خەراب.

ــ ھافىز خارەزمى

خەراب ئەتمەك ــ «خەراب ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

كى ئوت بىرلە بىزنى خەراب ئەتكۈسى،
كىمە ئىچرە سىخلاپ كەباب ئەتكۈسى.

ــ ئا. نىزارى.

خەراب ئەيلەمەك ــ بۇزماق، ۋەيران قىلماق:

كاكۇلى مۇشكىن سەنەمنىڭ چىھرەسىن پۇشتىدە تۇت،
جىلۋەئى ھۇسنىدە ئەيلەر ۋەرنە ئالەمنى خەراب.

ــ زەلىلى.

خەراب قىلماق ــ «خەراب ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

قىلىپ زۇلۇم ئىلە خانىمانىن خەراب،
شەھىد ئەيلەدى ئانى ئەفرەسىسياب.

ــ ئا. نىزارى.

**خەرابات** [خرابات] (پ) 1 › ۋەيران بولغان، بۇزۇلغان جاي، خارابە.
2 › مەيخانا:

ھەرنەۋىدىكىم جۇنۇندىن رەقس ئېتەر ئەيب ئەتمەگىز،
جىلۋەئى ساقى خەرابات ئىچرە مەدھۇش ئەيلەمىش.

ــ زەلىلى.

**خەراباتي** [خراباتى] (پ) 1 › خاراب بولغان جايدا تۇرغۇچى، دەرۋىش، تەركىي دۇنيا؛ 2 › مەي ئىچكۈچى، مەيخانە ئەھلى:

سەبەب بولدى ئالەم خەراباتىغە،
كى ئۇچراپ ئۆزىنىڭ مۇكاپاتىغە.

ــ ئا. نىزارى.

**خەرابە** [خرابە] (پ) ۋەيرانە، بۇزۇلغان، تاشلاندۇق، خارابە:

تاشىرغە تاشۇ خىشتۇ بەل ئەرابە،
تۇتۇپ چىن ئىچرە ئابادۇ خەرابە.

ــ نەۋائى.

**خەرابي** [خرابى] (پ) ۋەيرانلىق، بۇزۇقلۇق.

**خەراج** [خراج] (ئە) سېلىق، باج، پاراق.

خەراش [خراش] (پ) 1) يونۇش، تاراشلاش، قىرماق:
يەنە بار ئىدى قارەن سەگگىتەراش،
قىلۇر ئىردى تاشنى ياغاچدەك خەراش.
—ئا. نىزادى.

2) كۆچمە م: ئازابلىماق، قىينىماق:
ئانىڭ زەربىدە ساچراغان رىزە تاش،
چىقىپ ئەيلەگەي چەرخ جىسمىن خەراش.
—ئا. نىزارى.

خەراش ئەيلەمەك — 1) يونۇماق، تاراشلىماق، قىرماق:
خەراش ئەيلەدى يەشمىنى ئۇل زەمان،
چۈشەھزادە بولدى بەسى شادمان.
—ئا. نىزادى.

2) كۆچمە م: ئازابلىماق، قىينىماق.
خەراش قىلماق — «خەراش ئەيلەمەك» كە قاراڭ:
رىزق ئۈچۈن قىلمە كۆڭۈل لەۋھىنى ھەسرەتتىن خەراش،
ئەيب ئىرۇر ئەھلى خىرەددىن ئەل بىلەن قىلماق تالاش.
—ناقىس.

خەراشىدە [خراشيده] (پ) قىرىلغان؛ خىرىلىدىغان، بوغۇق.
خىراشىدە بولماق—قىرىلماق، بوغۇلماق، خىرىلىددىماق.

خەرپۇشتە [خرپشته] (پ) گۈمبەز شەكلىدىكى نەرسە؛ راۋاق، چىدىر.
خەرج [خرج] (ئە) 1) خىراجەت، چىقىم، سەرپ:
كەسبىدىن ئەجر بىرلە پۇل تاپىلۇر،
خەمىر بىرلە زىناغە خەرجى قىلۇر.
—ئا. نىزارى.

2) خىراجەت قىلىنىدىغان پۇل، سەرپلىنىدىغان مەبلەغ:
ھەققىدى رەھمەت خەرجىڭ ئەتسە ھەقنى تاڭ ئۆلكىم تاپار،
سەن كەبى مەھبۇبى ۋەسلىن ئەيلەگەي ناچار خەرج.
—نەۋائى.

خەرجۇ خەراج — خەج ۋە خىراجەت:
مۇساپىر بولۇر ئاقسۇدا بارەۋاج،
تاپۇر نامۇراد بولسا خەرجۇ خەراج.
—موللا شاكىر.

خەرجى دىرەم — يولدا لازىم بولىدىغان ئوزۇق.
خەرجى سەفەر — يول خىراجىتى.

خەرجى مەئاش ــ تىرىكچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان خىراجەت، ياشاش ئۈچۈن
لازىم بولىدىغان نەرسىلەر.

**خەرجىلىك** [خرج ليك] خەجلەشكە كېرەكلىك:
كۆز تۆكەر ۋەسلىڭ ئۈچۈن دۇررى ئەدەن، ئەي گۈلرۇخ،
خەرجىلىك بولسە بۇ رەڭ قالمادى ئىمساك ماڭا.
ــ ناقىس.

**خەرچەڭ** [خرچنك] (پ) قىسقۇچ پاقا:
كۆكۈل فىراقىڭە تۈشكەچ فىغان چېكەر ھەردەم،
تومۇزدا ئۆيلەكى ئەفغان تولا چېكەر خەرچەڭ.
ــ ناقىس.

**خەرخەشە** [خرخشه] (پ) يامان گەپ، قۇلاققا ياقمايدىغان يېقىمسىز گەپ.

**خەرراج** [خراخ] (پ) بۇزۇپ چاچقۇچى، ئىسراپخور.

**خەرراز** [خراز] (پ) موزدۇز، ياماقچى:
دوست كويىدا گەدالەر بىلگەن،
بولسە خەررازۇ گەر خۇد خەرراز.
ــ نەۋائى.

**خەرق** [خرق] (پ) يىرتىق، يېرىق، ئاراچ.
خەرق ئولماق ــ يەرتىلماق، يېرىلماق، ئايرىلماق:
ياشۇرۇن ئىشقىم ئىدى، ئەل كۆزىدىن تەقۋادا،
يىغلاتىپ يارى لەبىپەردەلەر ھەم خەرق ئولدى.
ــ ناقىس.

**خەرگۇش** [خركوش] (پ) ياۋا توشقان.

**خەرمەن** [كرمن] (پ) چەمبىرەك.

**خەرمۆھرە** [خرمهره] (پ) ئىشەكمونچاق:
نەچچە ھۆسنئەھلى كېلىپ ياندالشسا ئانداغ بەلگۈرۈر،
بىر تىزىغ خەرمۆھرە ئىچدە گۆييا بىر گەۋھەرى.
ــ ئەرشى.

**خەرۋار** [خروار] (پ) بىر ئىشەك يۈك (ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى، تەخمىنەن
300 كىلوگرام).

**خەرىد** [خريد] (پ) سېتىش، ساتماق:
ئاناسى بىلەن ئول ماڭا زەر خەرىد
دەبان، كوپ جەدەل قىلدى خاجە سەئىد.
ــ ئا. نىزارى.

**خەرىدار** [خريدار] (پ) 1) سېتىۋالغۇچى، تەلەپكار:

مەن جەفاكارى، سەن ۋە فادارىم،
يۈزتۈمەن ئەيب ئىلە خەرىدارىم.
— موللا قۇربان.

2 › كۆچمە م: بىرەۋگە مۇھەببەت قويغان،كۆڭلى چۈشكەن كىشى، ئاشىق:
مەھىنبانۇ ھەر كۈنى خەبەردار ئىدى.
ھەمول كۆھكەنگە خەرىدار ئىدى.
— ئا. نىزارى.

خەرىدارلىق [خريداراق] تەلەپكارلىق: خەرىدارىبار، خەرىدارغا ئىگە:
كى بىزگە خەرىدارلىق ئەيلەدى،
مەدەد ئەيلەبان يارلىق ئەيلەدى.
— ئا. نىزارى.

خەرىف [خريف] (ئە) كۈز، كۈز پەسلى.

خەزان [خزان] (پ) 1 › كۈز پەسلىدە تۆكۈلگەن، سارغايغان ياپراق:
رەۋابى ھۇسن ئۇچۇن چىھرەمنى كاھى ئەيلەممش ئەز بەس،
بولۇر گۈل ھۇسنى زاھىر بولسەگەر رەڭگى خەزان پەيدا.
—ئەرشى.

2 › كۈز، كۈز پەسلى:
خەزان بەرگىمدەك سارغايىپ چىھرەسى،
تولا خەۋف ئىلە قالمادى زەھرىسى.
— ئا. نىزارى.

خەزان ئەتمەك سارغايتماق:
ئەلا ئەي لالە يەڭلىغ گۈلئۇزارىم،
خەزان ئەتتىڭ مىنى ئەي نەۋ بەھارىم.
— موللا پازىل.

3 › يانجىلغان، ئازابلانغان؛ دەردلىك:
بۇگۈلشەن ئىچرە ھەريان جىلۋەگەر بەرگى شەجەر ئىرمەس،
ۋەرەقلەردۇر يازىلغان خەتلىرى يەكسەر خەزان مەزمۇن.
— ناقىس

خەزان بولماق ـ 1 › سارغىيىپ، قۇرۇپ قالماق.
2 › ئازاب ـ ئوقۇبەتتە ئىزىلمەك، مەجرۇھلانماق:
سىنى دەپ چىكەر بۇلبۇل ئاھۇ فەغان،
ئانى يىغلاتىپ كۆپ بولۇرسەن خەزان.
— ئا. نىزارى.

خەزان قىلماق ـ سارغايتماق، قۇرۇتماق:
مىنى ئىشق ئوتى قىلىپدۇر خەزان،

هەنۆز سەبزە ئېردىم بولۇپمەن سامان.
— ئا. نىزارى.

بادى خەزان — كۈز شامىلى:

بادى خەزان پەيدىدار، قالماس جەھاندا گۈلزار،
نى باغۇ نى سۇمەنزار، فەسلى بەھار ئىچىدە.
— زەلىلى.

فەسلى خەزان—يوپۇرماقلار سارغايغان مەزگىل، كۈز پەسلى:

بەھار كۈنلەرى كەتمىش يېتىپ بۇ پەسلى خەزان،
دەرەختى ئۆمرنى يولماقغە ىىخ ئىلە بۇنياد.
— شەۋقى.

خەزانە [خزانه] (ئە) خەزىنە؛ بايلىق.

خەزانە سەنج — خەزىنە ئىگىسى.

خەزانە خاس — پادىشاھنىڭ خۇسۇسىي خەزىنىسى.

خەزانەدار [خزانەدار] (ئە + پ) خەزىنىچى.

خەزانى [خزانی] (پ) سېرىق رەڭلىك.

خازانى ئەيلەمەك — سارغايتماق.

خازانى باغ — قۇرۇپ قالغان باغ.

خازانى بەرگ — سارغايغان يوپۇرماق.

خەزايىن [خزاین] (ئە) خەزىنىلەر (بىرلىكى: خەزىنە):

سپاھ ئايدى: «ئانداغ ئىسە مەن ئالاي،
خەزايىنغە مىلك تەڭگەنى مەن سالاي.
— ئا. نىزارى

خەزەف [خزف] (ئە) ساپال، ساپال قاچا.

خەزرا [خضرا] (ئە) يېشىل:

تەفەررۇج گاھى سۇنىئۇڭ قىلغالى بىلدىم كەۋاكىبدىن،
مەشائىل ياندۇرۇپ تۈن - كېچەلەردە كۈنبەزى خەزرا.
— زەلىلى

خەزىنە [خزینه] (ئە) خەزىنە؛ بايلىق.

خەس [خس] (پ) 1) قۇرۇق ئوت-چۆپ، پاخال؛

ئەيا غۇنچە گۈلمەكنى قىلما ھەۋەس،
چەمەنزار ئارا مەن كەبى بولما خەس.
— ئا. نىزارى

2) ۋاپاسىز، نائەھلى؛ پەس كىشى:

ئۆچۈرمەككە ئاسان ئېرۇر دەر مەھەل،
نە خەسلەرگە بولغاي، نە قۇلغە خەلەل.
ئا. نىزراى.

3 › ئېزىلگەن، يانجىلغان؛ يارىلانغان:
دېدى: «شاھزادە دىلىم خەس ئېرۇر،
بۇ قىلغان كىرامىڭ ماڭا بەس ئېرۇر»
— ئا. نىزارى.

**خەسارەت** [خسارت] (ئە) زەرەر، زىيان:
قەزاغە كىشى نالە ـ فەرياد ئېتەر،
بۇ شۇم لەفزىدىن كۆپ خەسارەت يېتەر.
— ئا. نىزارى

**خەسايىس** [خصايص] (ئە) [بىرلىكى: خاسىيەت]. خۇسۇسىيەتلەر، خاسىيەتلەر

**خەسايىل** [خصايل] (ئە) [بىرلىكى: خىسلەت]. خىسلەتلەر

**خەستە** [خسته] (پ) 1 › كېسەل، كېسەلمەن:
يۈزۈڭنى كۆزۈم ئاقىبەتۇلئەمر كۆرسەر،
ھەمراھ مەنى خەستەغە چۈن نۇرى يەقىندۇر.
— ھاپىز خارەزمى.

2 › قىينالغان، ئازابلانغان؛ دەردمەن:
بىۋەفا ئەيلەمەگەي ئۇل نازەنىن،
رەھم قىلسە خەستە ئاشىقلارىنە.
— ھاپىز خارەزمى

3 › ئاجىز، كۈچسىز، زەئىپ:
ھەمىشە خەستەدۇر دەردى بىلەن جان،
بولا بىلمەدى بۇ بىمار ياخشى.
— ھاپىز خارەزمى.

4 › بىچارە، مىسكىن:
يېتەرمۇ بىر كەمىنە خەستەگە بۇيى ۋىسالىڭدىن،
دېگەچ شامۇ سەھەرلەر ئەشكى خۇندىن جۇيىبار ئەيلەر.
— شەۋقى.

**خەستە ئەيلەمەك** — 1 › كېسەل قىلماق، مەجرۇھلاندۇرماق،
2 › ئازابلىماق، قىينىماق:
دەۋلەتى ۋەسلىڭ بىلەن بىرنەچچە كۆڭلۇم ئېردى خۇش،
فۇرقەت ئېچرە خەستە ئەيلەپ نېگە قىلدىڭ ئېجتىناب.
— ئەرشى.

**خەستە جان** — ئاغرىق، زەئىپ:
كى سىزدەك بىرەۋ ناتەۋانى ئىدىم،
ئانىڭ ئىشقىدا خەستە جانى ئىدىم.
— ئا. نىزارى

**خەستەجان بولماق** ـ زەئىپلەشمەك، ئاجىزلاشماق:

بۇلار ئىلكىدىن بىر بولۇپ خەستە جان،
فەلەك بىزنى ئەيلەپ ئەجەب ناتەۋان.
ـــ ئا. نىزارى

**خەستە دىل** ـ كۆڭلى سۇنۇق، دەردمەن:

دېدى خەستە دىلغە شاھى ۋاستە»:
قىلالى سەرەندىب سارى رابىتە.
ـــ ئا. نىزارى.

**خەستە ھال** ـ قىيىن ئەھۋالدا قالغان، بىچارە:

گۆھەر سىلكى كەبى مەنزۇمە بىرلە يوقلامىشسىزلەر،
بىزنىڭدەك خەستە ھالىنى بۇ يەڭلىغ ھالى غۇربەتتە.
ـــ ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى.

**خەستە ئۇلماق** ـ ئازابلانماق، قىينالماق:

قاشلارى ياسى ئوقىنىڭ تەككەنىنى بىلدى ئەل،
خەستە ئۇلغان جاندا ھەريان زەخمە پەيكانىن كۆرۈپ.
ـــ ئەرشى.

**خەستەۋۇ مىسكىن** ـ ئاجىز ۋە غېرىپ، دەردمەن بىچارە:

خوشلاشىبان خەستەۋۇ مىسكىن زەلىل،
بۇلبۇل ئېردى چىقتى قەپەزدىن دېگىل.
ـــ زەلىلى.

**خەستە خانە** [خسته خانه] (پ) ئاغرىقلارنى داۋالايدىغان ئورۇن.

**خەستە ۋار** [خستەوار] (پ) ئاغرىقتەك.

**خەستەك** [خستك] قۇرىغان ئوت ـ چۆپتەك:

مەن خەستە، خەستەك تاڭ ئەمەس بولسام يولدا پايمال،
ئول گۈل سەمەندىن سەكرەتىپ جەۋلان ئۆزە، جەۋلان ئېرۇر.
ـــ مەھزۇن.

**خەسدەك** [خسدك] «خەستەك»كە قاراڭ

جەمالىڭ بولماسە ھەرگىز تەماشايى گۈل ئەتمەسمەن،
بارى گۈلشەن گۈلى ئالىمدا خەسدەك پايمالدۇر.
ـــ گۇمنام.

**خەسم** [خصم] (ئە) قارشىلىشىش؛ دۈشمەن، رەقىب:

چۇ پەيۋەند ئېتىپ شەستىگە بىر خەدەڭ،
رەھا ئەيلەدى خەسمىغە بىدەرەڭ.
ـــ ئا. نىزارى.

خەسم ئولماق ـ قارشلاشماق، دۈشمەنلەشمەك:
بەرادەرلىرى خەسم ئولۇپ هەر زەمان،
كى تەدبىر ئىلە ئەيلەدى خەستە جان.
— ئا. نىزارى.

خەسى [خصى] (ئە) پىچىلغان، ئاختا.
خەسى قىلماق ـ پىچىماق، ئاختا قىلماق.

خەسىس [خسيس] (ئە) بېخىل، پىخسىق:
ئۆزى پەرۋەرىش ئەيلەگەن بىر خەسىس،
زەهى بەد تەردىن ئىبنى مۇلجەم نەجىس.
— ئا. نىزارى.

خەشەب [خشب] (ئە) ياغاچ، ئوتۇن.
خەشخاش [خشخاش] (پ) كۆكنار، كۆكنار غۇزىسى.
خەشم [خشم] (پ) قەهر، غەزەپ:
بولۇپ خەشم قىلدى مىنى مۇندا بەند،
بولۇبدۇر بۇ تەختە باشىمدا كەمەند.
— ئا. نىزارى.

خەشمناك [خشمناك] (ئە + پ) ئاچچىقلانغان، غەزەپلەنگەن
خەفا [خفاء] (ئە) 1› يوشۇرۇنلۇق، مەخپىيلىك 2› رەنج، كۆڭۈل ئاغرىقى:
قالمادى ئالەم ئىلىدە زەررەئى بۇيى ۋەفا،
ئالسە بەرمەس، كەتسە كەلمەسلىك بىلە سالمىش جەفا،
بارچە ئىش فەندۇ- فۇنۇن، مەكر ئولدىلار قالماي سەفا،
هىچ جەهەتدىن هىچ دىلدا شاد يوق باردۇر خەفا،
مۇنىڭ ئۇچۇن هەممەلەرگە تەڭگو - تار ئولدى زەمان.
— ئابدۇ قادىر داموللام.

خەفا ئەيلەمەك ـ يوشۇرماق، مەخپىي تۇتماق
خەفالىغ [خەفالىغ] مەخپىي، يوشۇرۇن بولغان:
تەمامى ئىلىمنىڭ فەننىگە ئىردى ئاخۇنۇم هامىل،
خەفالىغ مەئنىنى سۆز رىشتەسىغە كىم تىزار ئەمدى.
— موللا پازىل.
خەفەقان [خفقان] (ئە) يۈرەك سىلىش، قان بېسىمىنىڭ ئارتىشىدىن بولىدىغان كېسەللىك.
خەفتان [خفتان] (پ) ئۇرۇش كىيىمى.
خەففاش [خفاش] (ئە) شەپەرەڭ.
خەفى [خفى] (ئە) مەخپىي، يوشۇرۇن:
يەتتە فەلەك يەتتە بەهر، يەتتە يەرۇ يەتتە شەهر،

خاھى خەفى، خاھى جەھر، شەۋقۇڭدا زار ئەمەسمۇ؟
— زەلىلى.

**خەفىيات** [خفيات] (ئە) [بىرلىكى: خەفىيە]: مەخپىيەتلەر، يوشۇرۇنلۇقلار
سىررۇل خەفىيات ـ مەخپىيەتلىكلەرنىڭ سىرى، يوشۇرۇن سىرلار:
قەبۇل ئەتكىل خۇدايا بۇ مۇناجات،
كى سەن دانايى سە سىررۇل خەفىيات.
— زەلىكلى

**خەفىيە** [خفيه] (ئە) يوشۇرۇنلۇق، مەخپىيەت؛ مەخپىي.

**خەفىيەت** [خفيت] (پ) خەفىيە

**خەفىف** [خفيف] (ئە) يەڭگىل:
سۇرەتى پاكىڭغە بۇ جانىمنى نىسبەت ئەيلەسەم،
ئۇل كۆرۈنۈر بەس خەفىفۇ، بۇ كۆرۈنۈر بەس گەران.
— ھاپىز خارەزمى.

**خەلا** [خلا] (ئە) 1) خالى جاي، بوش جاي:
لەئىنلەرنى كۆرسە كۆلۈپ يالبارىب،
خەلا يىغلابان ئۇل يۈزى سارغارىب.
— ئا. نىزارى.
خەلا بولماق ـ خالى، پىنھان بولماق، ئۆزىنى چەتكە ئالماق:
خەلايىق بارى ئۇيقۇغە قىلدى مەيل،
ئاتا ۋە ئانادىن خەلا بولدى لەيل.
— ئا. نىزارى.
خەلا ۋە مەلا ـ ئايرىم ۋە توپى بىلەن
كى مىراس دۇنياسى بەھەد تولا،
بارى جىنس ئەشيا خەلا ۋە مەلا.
— ئا. نىزارى.
2) تاھارەتخانا.

**خەلاب** [خلاب] (پ) لاي، پاتقاق.

**خەلاجاي** [خلا جاى] (ئە + پ) خالاجاي، تاھارەتخانا

**خەلاس** [خلاص] (ئە) قۇتۇلۇش، ئىلاج تېپىش:
دىدى قىز: «گەر ئەتسەڭ، بۇ ئىشغە سەۋەب،
خەلاسىمغە مەن ھەم قىلايىن تەلەب.
— ئا. نىزارى
خەلاس ئەيلەمەك ـ قۇتۇلدۇرماق، ئازاد قىلماق:
جۇدا ئەيلەگىل ئەھلى فەسساقدىن،

خەلاس ئەيلەگىل كىبىر ئەخلاقدىن.
— ئا. نىزارى.

خەلاس بولماق — قۇتۇلماق:
دېدىكىم، «قىلالى دېگىنىز سارى ئەزىم،
بەھەمدىللا، بولدۇق خەلاس ئەددى جەزىم.
— ئا. نىزارى.

خەلاس قىلماق — قۇتۇلدۇرماق، ئازاد قىلماق:
كى بىر ئوق بىلە ئەلنى قىلدى خەلاس،
ھەمە راھزەنلەردىن ئالدى قىساس.
— ئا. نىزارى.

خەلاس ئولماق — قۇتۇلماق، ئازاد بولماق:
خەلاس ئولماق ئۈمىد ئەتسەڭ بۇ ئىككى پەردە زۇلمەتدىن،
شەبىستانى ۋۇجۇدۇڭغە ئىبادەت شەمئى كەلتۈرمىش.
— شەۋقى.

خەلافەت [خلافت] (ئە) خەلىپىلىك:
مۇستەفادىن سوڭ خەلىفەكىم ئىدى ئايغىل ۋىلا،
مەسنەد ئەۋجى خەلافەتدە ئەبۇبەكرى ئەۋۋەلا.
— زەلىلى.

خەلايىق [خلايق] (ئە) خەلقلەر، كىشىلەر:
خەلايىق كۆپ ئېردى چۇ خاقان بىلە،
كى شەھزادەئى زارى ھەيران بىلە.
— ئا. نىزارى

خەلە [خله] (پە) سانجىق، ئاغرىق.

خەلەف [خلف] (ئە) پەرزەنت؛ ۋارىس، ئىز باسار:
چۇ ئۆمرى ئانى سۇرئەت ئايىن ئېتىپ،
خەلەف يوقلۇغى ئانى غەمكىن ئېتىپ.
— ئا. نىزارى.

خەلەف بەرمەك — پەرزەنت تۇغماق:
بى بى بەتىنىدىن بەرمەدى بىر خەلەف،
ماگا رۇزگار ئېردى دۇرسىز سەدەف.
— ئا. نىزارى.

خەلەف بولماق — ۋارىس بولماق، ئىز باسار بولماق:
فەنا ئەزم سارى يېقىن بولدى يول،
ۋەلى يوقكى فەرزەند خەلەف بولغاي ئول.
— ئا. نىزارى.

خەلەق [خلق] (ئە) يىرتىق، تۇزۇغان.

خەلەل [خلل] (ئە) 1) ئەيىب، نۇقسان:
ئاخىرەت ئەسبابى ئۆززە تۈشتى سەر تا سەر گىرىھ،

زۇھد تەقۋا رىشتەسىدىن تاپسا بىر مويى خەلەل.
— زەلىلى.

2) ئەندىشە:
جانۇدىل ئۇلغاي خەلاس شايەد كەسەلدىن، ئەي خۇدا،
شەۋقى پەرۋانە قۇتۇلغايلار خەلەلدىن، ئەي خۇدا.
— شەۋقى.

3) زىيان، ئاپەت:
نە سۇنئۇكىدىن ئەجەب يۈز مىڭ جەھان بولماق يەنا پەيدا،
نەمۇلكۇگىغە خەلەل يۈزمىڭ جەھاندەك بولسە ناپەيدا.
— نەۋائى

**خەلەل بەرمەك** — زىيان يەتكۈزمەك:
چۇ مەسئۇد بەرمەي كىشىگە خەلەل،
كى ئىنئام، ئىھسان قىلىپ ئەلگە بەل.
— ئا. نىزارى.

**خەلەل بولماق** — زىيان بولماق:
ئۈچۈرمەككە ئاسان ئىرۇر دەرمەھەل،
نەخەسلەرگە بولغاي، نە قۇلغە خەلەل.
— ئا. نىزارى.

**خەلەل يەتمەك** — زىيان يەتمەك:
مەن ئۆلسەم جەھاندىن ئاتىم ئۆچمەگەي،
ۋىلايەتلىرىمگە خەلەل يەتمەگەي.
— ئا. نىزارى.

**خەلخان** [خلخال] (ئە) ئاياققا تاقىلىدىغان كۈمۈش تاقا.

**خەلقەت** [خلقت] (ئە) 1› دىنىي جەھەتتە ئوقۇمۇشلۇق كىشى، 2› قەشقەرخانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغانلارنىڭ نامىغا قوشۇلغان ئىلمىي مەرتىۋە نامى؛ 3) كونا (دىنىي) مەكتەپتە موللامغا ياردەملىشىپ بالىلارنى باشقۇرىدىغان ئوقۇغۇچى:
ئىبەردى بالالارنى مەكتەب ئۈچۈن،
كى مەھزۇن قويۇپ بەردى خەلفەت ئۈچۈن.
— ئا. نىزارى.

**خەلق** [خلق] (ئە) 1› ئادەملەر، كىشىلەر، ئاممە؛ 2› يارىتىش، ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش:

**خەلق ئەتمەك** — ياراتماق:
قەترەئىي ناپاك سۇدىن سۈرەتىمىز خەلق ئېتىپ،
مادە ـ نەر، ھۆسنۇ قەبىھ رەڭگىدە قىلسۇن نە ئىلاج.
— شەۋقى.

**خەللاق** [خلاق] (ئە) ياراتقۇچى، خۇدا:
خۇداۋەند خەللاق جان ئافەرىن،

کی جان ئافەرىن بەل جەھان ئافەرىن.
— ئا. نىزارى.

جەھان سەفھىغە كەلتۈرمىش ئەدەم ئىقلىمىدىن خەللاق،
ھەمە زىجانىغە بولمىش گاھى خوشلۇق ھاھى مەمزۇنلۇق.
— شەۋقى.

**خەللاقى ئالەم** — ئالەمنى ياراتقۇچى، خۇدا؛
ئىنايەت قىلسەلەر خەللاقى ئالەم،
بىھىشت ئەنبەر سىرىشتىدىن چىقمادىڭ ھىچ.
— شەۋقى.

**خەلئ** [خلع] (ئە) قوپىرىش، ئىلىپ تاشلاش.

**خەلىفە** [خليفه] (ئە) 1) ئىز باسار، ئورۇنباسار 2) خەلىپە:
مۇستەفادىن سوڭ خەلىفە كىم ئىدى ئايغىل ۋىلا،
مەسنەد ئەۋجى خەلافەتدە ئەبۇبەكرى ئەۋۋەلا.
— زەلىلى

**خەلىق** [خليق] (ئە) ئەخلاقلىق، ياخشى تەبىئەتلىك.

**خەلىل** [خليل] (ئە) 1) دوست، 2) ئىبراھىم پەيغەمبەر؛
رەھمەتىڭ مەۋج ئۇرسەلەر ئاتەشنى گۈلزار ئەيلەسەڭ،
نە ئەجەب قىلساڭ خەلىل يەڭلىغ ئانى بوستان ئارا.
— شەۋقى

**خەلىل ئاسا** — ئىبراھىم پەيغەمبەرگە ئوخشاش:
ئەگە تىغى قەزا ھەلقىڭغە يەتسە مەسەل ئەيتماغىل،
خەلىل ئاسا تۇتۇپ فەرمانىنى مەردى خۇدا بولماق.
— زەلىلى

**خەلىلۇللاھ** [خليل الله] (ئە) ئاللانىڭ دوستى، ئىبراھىم پەيغەمبەر؛
ئىشىق ئوتىنى خارۇخەسدىن دىمە ئۆرگەن دۇد ئىرۇر،
يا خەلىلۇللاھغە سالغان ئاتەشى نەمرۇد ئىرۇر.
— موللا قۇربان.

**خەم** [خم] (پ) ئىگىلگەن؛ پۈكۈلگەن:
كۈندۈزۈمدۇر كىچە، ئول خۇرشىدى تابان بولماسا،
قامەتىم خەمدۇر، ئەگەر سەرۋى خىرامان بولماسا.
— ئەرشى.

2) تولغانغان، تولغىماچ:
ھەر كىشىكى كۆردى پەرىدۇر دىدى،
رىشتەئى جان پۇرخەم زۇلفى ئىدى.
— زەلىلى.

**خەم ئەيلەمەك** — پۈكمەك، ئەگمەك:
قامەتىم خەم ئەيلەبان جانىمنى سەكرەتمەك ئۈچۈن،
گاھى قاشىن تەبرەتىب گەھ كۆزلەرىنى ئويناتۇر.
— ئەرشى

**خەم بولماق** ــ 1) ئېگىلمەك، پۈكۈلمەك:

كۆزدىن پەرىۋەش ئۈچتىلار، سەۋدايى ئىشقىڭ تۈشتىلەر،
خەم بولدى مەھكەم پۈشتىلار مەستانە ئۆرۈلدى دىماغ.

ــ شەۋقى.

2) تولغانماق، تەبرەنمەك:

بولدى خەم كاكۈللارىڭ فىكرىدە جانلار مۇزتەرىب،
سەبرى ئۈممىدى يەراقتۇر سېھرىنىڭ مەفتۇنىدىن.

ــ ناقىس.

**خەم قىلماق** ــ پۈكمەك، ئەگمەك:

تۆكۈپ ئەشكىنى شاھزادە رەۋان،
بېلىن خەم قىلىپ ئۆزرە قىلدى ئەيان.

ــ ئا. نىزارى.

**خەماش** [خماش] (پ) كېرەكتىن چىققان، كېرەكسىز، تاشلاندۇق.

**خەمان** [خمان] (پ) ئېگىلگەن، ئەگمە.

**خەم بەخەم** [خم بخم] (پ) تولغانغان، بۇرالغان، تولغىماچ.

**خەم ـ خەم** [ خم خم] (پ) ئەگرى ـ بۈگرى.

**خەمدار** [خمدار] (پ) «خەمىدە» گە قاراڭ

**خەمر** [خمر] (ئە) شاراپ، هاراق.

**خەمسە** [خمسه] (ئە) 1) بەش 2) بەشلىك 3) بەش داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توپلام:

كىشى ئىستەسە نەقل تەتۋىلنى،
تاپار «خەمسە»دە كۈللى تەفسىلنى.

ــ ئا. نىزارى.

**خەممار** [خمار] (ئە) مەيپۇرۇش، هاراق ساتقۇچى.

خەممار خانە ــ مەيخانا، قاۋاقخانا.

**خەمۇش** [خموش] (پ) جىمغۇر، تىنچ، جىم؛ خامۇش:

ئانىڭ ۋەھمى بىرلە كېتىپ ئەقلى هۇش،
دەمى سۆزلەمەي، بەلكى بولدۇم خەمۇش.

ــ ئا. نىزارى.

**خەمۇش ئەتمەك** ــ سۆزلىمەي جىم تۇرماق، جىم بولماق:

هەنۇز ئول نازەنىن چىقماي هەرەمدىن نالە قىلماڭلار،
زەلىلى دىلبەرىنى كۆردى ئۇتقىنى خەمۇش ئەتكەچ.

ــ زەلىلى.

**خەمۇش ئەيلەمەك** ــ جىم قىلماق.

**خەمۇش بولماق** ــ جىم بولماق، سۆزلىمەي تۇرماق:

ئەي جان قۇلاقى، تۇتمە گۇش، يا رەب. دەۋام سەن گەيبى پۈشە
سەتتار دەپ بولدۇم خەمۇش، يادىڭ بىلەن بولدۇم فەنا.

ــ غەرىبى.

**خەمۇل** [خمول] (ئە) نامسز؛ يالغۇزلۇق، تەركمدۇنيالىق.

**خەممدە** [خميده] (پ) ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن:
ئەلىنى قەد ئېردى ئول بولدى خەممدە،
بۇ هاللارغا قالىپ مەجنۇن غەممدە.
— موللا فازىل.

**خەمىر** [خمير] (پ) 1› خېمىر 2› خېمىرغا ئوخشاش، يۇمشاق؛
هەرنەكىم كەلسە قەزادىن ئۆزنى چۈن تەسلىم ئېتەر،
هەجرىنىڭ پامالى فۇرقەتنىڭ خەمىرىدۇر كۆڭۈل.
— ناقىس.

**خەمىيازە** [خميازه] (پ) ئەسنەك:
سەفايى باتىن ئەيلەپ هەرنەفەستە تازە بولغايسەن،
مەئانى شاھىدىغە بائىسى خەمىيازە بولغايسەن.
— زەلىلى.

**خەنجەر** [خنجر] (پ) ئىككى تەرىپى بىسلىق پىچاق، خەنجەر؛
بۇ شەرت ئىلە خەنجەرنى ئالدى پەرى،
قىلىپ ئەھد پەيمان ئاڭا دىلبەرى.
— ئا. نىزارى.

**خەند** [خند] (پ) «خەندە»گە قاراڭ
ئالىپ باردى، قىلدى قولۇ پۇتنى بەند،
نەسىهەتلەر ئەيلەپ قىلار ئىدى خەند.
— نىزارى.

**خەند قىلماق** — يېقىملىق كۈلمەك:
ئالىب باردى، زىندان ئارا قىلدى بەند
كى سابىت بۇ ئىشقە قىلۇر ئېردى خەند.
—ئا نىزارى.

**خەندان** [خندان] (پ) كۈلگەن، كۈلۈپ تۇرغان هالەت، شاد - خۇراملىق؛
بۇ مەجنۇن ئۆپكىلەپ يىغلادى چەندان،
قىيامەتكىچە يوقتۇر ماڭا خەندان.
— موللا فازىل.

**خەندان ئەيلەمەك** — كۈلدۈرمەك، شادلاندۇرماق.

**خەندان بولماق** — كۈلمەك، شادلانماق:
گۈلىستانى ئەيش ئىچرە گۈل بىگىن خەندان بولۇپ،
لۇتفى بىرلە هافىزى مەيخارەنى ئاۋاز قىل.
— هافىز خارەزمى.

**خەندان ئوينىماق** — شاد - خۇرام كۈلۈپ ئوينىماق:
گەر باشىڭنى جەۋر مىقرازى بىلە كەسسە نىگار،
شەمئەتەك مەجلىس ئارا گىريانۇ خەندان ئويناغىل.
— هافىز خارەزمى.

**گۇلى خەندان** ــ هۇپپىدە ئېچىلغان گۇل:
غۇنچە تەك تار ئاغىزغە مەگزەگەن
گۇلىستان ئىچرە گۇلى خەندان قانى؟!
ــ هافىز خارەزمى.

**نارى خەندان** ــ ئېچىلغان ئانار گۇلى؛ يېرىلغان ئانار:
گۇلىستان بىرلە باغ ئىچرە كۇلە كىرىپ يۇزۇڭ ئاچسالڭ،
سالۇر ناز ئىچرە تۇرلۇ نار ئولدەم نارى خەندانىڭ.
ــ هافىز خارەزمى

**خەندانتەك** [خندانتیک] كۇلۇپ تۇرغاندەك؛ ئېچىلغاندەك:
نارى خەندانتەك كۆرۈنگەلى ئۇشانىڭ گۇل يۈزى،
ئوتىغە ئۆرتەر هەرنەفەس بۇ جانى ئەفگارىم مېنى.
ــ هافىز خارەزمى.

**خەندە** [خنده] (پ) كۇلكە، تەبەسسۇم:
ئېرۇر ئول خوجەمەن بىچارە بەندە،
خوشى بار شاد ئەيلەر خاھ خەندە.
ــ موللا فازىل.

**خەندەئەيلەمەك** ــ يېقىملىق كۇلمەك:
بۇ گۇلشەن ئىچىدىن چىقار بىر فىغان،
ئاڭا خەندە ئەيلەر هەمە بۇلبۇلان.
ــ ئا. نىزارى.

**شەكەر خەندە** ــ شىرىن، يېقىملىق كۇلۇش، كۇلۇمسىرەش:
نە خىزمەتلەر ئەتتى شەكەر خەندىغە،
كى شاهى سەرەندىب جىگەر بەندىغە.
ــ ئا. نىزارى.

**گۇلى خەندە** ــ گۇلدەك ئېچىلماق.

**خەندەئى** [خنده ] (پ) كۇلكە، تەبەسسۇم. قاراڭ: «خەندە»:
چۇ شەهزادە ئاڭلاپ قىلىپ خەندەئى،
كىيىب قاتىمۇ قات جامەلەر زىندەئى.
ــ ئا. نىزارى.

**خەندەئى هەيهاتۇ هەيهات** ــ ئەپسۇس ـ نادامەت كۇلكىسى:
كۇۋاهدۇر تەلبەئى مەجنۇن تۇغۇڭغە بارچە ئاياتىڭ،
يېتە هەردەم فەلەككە خەندەئى هەيهاتۇ هەيهاتىڭ.
ــ موللا نىياز.

**خەندەق** [خندق] (ئە) ئورا، دۇشمەن ئۆتەلمەسلىك ئۇچۇن قېزىلغان چوڭقۇر-
لۇق؛ قانال.

**خەندەناك** [خنداك] (پ) كۇلۇپ تۇرغان؛ مەسخىرە قىلىپ كۇلگۇچى، زاڭلىق
قىلغۇچى.

# بىبلىئوگرافىيە

## («بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 10 يىللىق 30 سانى ئۈچۈن)

